ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى

# تەنبىھات دەرۋىشىيە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئەمىر خسراۋ دېھلىۋىي

# تەنبىھات دەرۋىشىيە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت ئوسمان

مۇھەممەت ئوسمان ئەمىرى
AWT
穆罕默德·吾斯曼·爱美杰

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

**图书在版编目(CIP)数据**

虚心浪人的故事:维吾尔文/德里维著;穆罕麦德·乌斯曼整理.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2000.6
ISBN 7—5373—0790—3

Ⅰ.虚… Ⅱ.①德… ②穆… Ⅲ.故事—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I247.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第34312号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(地址:喀什市塔吾古孜路14号 邮编844000)
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168**毫米** 1/32**开本** 9.625**印张** 1**插页**
2000**年**7**月第**1**版** 2000**年**7**月第**1**次印刷**
**印数**:1——5110 **定价**:13.50 **元**

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1
بىرىنچى باب   گۇمبەزدىكى ئۇچرىشىش .............................. 2
ئىككىنچى باب   سودىگەرزادە ھېكايىسى .............................. 13
قەلئەدىن تاشلانغان قىز .............................. 18
بەزمىدىكى قىساس .............................. 46
مەلىكە بىلەن تاز .............................. 56
تۇزكورنىڭ ئۆلۈمى .............................. 64
غايىب بولغان مەلىكە .............................. 66
ئۈچىنچى باب   ئەجەم شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى .............................. 70
چۆلدىكى بوۋاي .............................. 77
تاۋۇت كۆتۈرگەن دىۋانە يىگىت .............................. 94
مۇسىبەتلىك مەلىكە .............................. 103
بەھزادخان باتۇر .............................. 113
تۆتىنچى باب   رۇم پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى .............................. 123
ناھەقچىلىككە كەتكەن ۋەزىر .............................. 125
شىجائەتلىك قىز .............................. 128
ۋاپاسىز قېرىنداشلار .............................. 145
ۋاپادار ئىت .............................. 155
زىنداندىكى شاپائەتچى .............................. 160





ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شىكاردىكى مەلىكە ..................... 170
دوزاختىن كەلگەن قاچقۇن ..................... 194
تىلسىمات شەھىرىنىڭ سىرى ..................... 201
دوزاختىكى كۈنلەر ..................... 205
بەشىنچى باب پارس پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى ..................... 213
ھاتەم بىلەن نەۋفىل ..................... 213
ساخاۋەتچى قىز ..................... 219
بەھرۇزنىڭ ھېكايىسى ..................... 227
قانخور ي [illegible] سىرى ..................... 231
غايىب بولغان گۈل ..................... 238
ئالتىنچى باب جىن شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى ..................... 260
تىلسىمدىكى مايمۇن ھەيكىلى ..................... 265
سۇچى بوۋاي ..................... 273
جىن چاپلاشقان شەھەر ..................... 279
جىن قولىدىكى قىز ..................... 289
يەتتىنچى باب مالىك شاھباز ھېكايىسى ..................... 295

# مۇقەددىمە

بۇ كىتاب دەرد ۋە ئەلەمدىن سۆزلىگەي ،
چەرخنىڭ يەتكەن سىتەمدىن سۆزلىگەي ،

فارسىي تىل ۋە يېزىقتىن ئۆزگىرىپ ،
تۈركىيغە تۈرك ۋە ئەجەمدىن سۆزلىگەي .

ئامۇخاس ئۇندىن نەسىھەتلەر ئېلىپ ،
ھەر كىشى ئۆزىنىڭ يولىنى كۆزلىگەي ،

ئۇشبۇ سەۋەبتىن كىتابىنىڭ نامىنى
« تەنبىھات دەرۋىشىيە » دەپ تۈرلىگەي .

AWT



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بىرىنچى باب

# گۇمبەزدىكى ئۇچرىشىش

ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر يەتكۈزگۈچى شېرىن سۆزلۈك تۇتىلار ، نۇتۇق چىمەنىنىڭ كۈيچى بۇلبۇللىرى ، سۆز - مەنىلەر خامىنىدىن باشاقلار تېرىپ ھېكايە قىلغۇچىلار ، گەپدانلىق - تىل گۆھەرلىرىنى تاللىغۇچى سەرراپلار ، مەنىلەر بازىرىنىڭ جەۋھەرشۇناسلىرى ، ئىشق دەرياسىنىڭ بايان تەلىماتچىلىرى :

« كىمكى ئاشىق بولسا ، ئۇ باشتىن - ئاياغ
تاپمىدى ئۆزلۈكىدىن ھەرگىز چاتاق »

دېگەنىدەك ، شەۋق قوزغاتقۇچى ھېكايىچىلار ۋە مۇھەببەت بېغىشلىغۇچى تەھقىقچىلەر تاتلىق جۈملىلەرىنىڭ بىباھا ئۈنچىلىرىنى گۈزەللىك تەھرىرىنىڭ رىشتىسىگە ئۆتكۈزۈپ ، بۇ شادلىق بىساتىدىن شېرىن سۇخەن ئىشتىكۈچىلەرىنىڭ زوقلىنىشى ئۈچۈن شۇنداق دەپتۇلەركى : قەدىمكى زاماندا رۇم مەملىكىتىنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى ، ئۇنىڭ پايتەخت قارارگاھى ئىستانبۇلدا ئىدى .

بېيىت

ئۇنىڭ شانۇشەۋكىتىدىن ئاي بولغان تەخت ،
شۇ ۋەجىدىن ئاتالغان ئازادە بەخت .

ئۇنىڭ خەزىنىسى شۇنچىلىك مول ئىدىكى ، گۆھەرلىرىنىڭ سان - ھۇدۇدىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ، سەلتەنىتى ئەمىر - ئەمىرا ۋە لەشكەرلىرىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن زىننەتلىنىپ ، ئۈستۈنلۈكتە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى .

رۇبائىي

جاھاندا يوق ئىدى ئۇنىڭدەك شاھى ،
ئادالەت بابىدا تەڭداشسىز داھىي .
بار ئىدى ئاتارۇت گويا سەركاھى ،
مىررىختەك ۋە يەنە يۈزمىڭ سىپاھى .

ئۇ ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىدە شاھلارنىڭ شاھى ( خاقان ) ئىدى ، مۆلايىملىق ۋە ياخشىلىق بابىدا كامىل ، ئەدلى - ئادالەت كەمەندى بىلەن جەبر - سىتەم كاسىپلىرى باغلاقلىق ، رۇم ۋە شام شەھەرلىرى بىلەن مەغرىب تەرەپتىن 100 شەھەر ئۇنىڭ ئىلكىدە پەرمانبەردار ئىدى . لېكىن ، بۇنداق بۈيۈكلۈك - مەرتىۋە ۋەجى بىر سائەتمۇ ئاللانىڭ ئىبادىتىدىن غاپىل بولمايتتى . ھەمىشە ئاق كۆڭۈل ، سېخىي ، ئالىيجاناب ، ھېچنېمىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان تۇرۇقلۇق ، يۈزلىرىنى قارا تۇپراققا سۈركەپ ، ھەددىسىز ئاجىزلىق ۋە تولىمۇ بەختسىزلىككە ئېچىنىپ ، ئالەم پاناھى پەرۋەردىگاردىن بىر پەرزەنت بېرىشنى ئىلتىجا قىلاتتى . « مەندىن كېيىن تاج - تەختىمگە ۋارىس بولسا » دەپ تىلەيتتى .

پادىشاھنىڭ كۈنلىرى مانا شۇنداق پەرزەنت غېمىدە ئۆتۈپ ، يېشى 50 كە يەتتى . ئۇ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ، سىلىق لەۋھە يۈزىدەك جاھان ئەينىكىنى قولىغا ئالدى - يۇ ، ئۆز جامالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى . ساقىلىدا نەچچە تال ئاق پەيدا بوپتۇ . بۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن شاھ تېخىمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى ، ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا كۆڭلىدە : « ۋادەرىخ ! پۈتۈن ئۆمرۈڭنى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خاراب ئەيلەپ، خەزىنە تولدۇرۇشقا سەرپ ئېتىپ، لەشكەرلەرگە كۆڭۈل بېرىپ، بۇ كەمگىچە ھېچقانداق ئارام ئالمىدىڭ، ئى جان! ئەمدى ھالىڭ نېچۈك؟ ئەجەلنىڭ قەستى توختاۋسىز قەدىمىنى ۋۇجۇدۇڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ، ئۆلۈم خەۋەرچىسى تىزىمىڭنى دەپتەردىن ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن يا ئەتە بىرەر سەۋەب بىلەن گۈزەللىك قامىتىڭنى زەئىپلىك سىپاھى ھۇجۇمىدىن توختىتىپ، ‹ئادەم تۇغۇلماق ۋە ئۆلمەك› نىداسى بىلەن قىچقىرىدۇ. ئۇ چاغدا خالامسەن ياكى خالىمامسەن بارماي ئىلاجىڭ يوق. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، بىر پەرزەنتىڭ بولغان بولساىدى، تەختىڭگە ۋارىسلىق قىلىپ ئولتۇرغان بولاتتى، مال - مۈلكۈڭ ۋە مەملىكىتىڭگە ھېچقانداق دۈشمەن كۆز تىكىپ ئاياغ باسالمايتتى!» دەپ ھەسرەتلەر چەككىنىچە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مەسنەۋى

ئەپسۇسكى، ئۆمۈردە ۋەپا يوق،
جاھان گەردىشىدە بەقا ① يوق.

دىدىمكى قىرىلىقىم قىلۇر پەست،
پەرزەنت ئوغۇل تۇتار ماڭا دەست ②.

ئوغلان تەختىمنى قولىغە ئالسا،
دۆلەت ئىشىنى يولىغە سالسا.

ئۆمرۈم چۈنكى خاراب ھال ئەبتەر ③،
بۇ كام ④ ئەمەس ماڭا مۇيەسسەر.

---

① بەقا — مەڭگۈلۈك، ئۇزاق ياشىماق، ئەبەدىي تىرىكلىك

② دەست — قول

③ ئەبتەر — قىسقا

④ كام — تىلەك، ئىستەك، مەقسەت، ئارزۇ

پادىشاھ غەم - قايغۇلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بىر خىلۋەتنى ماكان ئەيلەپ، ئۈچ كۈنگىچە ئەمىر - پازىللىرى بىلەنمۇ كۆرۈشمىدى، دۆلەت سەلتەنىتىدە ئولتۇرۇپ شاھلىق تەختىگە زىننەتمۇ بەرمىدى. ئۇ پەقەت دەرد ئاتەشىدە كۆيۈپ، ئاھ - نالىلەر چېكىپ دەملىرىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

بۇ خەۋەردىن ئەنسىزلىك تەشۋىشلىرى ئوردا ئىچىگە تارقىلىپ، ۋەزىر - ئەركان، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار بۇنىڭ بەرەر ئامالىنى تېپىش ئۈچۈن ھەرقانچە قىلىپمۇ ھېچبىر چارە تاپالمىدى.

ئوردىدا روشەنراي ئىسىملىك بىر ۋەزىر بولۇپ، پادىشاھ ئازادە بەختكە بەكمۇ سادىق، دۆلەت ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان، تەدبىرلىك زات ئىدى. پادىشاھمۇ بۇ ۋەزىرنى كۆڭلىگە يېقىن تۇتۇپ، خالىس دوستلۇقىنى قەدىرلەپ «ئاتا» دەپ چاقىراتتى. ۋەزىر روشەنراي ئەتراپىدىكىلەر يەتكۈزگەن تەشۋىشلىك خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن غەم - قايغۇلارنىڭ سەۋەبىنى بىلمەك ئۈچۈن ئاتلاندى. ئوردا ياساۋۇللىرى ۋە ئىشىك باقارلار ئۇنى پادىشاھنىڭ خاس سۆھبەتدىشى دەپ بىلگەچكە، ھېچقانداق توسالغۇلۇق قىلىشمىدى. ئۇ پەقەت خاس خانىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندىلا خاس خادىملاردىن كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. شۇئان پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ تونۇش ئاۋازى يېتىپ، ئىشارەت قىلدى.

روشەنراي پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل شەرىپىگە ئېرىشىپ، سەممىي تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇلبۇلدەك ئاۋازى بىلەن بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

شاھلىق دۆلىتىڭ ئۇزاق بولغاي يۈزمىڭ يىل،
ھەر يۈزمىڭنىڭ بىرى يەنە يۈزمىڭ يىل.
ھەر يۈزمىڭ كۈن ، ھەر كۈن يۈزمىڭ ئاي،
ھەر كۈن مىڭ سائەت، ھەر سائەت مىڭ يىل.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۇ رۇبائىيغا ئۇلاپلا يەنە مۇنۇ نەزمنى ئوقۇدى :

نە ئېشتىن گۈل چىرايىڭغا گۈلاپ ياشلار تۆكەرمىشسەن ،
يۈزۈڭ ئاپتابىغا شۇنچە يۇلتۇزلار تۆكەرمىشسەن .
سېنىڭ ھالىڭغا ئەل يىغلاپ كۆزلەر قان بۇلاق بولدى ،
سەۋەب نە ، مىسلىسىز غەمگە پېتىپ ئاھلار چېكەرمىشسەن .

— ئى شاھىم ، خالايىق غەم - ئەندىشە ئىلكىدە ناھايىتى مالالدۇر ، ئىلاھىم بۇ غەملەر ياخشىلىققا يۈزلەنگەي .

بېيت
يېمە غەمدىنكى ھەرگىز كەلمىگەي غەم ،
دېمە كىمدۇركى ھەرگىز بولمىغاي كەم .

شاھىم ، كۆڭۈللىرىنىڭ بۇنچە پاراكەندە ، بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلەلمىدۇق .

پادىشاھ ئازادە بەخت كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككىنىچە ئېيتتى :

— ئى ئاتا ، كۆڭلۈم شۇ سەۋەبتىن پەرىشان ، دىلىم غەملىك-دۇركى ، ئەزىز ئۆمرۈمنىڭ شۇنچە ئۇزاق مۇددىتىنى زايە ئېتىپ ، لەشكەرلىرىمنى نابۇت قىلىش بەدىلىگە خەزىنىلەرنى تولدۇرۇپ بۇ مەملىكەتنى تەسەررۇپىمغا كىرگۈزۈپتىمەن ، ھالىم بۇ دەرىجىگە يېتىپتۇ . پەرزەنتىم بولسا ئىدى ، مەندىن كېيىن تاج - تەختىمگە ئىگىدارلىق قىلىپ ، مال - مەملىكەتنى بەرپا قىلىشتا تارتقان رەنجۇمۇشەققەتلىرىم زايە كەتمەيتتى ...

روشەنراي شۇ كەمگىچە پادىشاھنىڭ بۇنداق ئېزىلىپ يىغلىغىنىنى كۆرمىگەن ئىدى . ئۇ نۇتۇق خەزىنىسىدىن ئۈنچىلەر تاللاپ ، پادىشاھقا

تەسەللى بېرىپ ئېيتتى :

— ئۆمۈر رىشتىلىرى ئۇزۇن بولۇپ ، دۆلەتلىرى ئەبەدىي داۋام قىلىپ ، مىسلىسىز تەرەققىي تاپقايكى ، بۇ چۈشكۈن خىياللىرى شەيتاندىندۇر . دەرگاھى قۇددۇس سۇبھانە جانابىنىڭ نېمەتلىرى قەدرىنى بىلمىگەنلىك بولۇر .

بېيت

شۈكرى نېمەت نېمەتنىڭ ئۇزۇن بولۇر ،
كۇپرى نېمەت ئىلكىدىن مەھرۇم قىلۇر .

شەھەر يار ، كۇفرى نېمەت دېگەن شۈكۈر ـ قانائەت قىلماسلىق بولۇپ ، ئاقىللار نەزىرىدە يامان كۆرىدۇ .

مىسرا

قىلمىغىل بۇ ئىش ، بۇ ئىشنى قىلماغىل .

ھەرقانداق نېمەتلەر ئۆز تەبىئىتىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى ، دۇنياغا مەڭگۈلۈك ، ھاياتقا ۋاپا بېغىشلىمايدۇ . پادىشاھلىققا ۋارىس ، تەختتە ئولتۇرغىلى كىشى بولمىسا بولمايۇەرسۇن ، ئىككى كۈنلۈك ھاياتلىق ئۈچۈن غەم يەپ نېمە كەپتۇ ؟ كەلگۈسىنى قويۇپ ھازىرقى ھاياتنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزمەكلىك كېرەك . ئاللا نېمەت ئاتا قىلغان ئىكەن ، ھەربىر نەپەسنىمۇ پاراغەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈش لازىمدۇر . ئەگەر پەرزەنت كۆرمەك تەلەپلىرى بولسا كېچىلەر تۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ ، سەھەر ـ كەچلەردە ئاللاغا تېۋىنىپ يىغلاپ مۇناجاتلار ئوقۇپ تىلىسىلە ، پۇقرالاردىن خەير ـ ساخاۋەتنى ئايىماي دۇئاسىنى ئالسىلا ، غېرىب ـ غۇرۋا ، دەرۋىش ـ مىسكىنلەرگە كۆپلەپ سەدىقە بەرسىلە ، قۇللارنى ئازاد قىلسىلا ، شۇنداق ساۋابلىق ئىشلار بەدىلىگە ئىككى ئالەم پاناھى سۇبھانە ۋەتەئالا دۇئالىرىنى ئىجابەت ئەيلەپ ، چىراغلىرىنى روشەن قىلغاي .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نەزم

سۇبھى چاغ سەرۋ تېلىغا بۇلبۇل قونۇپ ، شەيدا دېدى ،
رومكىنى تولدۇر شارابقا ، چىمەندە ئۇ بىر گۈل ئىدى .
قىل تاماشا كەلسە قولدىن ئەتىگە قويما ، ساقىيا ،
ئىچ شارابنى كېلەچەك ئىشنى ھېچكىم بىلمىدى .

ۋەزىر روشەنراي دىلنى يورۇتقۇچى ئاشۇنداق سۆزلىرى بىلەن پادىشاھنىڭ كۆڭۈل بوستانىدىن غەم ـ قايغۇلارنى كۆتۈردى . كۆڭلى تەسكىن تاپقان شاھ مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەرگە كىرىشىپ ، ۋەزىر ـ ئەمىرلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى . روشەنراي يەرنى ئۆپۈپ تۇرۇپ ئېيتتى :

ـــ ھەممەيلەن دۆلەتلىرىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن دۇئا تەلەپ بىلەن مەشغۇلدۇر . لېكىن ، بۇ دىلى سۇنۇق بىچارىلەر ئالىيلىرىنىڭ قەدەملىرىگە باش قويۇشتىن مەھرۇم قالغانلىق ۋەجىدىن كۆڭلى تولىمۇ يېرىمدۇر .

پادىشاھ پەرمان تەرىقىسىدە ئېيتتى :

ـــ خۇدا نېسىپ ئەتسە ، ئەتە ياخشى سائەتتە ئوردىغا يىغىلىپ ھەمسۆھبەتتە بولغايمىز .

روشەنراي خۇشال ھالدا پادىشاھ بىلەن خوشلاشتى .

مىسرا

تا جاھان ، باقىي جاھاندا تاپماغىل ، شاھا ، زاۋال .

پادىشاھ ئەتىسى ۋەزىر ـ ئەمىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوردا خادىملىرىنى قوبۇل قىلىپ مەجلىس قۇرۇپ ، دەيدىغانىنى دېگەندىن كېيىن ھەممىسىنى ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتۇردى . ئاندىن بىھۇدە غەم ـ قايغۇغا چۆككىنىگە ئۆكۈنۈپ ، جانابىي ئاللادىن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىدى . ئوردا ئۆلىمالىرىنى يىغىپ سۆھبەت ئۇيۇشتۇ-

روْپ ، غەم ـ قايغۇلاردىن يىراقلىششنى ئويلىدى . ئۇ كىتاب ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، كۆڭلىگە پىكىر كېلەتتى ـ يۇ ، شۇئان ئۆزىنى ئۇ خىيالدىن ياندۇراتتى . ئۇنىڭ نەزىرى تەپسىر كىتابىتىكى مۇنۇ قۇرلارغا چۈشتى : « ئەگەر كىمكى غەمگە مۇپتىلا بولۇپ ، ئاسانلىقچە قۇتۇلالمىسا ، قەبرىستانغا بېرىپ ، قەبرە ئىگىلىرىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ روھىغا بېغىشلاپ مەدھىيىلەر ئوقۇسا مەقسىتى ھاسىل بولغۇسىدۇر ، بۇ جەرياندا كۆز بۇلىقىدىن نەچچە تامچە ياش راۋان ئاقسا كۆڭۈل بوستانى تەسكىن تاپقاي . ئەگەر كىمنىڭ دىل قەسىرىگە خۇشال ـ خۇراملىق يۈزلەنسە ، قەبرىستانلىقتا كۆڭۈل كۆزى بىلەن قاراپ ، ئىلاھنىڭ ئەسەر ـ كارامەتلىرىگە نەزەر سالغاي ، بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ غاپىل دىلىنى خەۋەردار قىلىپ تەنبىھ ئالغايكى ، قەبرىلەرنى ماكان ئەتكەنلەر ئىلگىرى ئۇلۇغ شانۇشەۋكەت ئىگىلىرى ئىدى ، ۋاپاسىز دۇنيادا ئالتۇن ـ گۆھەرلەرگە بېرىلىپ خەزىنىلەر تولدۇرغان ئىدى . كۈنلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى . ۋاقتىكى ئەجەل ئۇلارغا ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچۈرۈپ ، دوست ـ يارەنلىرىدىن ۋە مۇڭداش ـ دىلكەشلىرىدىن جۇدا قىلىپ ، تار گۆرلەردە ياتقۇزۇپ بىچارە ئەيلىدى . ئەمدىلىكتە خەزىنىلىرىدىكى ئالتۇن ـ بايلىقلار ھېچبىر ئەسقاتماي ، ھەممىدىن كېچىپ ، ئەزىز ئۆمرىنىڭ يىراقىدا باشلىرىغا تۇپراقلارنى چېچىپ ، يىلان ، چۇمۇلىلەرگە يەم بولدى .

بېيىت

مەن يىغلادىمكى بىزگە شاھ بەرسە روزىگار ،

بۇ ئۆمۈر بىۋاپاغا ئەمەس ئېتىباركار .

ئېھتىمال بەزىدە ئېرىشكەن كىچىككىنە شاد ـ خۇراملىق كۆپلىگەن خاتىرجەمسىزلىك ۋە چوڭ چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلۇر . دانالار ئېيتىپتۇكى :



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بېيت

كەكلىك كۆلۈپ قەھ ـ قەھ قىلسا زەخمە ئەمەسمۇ ،
كىمكى كۆلسە ئارقىسىدىن يىغا ئەمەسمۇ » .

پادىشاھ ئازادە بەخت ئويلىدى : « قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغىلى ياخشىسى كېچىسى باراي ، كۈندۈزى بارسام قەبرىستانلىق لەشكەرلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ كېتىدۇ . ئۇ ھالدا ، ياراتقۇچىنىڭ قۇدرەت نىشانىنى بەندىلەرگە كۆرسىتىپ ، تىرىكلىك ۋە ئۆلمەكلىكتىن ئىبرەت ئالغىلى قويماس » . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قاراڭغۇ تۈن قارا لىباسىنى زېمىن ئۈستىگە يايغاندا ئۈستۋاشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، دەرھەم ـ دىنارلاردىن① بىر سىقىم ئېلىپ ئۆزى يالغۇز سارايدىن چىقتى ـ دە ، شەھەر سىرتىغا يول ئالدى . ئۇ قەبرىستانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، قەبرىلەردە ياتقۇچىلارنىڭ روھىغا خاتىرجەملىك تىلەپ فاتىھە ئوقۇدى ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋېتىپ بىردىنلا كۆردىكى ، بىر گۈمبەزنىڭ ئىچىدە نۇرلۇق چىراغ يورۇپ تۇرۇپتۇ . « قارىغاندا بۇ ماكاندا بىرەر غېرىب ياكى ۋەتىنىدىن ئايرىلغان مۇساپىر بىچارە ۋە ياكى خەلقتىن كۆڭلى ئاغرىغان دەرۋىشلەردىن بىرەرسى ، ئۇمۇ بولمىسا ئۆزىنى ئاللا يولىغا بېغىشلىغان زاھىت پاناھلانسا كېرەك » دەپ ئويلىغان شاھ گۈمبەزگە يېقىنلاپ بېرىپ ، تۆت دەرۋىشنىڭ جەندىلىرىنى يېپىنچاقلاپ چاسا گۈمبەزنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئۆز ئالدىغا تەپەككۇر قاينىمىغا چۆكۈشكىنىچە قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ جىمجىت ئولتۇرغىنىنى كۆردى . گۈمبەز ئىچى سۈكۈت ئىلكىدە ئىدى . چىراغ چوڭ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ ، ئولتۇرۇشقان دەرۋىشلەر يىراق يۇرت ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىش دەردى تۈپەيلى ئېغىر كۈلپەت ۋە كۈدرەت تۈپرىقى بىلەن مۇساپىرچىلىق دەشتىنى كەزگۈچى غېرىبلارنى ئەسلىتەتتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ جاھان ئىشلىرىدىن خەۋەردار

---

① ئالتۇن پۇل

كىشىلەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. پادىشاھ كۆڭلىدە: «بۇلار ئىش بىلگۈچىلەردىندۇر» دېگەننى ئويلاپ ئۇلگۈردى.

بېيىت

جەننەت يۈزى كۆرەي دېسەڭ خىزمەت قىلغىن دەرۋىشلەرگە،
ھەشەمەتكە ئىشەنمىگىن، «تووا» قىلغىن ئۆتمۈشلەرگە.

پادىشاھ: «ئەمدى بۇ دەرۋىشلەرگە ئىززەت نەپسىمدىن كېچىپ ھىممەت كۆرسەتسەم، بەلكىم تاقالغان ئىشىكلەر ئېچىلىپ، ئىشىم مۇۋەپپەقىيەت تاپقاي» دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىشكە تەمشىلىپ تۇراتتى، بىردىنلا ئەقىل قەسرىدىن ئاۋاز كەلدى: «ئى جاھىل! تونۇ-ماي، سىنىماي ھەم ئۆز پىرلىرىدىن قانداق تەلىم ئالغانلىقلىرىنى، ھىممەت قەدىمى قايسى يولغا تاشلانغانلىقىنى بىلمەيلا قېشىغا كىرەمسەن؟ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بەزى بۆرىلەر قوي سۈرىتىدە، بەزى دىۋىلەر ئىنسان سىياقىدا نىقابلىنىۋالىدۇ ...» دەل شۇ ئەسنادا دەرۋىشلەردىن بىرى قاتتىق چۇشكۈردى – دە، ئاللاغا شۈكرى ئېيتتى، يەنە بىرى قاتتىق سادادىن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى؛ ئۈچىنچىسى ئورنىدىن قوپۇپ چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. پادىشاھ ئازادە بەخت ئۆز – ئۆزىگە: «ئەمدى بۇلارنىڭ سىرى ئاشكارىلىنىدىغان بولدى، — دېدى – دە، گۈمبەزنىڭ قەبرىگە يانداش تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى، — قېنى كۆرۈپ باقايچۇ!»

پادىشاھ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى، دەرۋىشلەردىن بىرى ئۆلپەتلىرىگە ئېيتتى:

— ئى بۇرادەرلەر، بىز تۆتىمىز پەلەكنىڭ قىسمىتىدىن زىيدە بو-لۇپ، زامانىنىڭ تەتۈرلۈكىدىن ۋەتەنلىرىمىزدىن قوغلىنىپ ئاۋارىچىلىق تارتقان، ھەددى ھېسابسىز جەبىر – جاپالارنى چەككەن، مەجنۇنغا ئوخشاش چۆل – جەزىرىلەردە يۈرۈپ، گويا يۈگەنسىز كەلكۈندەك



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تىنىمسىز ئىقىپ، ھېچبىر ئارام ئېلىپ باقمىغانلار ئىدۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىر - بىرىمىز بىلەن ئۇچراشتۇق. لېكىن پەلەك گەردىشىدىن بۇ بىچارە باشلىرىمىزغا يەنە قانداق تۇپراقلارنىڭ ياغىدىغانلىقى، قايسى ھىيلە - مىكىر پىتنىسى بالا چاڭلىرىنى چاچىدىغانلىقى بىزگە نامەلۇم. نېمە سەۋەبتىن ئۆزىمىزنى غەم - غۇسسە ئازابىنىڭ دامىغا سېلىپ ئولتۇردىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ھەرقايسىمىز ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بايان قىلىپ كۆڭۈل ئاۋۇندۇرساق بولمامدۇ؟ بۈگۈن كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈۋالساق، ئەتە زامان قانداق بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ!

دەرۋىشلەر ھەمراھىنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى مۇۋاپىق كۆردى.

بېيىت

مەسلىھەت بىرلە قەدەم باس ئويلىنىپ،
بولمىسا مەغلۇپ بولارسەن تولغىنىپ.

— ئەڭ ياخشىسى گەپنى ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن باشلايلى، — دەپ ئېغىز ئاچتى بىرىنچى دەرۋىش، — شەرت شۇ بولسۇنكى، دېگەن سۆزلىرىمىزدىن راستلىق پۇرىقى چىقىپ تۇرسۇن.

شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى دەرۋىش كۆكلەم بۇلۇتىدەك ياش يامغۇرلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، سۆزمەن تۇتىلاردەك نەزم بىلەن سۆزىنى باشلىدى.



ئىككىنچى باب

# سودىگەر زادە ھېكايىسى

ئەزىزلەر ۋە دوستلار ، ئى مېھرىبانلار ،
مۇھەببەتلىك ھەممىشە جان فىشانلار ① .

سۇمبۇل چاچ ئۇچۇن باشىمدا سەۋدا ،
نېگە ۋەھشىي ئۇچۇن جان بولدى شەيدا ؟

دەرىخ ، كەلگۈنە ② ئول غەمزە ③ ئوقىدىن ،
يىقىلدىم قانغا ھەم كەتتىم ئۆزۈمدىن .

فىراقتىن دېمەسمەن ھال بۇدۇر ،
كۆڭۈل دەرد ـ ئەلەمدىن لەختە خۇندۇر .

ئى دەرۋىشلەر ، پاناھ جەندىسى بىلەن ئالدىڭلاردا ئېغىز ئېچىپ سۆزلىگۈچى كەمىنە ئەرزىمەس پېقىر يەمەن شەھرىدىن بولىمەن . ئاتامنىڭ ئىسمى خوجائەھمەد بولۇپ ، ئېتىبارلىق سودىگەر ئىدى ، كۆپ مالـدۇنياسى بار ئىدى ، سودىگەرلەرنىڭ تولىسى دەسمايىسىنى ئاتامدىن

---

① جان فىشان ـــ جانىنى پىدا قىلغۇچى
② كەلگۈنە ـــ كېلىۋاتقان كۈنلەر
③ غەمزە ـــ جىلۋە ، ناز ـ كەرەشمە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئالاتتى، شۇ ئارقىلىق سودا ـ سەپىرىنى قىلالايتتى. ئاتامنىڭ ئىككى پەرزەنتى بار ئىدى. بىرى مانا مەن ــ ئالدىڭلاردا ۋەزخانلىق قىلىپ تۇرۇپتىمەن. يەنە بىرى قىز بولۇپ، ئاتام ئۇنى هاياتلىقىدا ئەرگە بەرگەن ئىدى. مەن ئۆز ۋاقتىدا بايۋەچچىلەر قاتارىدا گىدىيىپ يۈرەتتىم. 10 يېشىمدا بۈزرۈكۋار ئاتامغا ئەجەللىك كېسەل تېگىپ، بىر ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا جان ئۈزدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، ھەقەمسايە، يار ـ بۇرادەرلەر جەم بولۇپ، ئاتامنى ياخشى تەرىقىدە ئۇزىتىشىپ بەردى. تاكى بىر ھەپتىگىچە يىغا ـ زار قىلىشتۇق. ئاتامنىڭ نەزىر ـ چىراغلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز مەنزىللىرىگە قايتىشتى. ئاتامنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ماڭا غېرىبلىق يېتىپ، كاتتا ئۆي ـ بىسات، خەزىنىلەرنى بېسىپ ياتقىنىمچە تەنها قالدىم. ئۇرۇق ـ تۇغقان ياكى ياتلار بولسۇن ھېچقايسىسىنىڭ يۈزىگە ئىشىك ياپمىدىم. كۆڭلىرىمنىڭ تولىسى ئېزىلىپ ياش تۆكۈش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى.

بېيىت

بىز قايسى خىيالدا، پەلەك قايسى خىيال،
كەلتۈرگەي خام خىيال كىشىگە ۋەبال ①.

ئادەم قىياپىتىدىكى شەيتانلار ھەممە يەردە بار ئىدى، ئۇلار بىر لوقما تائامنى رىزىق بىلىپ، يىل بويى بىر ئەسكى چاپانغا پۈركىنىپ يۈرەتتى. ئۇلاردىن بىرنەچچىسى ئاتامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تۆتىنچى كۈنى ئاڭلاپ فاتىھەگە كەلدى. ئۇلار: « خوجا قازا قىپتۇ، خوجازادە تېخى نادان » دەپ ئويلاپ، تەئزىيە ئېيتتى، ئاندىن مەن بىلەن تەڭ ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ يىغا ـ زار قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاھ ـ نالىلىرى ھەقىقەتەن تەسىرلىك ئىدى. بۇ فاتىھەچىلەر تەئزىيەت رەسىم ـ قائىدىسى ئاداسىدىن كېيىن ۋەز ـ نەسىھەتلەرگە ئېغىز ئاچتى:

ــ ئى خوجازادە،

---

① ۋە بال ــ ئاۋارىچىلىق، ئېغىر چىلىق

مىسرا

ھەر كىشى كەلسە جەھانغا ئاقىۋەت كەتمەك كېرەك .

بۇ ئالەمدە ھەممە نەرسە ۋاپاسىزدۇر . شۇڭا يىغلاپ نالە قىلماق پايدىسىزدۇر . ئاتا ـ ئانا ئۆلمەك ئەبۇلبەشەر ھەزرەت ئادەم ئەلەيھەسسەلاۋاتۇ ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىن تا بۇدەمگىچە مىراس قېلىپتۇر . ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭغا رىزىق بەرگۈچى ، ئاۋۋىلى ـ ئاخىرى ئوخشاش نۇقسانسىز ئاللاتائالادىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىقتۇر . ئىلاھا ئامىن ، سالامەت بولغىن ! دۇنيادىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئەرۋاھلىرىنى دۇئا ۋە فاتىھە بىلەن ياد ئېتىپ ، ئۇلارنىڭ باقىي ئالەمدە نىجات تاپمىقى ئۈچۈن سەدىقە ۋە ھەدىيە بەرمەك كېرەكتۇر .

ئۇلار مۇشۇنداق سۆزلەرنى بايان قىلىپ ماڭا تەسەللى بەردى . ئى دەرۋىشلەر ، ئېيتماقچى بولغىنىمنىڭ قىسقىسى شۇكى ، ئۇلارنى جان ـ دوست ساناپ ، بار ـ يوقۇمنى ئالدامچىلىق سۆزلىرىگە تېگىشتىم،ئەپسانە ـ ئەپسۇنلىرىغا ئالدىنىپ ، پايدىسىز ئىشلارغا بېرىلدىم . شۇندىن ئېتىبارەن غەپلەت ئۇيقۇسى مېنى ئىلكىگە ئالدى . ھەمىشە گۈزەل ، ئاي رۇخسارلىق ئوغۇل ـ قىزلار بىلەن ئويۇن ـ تاماشالارغا بارار ئىدىم ، قوشاقچى ، سازەندىلەرنىڭ ئويۇن ۋە نەغمە ـ سازلىرىغا قۇلاق سېلىپ ، مەست ـ بىھوشلۇقتا ئۆتەر ئىدىم . ئۈچ يىلغىچە كۈنلىرىم مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى . ئۆمرۈمنى زايە ، مال ـ مۈلكۈمنى نابۇد قىلدىم . ئاتامدىن 40 مىڭ تۈمەن مال ـ دۇنيا قالغان ئىدى . ئەھلى بۇرادەر ۋە ئالدامچىلارغا سەرپ قىلىپ ، غۇلام ۋە چاكارلارغا خالىغانچە خەجلەپ بېرىپ ، ئاخىرىدا بېشىمدىكى كونا قالپاق بىلەن ئۇچامدىكى يىرتىق توندىن باشقا نەرسە قالمىدى ، سورۇلۇپ تۈگەشتىم . ھەزرەت شەيخ بۇ ھەقتە ئېيتقانكى :

بېيىت

دۆت كىشى كۈندۈزدىمۇ ئايدىڭ چىراغنى يورۇتۇر ،
كەچ چىراغنىڭ يېغى قالماي قاراڭغۇلۇق ئىچرە ياتۇر .



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۆچ كىچە - كۈندۈز ئاچ - زىرىن قىلىپ ، تەشنالىقتىن لەۋلىرىمۇ قۇرۇپ ، كۆزلىرىمنىڭ قارىقى كەينىگە تارتىپ خاراب بولغىنىمچە بىر ئەسكى مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئولتۇردۇم ، تاشقىرىغا چىققىلى يۈزۈم چىدىمىدى . تۆتىنچى كۈنى تاقىتىم تاق بولدى ، چۈنكى ئاچلىق لەشكىرى قانائەت مەملىكىتىنى بۇلاپ ، سەۋر - تاقەت لەشكىرىنى مەغلۇپ قىلغان ئىدى . شۇنىڭ بىلەن مەسچىتتىن چىقىپ : « قايان بارارمەن ، كىمگە ئىلتىجا قىلارمەن » دەپ ئويلاپ ، بىردىنلا قېرىندىشىم (ئاچام )نى ئېسىمگە ئالدىم . ئى دەرۋىشلەر ، بۇ هالدا مەندىن قانائەتسىزراق كىشى يوق ئىدى . چۈنكى ئىلگىرى ئاچام مېنى تەكلىپ ئېتىپ كىشى ئەۋەتىپ : « ئىنىم ئۆچۈن جېنىم پىدا بولسۇنكى ، سەن ئاتا - ئانامنىڭ يادىكارى ، سەندىن باشقا هېچكىمىم يوق . غەمكىن كۆڭلۈمگە ئارام بەرگۈچىسەن . كېچە - كۈندۈز مەشۇق بىلەن بولۇپ هەرگىز ئايرىلمايسەن . هۆرمىتىڭنى قىلىپ قېشىڭغا بېرىشىم كېرەك ئىدى . ئەگەر جاپا كۆرمىسەڭ ، كەمىنە غەمكىن ئاچاڭنىڭ ئىلتىماسىنى ئىلىك ئېلىپ ، كۆزىنى جامالىڭ نۇرى بىلەن روشەن قىلغىن » دېگەن ئىدى . مەن كەلگۈچىگە بارالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قايتۇرغان ئىدىم . ئى دەرۋىشلەر ، شۇ ئەھۋالغا قالغاندا ئاچام تەرەپكە يۈزلەندىم . ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ دەرۋازىسىنى قاققان ئىدىم ، ئاچام ئالدىراپ ئالدىمغا چىقىپ بۇ تەقى - تۇرقۇمنى كۆرۈپ هۆركىرەپ يىغلاپ ، ياقىسىنى يىرتىپ ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ، مەيدىسىنى مۇشتلىغىنىچە كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى ، يۈزلىرىمگە سۆيۈپ ، ئۆيىگە باشلاپ تائام يېدۈرۈپ ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى . نەچچە كېچە - كۈندۈزنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزدۈم .

بىر كۈنى ئول ئاقىل هەمشىرەم ( ئاچام ) دېدىكى :

— ئى قېرىندىشىم ، بىلەمسەن ، ئەر كىشىنىڭ ئۆيدە ئولتۇرمىقى ناهايىتى قىيىندۇر . بولمىسا ئايىغىڭدا جېنىمنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىدىم . باشقىچە ئويلاپ قالمىغىنكى ، ئەمدى شەھەردە تۇرۇۋەرمەي ، ئەلۋەتتە ،

بىرەر سەپەرگە چىقمىقىڭ لازىم . بىرنەچچە زامان غېرىبلىق ۋىلايەتلىرىدە يۈرۈپ ، بۇ ئالەمدىكى ئىسسىق – سوغۇق ، قاتتىق – يۇمشاقنىڭ تەمىنى تېتىغايسەن . چۈنكى سودىگەرنىڭ ئېتىبارى سەپەردىن كېلۇر . دېمەك ، سەپەر قىلسالىڭ ئاندىن ئېتىبارلىق يىگىت ھېسابلىنىسەن . بۇ ئەپتىڭدە خەقلەر سېنى بىكار يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزگۈچىكەن دەيدۇ .

مەن جىم تۇردۇم ، ھەمشىرەم ئورنىدىن قوپۇپ ، بىر كاسا ئالتۇن — بەش مىڭ تىللانى ئالدىمغا قويدى – دە :

— ئى ئىنىم ، بۇنىڭدىن زىيادىراقمۇ بېرەر ئىدىم . ئەمما ئەندىشە قىلىمەنكى ، ئەگەر ياخشى ساقلىسالىڭ ئۇشبۇ مىقدارىدىكى سەرمايە يېتەرلىكتۇر ، ئەكس ھالدا مەنپەئەت ئىستىمىسەڭ يۈزمىڭ تىللامۇ ھېچنېمىگە يەتمەس . ئى ئىنىم ، ئۇشبۇ كۈنلەردە سودىگەرلەرنىڭ بىر جامائەسى شام ۋىلايىتىگە سەپەرگە جابدۇندى . سەنمۇ بۇ ئالتۇنلارغا مال ئېلىپ بىرەر ئېتىبارلىق سودىگەرگە ھاۋالە قىلىپ ھەمراھ بولغىن . ئۇ سېنى شام ۋىلايىتىگە يەتكۈزگەي . بىرنەچچە ۋاقىت ئۇ يەردە تۇرۇپ كارۋانلار بىلەن تېپىشىپ بۇ ئالەمنىڭ راھىتىنى كۆرگەيسەن ، — دېدى .

ئى دەرۋىشلەر ، ئاچامنىڭ سۆزى بىلەن كېرەكلىك ماللارنى ئېلىپ ئىشەنچلىك كىشىگە ھاۋالە قىلماق ئۈچۈن تىرىشتىم ، تا بىر كىچە مۇشۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، كارۋانلار يولغا چىققۇچە ئاچامنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇردۇم . نامۇۋاپىق كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىمگە پۇشايمانلار قىلدىم . ئاندىن ئات ، يول خەجى ، كىيىم – كېچەكلىرىمنى كارۋانغا تاپشۇرۇپ ، ئاچام بىلەن خوشلىشىپ شام تەرەپكە راۋان بولدۇم . يول ئۈستىدە سىلەرگە سۆزلەپ بەرگۈدەك ئىش يۈز بەرمىدى . ئۇزۇن مەنزىللەرنى بېسىپ ئاخىرقى كۈنى كۈن ئولتۇراي دېگەندە شام شەھىرىنىڭ چەت تەۋەسىگە يەتتىم . سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن تاقىتىم تاق بولغان بولسىمۇ « بۇ يەردە توختىسام بولماس ، كېچىچە يۈرۈپ شەھەرگە يېتىۋالايمەنمۇ » دەپ ئويلاپ ، يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ يېرىم كېچە بولغاندا شەھەر قەلئەسىگە يېتىپ باردىم . بۇ چاغدا شەھەر



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دەرۋازىسى تاقىلىپ ، كوچىدىن ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەن ئىكەن ، ئەمما ئالەم ئايىنىڭ نۇرىدىن تونەك كېچىسىدەك روشەن ، يۇلتۇزلار شولىسىدىن نۇر ئېمىپ گۈزەل تۇسكە كىرگەن ئىدى . مەن بولسام كۆتۈپ تۇرغان ئازاب مۇقەددىمىسىنىڭ ھېكايىسىدىن تېخىچە بىخەۋەر ئىدىم .

بېيىت

يۈزىنى يۇيۇپتۇ گۈل سۈيىدە تون ،

ئۆزگە نۇر ئالدى قىز يۈزىدىن كۈن .

## قەلئەدىن تاشلانغان قىز

كېچىدە بىر خەندەكنىڭ بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ كۆردۈمكى ، شەھەر قورغىنىنى ناھايىتى ئېگىز ئىكەن . ئويلىمىغان يەردىن كۆزۈم بىردىنلا بىر ئادەمگە چۈشتى . ئۇ قورغاننىڭ بىر چېتىدىن چىقىپ بىر ساندۇقنى يەرگە سىيرىلدۇردى ، ساندۇق خەندەكنىڭ بويىغا يەتكەندە قولىدىكى ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى قويۇۋەتتى . ئويلىدىمكى ، بۇ ئادەم بىرەر باينىڭ خەزىنىسىگە تەگكەن ياكى سودىگەرلەر ياتقان ھۇجرىغا ئوغرىلىققا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن . ئېھتىمال ئۇ يەنە بىرنەرسە ئەكەلگىلى ماڭدى بولغاي . شۇنداق گۇمان بىلەن بىردەم كۈتۈپ ئولتۇردۇم ، لېكىن ئۇ ئادەم كەلمىدى . كۆڭلۈمنى « بەلكىم بۇ نېسىۋىنى خۇدايىتائالا ماڭا ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ . مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئاتاقلىق بايلاردىن بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس » دېگەن خام خىيالغا ئەسىر بېرىپ ، ۋەسۋەسە ئىچىدە تەمە يەمچۈكى بىلەن غەم تۇزىقىغا ئىلىندىم .

نەزم

تەمەدىن نېرىلىق ئەرلەر ئىشىدۇر ،

تەمە قىلماق ئەلەمنىڭ خاھىشىدۇر .

ئەمما ، ئى دەرۋىشلەر ، قازاغا چارە يوق . تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولماس .

بېيىت

قازا چۈن پىتىننى تەقدىردىن ئالسا ،
بولۇر كور ئاقىل ھەرقانچە بولسا .

ئالتۇن - تىللانىڭ تەمەسىدە خەندەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ، ساندۇق تامان ماڭدىم . ساندۇقنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ ، ئاللادىن بەختىمنى تىلەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ، ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىگە قارىدىم .

بېيىت

قان بىلەن غەرق بويىلىپتۇ سەرۋ قامەت بىر نىگار ،
چالا ئۆلۈك توز كەبى جىسمى ئۇنىڭ يۈز يارىدار .

ئاق تېنى گۈلدەك بويىلىپ بوپتۇ قىزىل لالىزار ،
كۆرۈپلا كەتتى قولۇمدىن كۆزلىگەن مەقسەت بىكار .

ئى دەرۋىشلەر ، ئۆمرۈمدە بۇنداق ھالنى كۆرۈپ باققان بولسام كاشكى ، ساندۇق ئىچىدە ئاي يۈزلۈك ، سۇمبۇل چاچلىق ، قەددى قالتىس كېلىشكەن ، جاھانىنىڭ جانى ، جانىنىڭ جاھانى بىر نازىنىن سەنەم يېتىپتۇ . ئۇنىڭ نازۇك بەدىنى جاپا خەنجىرىنىڭ زەخمى بىلەن مەجرۇھلىنىپ ، ئۇستىۋاشلىرى قان بىلەن بۇلغىنىپ ، گۈل رۇخسارى ئەرغەۋان دەرىخى گۈلىدەك قىزىل تۈسكە كىرىپتۇ . كۆز بۇلاقلىرىنى قىياقتەك كىرپىكلەر يېپىپتۇ . پەرى پەيكەرنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ : « ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچكەن ئوخشايدۇ » دەپ گۇمان ئەتتىم .

ئى دەرۋىشلەر ، ئول بەختسىز نازىنىننىڭ ئاغرىق ئازابىدىن ئاچچىق تولغىنىپ ، نالە - پەريادلىق ئىڭرىغىنىنى كۆرۈپ ، ئۆزۈمنى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

يوقاتقان هالدا دېدىمكى :

بېيت

بىر كۆرۈپ گۈزەلنى مايىل بولدى دىل ،
تۇزاققا ئىلىنىپ لال بولدى ھەم تىل .

پەلەك يۇلتۇزىنىڭ مىسلىسىز جامالى ۋە ئىقبال شەرىپىنىڭ ئەۋجىگە رەھىمسىز كېلىپ كۆڭلۈم مالال بولدى . ئىچىمدە : « ئاجىزەنى قايسى نائەھلىنىڭ قولى بۇنداق ئۇۋالچىلىققا دۇچار قىلغاندۇ ؟ ئۇنىڭغا قايسى تاش يۈرەك بۇنداق زۇلۇم تىغى ئۇرغاندۇ ؟ قايسى زالىم ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ گۈلنى رەھىمسىزلىك بىلەن چەيلىگەندۇ ؟ » دەپ ھەسرەتلەر چېكىپ ، بىچارىنىڭ ئەھۋالىغا باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكمەكتە ئىدىم . ئۇ بىردىنلا ھوشىغا كېلىپ ، مېنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازىمنى ئاڭلىدى بولغاي ، ھەسرەت نالىسى بىلەن ئېيتتى :

— ئى يار ، نامۇۋاپىق دىلئازار ، ئى زالىملىقتا ئۇچىغا چىققان رەھىمسىز ستەمكار ! بۇ بەرگەن تۇزۇمنىڭ ھەققىنى ساقلىغىنىڭمۇ ياكى مېھرىبانلىقنى بەجا كەلتۈرگىنىڭمۇ ؟

بېيت

جازا بەردىڭ يامانلىق ـ ياخشىلىققا ،
كۆرۈپ تۇرغىن پاتارسەن ھەم پېتىققا .

قايسى جەھەتلەردىن بۇ ياخشىلىقلىرىمنى ئۇنتۇدۇڭ ۋە ئۆمۈر چىرىغىمنى ياشلىقىمدا ئۆچۈرمەكچى بولدۇڭ ؟ دانالار ئېيتقانكى :

بېيت

يامانغا ياخشىلىق قىلماقلىق يامان ،
يامانلار ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ ھامان .

كىمكى يامانغا ياخشىلىق قىلسا رەنج ـ بالا كۆرمىكى بەرھەق . ئى دەرۋىشلەر ، مەن بېشى قايغان ۋە ھەيرانلىقتىن كۆڭلى يەتكۈچە ئازار يې‍گەن دىلخەستە پەرىشتەنىڭ شىرىن زۇۋان بىلەن قىلغان نالىسىنى ئاڭلاپ بىردىنلا كۆڭلۈم ئېرىپ ، ياش كەلكۈنىنى كىرپىك تۇغانى بىلەن توسقان ھالدا دېدىمكى :

— سېنى بۇ ئەھۋالدا كۆرگەندىن كۆرە ، كۆزلىرىم كور بولغان بولسا بولماسمىدى ، ساڭا سانجىلغان تىكەنلەر بەدىلىگە يولۇڭدا قوللىرىم كېسىلگەن بولسا بولماسمىدى ؟ ئەمدى سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن باشقىنى خىيال قىلىدىغان بولسام دارغا ئېسىلىپ شەرمەندە بولاي !

ساندۇق ئىچىدىكى ئول ئاي يۈزلۈك نازىنىن ئاۋازىمنى ئاڭلاپ :

— كىمدۇرسەن ، نېمە ۋەجىدىن بۇنداق نالە قىلىسەن؟ — دېدى.

دەرھال جاۋاب بەردىم :

بېيىت

غېرىب تاشلاندۇق ۋەيران بولغانمەن ،
زەئىپ ۋە مۇپتىلا دەردكە تولغانمەن .

ئى نازىنىن ، پېقىر قۇل يەمەن شەھىرىدىن بولىمەن . سەنمۇ مەلۇم قىلغىنىكى ، قايسى چىمەننىڭ گۈلى ۋە قايسى مەجلىسنىڭ شامىدۇرسەن ؟ بۇ زۇلۇم ـ ستەمنى خۇدايىتائالادىن قورقماي ساڭا كىم راۋا كۆردى ؟

نازىنىن ئىچ ـ ئىچىدىن ئاھ تارتىپ شۇنداق دېدى :

بېيىت

كۆڭۈل دەردىم بايان قىلسام بۇ دەردىمگە ۋەلى يەتمەس ،
پەلەك تەتۈرلۈكىنى ، كۆر ، تۆكۈلسە قان پىسەنت ئەتمەس .

ئى مەرد يىگىت ، سەندىن ئۆتۈنەيكى ، مېنى تۇپراققا تاپشۇرغىن ،



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مېنى كۆرمىگەن بول ۋە ھېچكىمگە بۇ ماجىرانى ئەبەدىلئەبەد ئېيتمىغىن ، مەن غېرىبنىڭ سىيما نەقشىنى خاتىرەڭ سەھىپىسىدىن ئۆچۈر ، خۇدايىتا- ئالا ساڭا بۇ ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە ئەجىر ئەزىم بەرگەي .

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا يەنە ھوشىدىن كەتتى . مەن بۇ ئىشتىن گاڭگىراپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم . ئەقلىم گاھ قاچىدىغان يولنى ئىزدەيتتى ، گاھ ئىشق يولىغا قەدەم تاشلاشقا ئۈندەيتتى . ئاخىرى ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىم : « بارلىقىڭنى بۇ ئىشقا ئاتىمساڭ ، قانداقمۇ ئاشىقلار قاتا- رىدىن ئورۇن ئالالايسەن ؟ »

بېيىت

كىم ئول سابىت قەدەمدۇر ئاشىقدۇر ،

چىن ئاشىق كۆڭۈلنىڭ سادىقدۇر .

دەر مەھەل ئىشق شاھى كۆڭلۈمنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ، رايىم ئۇنىڭغا قارار تاپتى . « بۇ مەجرۇھ گۈزەلنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ داۋا- لىتىش ئىلاجىغا تىرىشىپ كۆرسەم ، خۇدا شىپالىق بېرىپ ساقىيىپ قالسا ، كۆڭۈل ئازارى يېنىكلەپ ، ۋەيران قەلبى ئەسلىگە كېلەرمىكىن » دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ تىرىكلىكىدىن خەۋەر ئېلىپ تاڭنى ئىنتىزارلىق ئىلكىدە كۈتتۈم . ئاخىر تاڭ ئېتىپ شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلدى . سەھرالىقلار شەھەر دەرۋازىسىدىن قىستىلىپ كىرىشكە باشلىغاندا ، ساندۇقنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاتنىڭ ئۈستىگە ئالدىم - دە ، تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇلارغا قوشۇلۇپ شەھەر ئىچىگە كىردىم . لېكىن ، كۆرۈپ باقمىغان شەھەرنىڭ قەيىرىگە بېرىپ ، قايسى مەنزىلگە چۈشۈشۈمنى بىلمەيتتىم . بىركەمدە مەشرىق قىزىرىپ جاھان يورۇدى . ئىچىمدە ئاللادىن ئۈگۈشلۈق تىلىمەكتە ئىدىم . بىردىنلا ئۇلۇغ تەرەپتىكى كارۋان سارايىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى . ئې- تىمنى ساراي ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ سارايۋەنني چاقىردىم ۋە ئورۇنلىشىش ئۈچۈن خاس ھۇجرا سوراپ ئېلىپ ، ساندۇقنى جايلاشتۇردۇم . ئاتنى

بەش تىللا بىلەن سارايۇەنگە تاپشۇرۇپ ، يەم ـ خەشكىدىن خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدىم . ئاندىن ھۇجرىغا كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ ، پۈتۈن ئەس ـ مەيلىمنى ئول زىبانىڭ ھاياتلىق سەرمايىسى ئۈچۈن جەمئىي قىلىپ ، ئۇنى ساندۇقتىن چىقاردىم ـ دە ، يۇمشاق سېلىنچا ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ ، تېۋىپ دۇكىنى ئىزدەپ ماڭدىم . يېقىنلا يەردە بىر تېۋىپ دۇكىنىنى بايقىدىم . تېۋىپ كېسەل داۋالاش بىلەن بەنت ئىدى ، بىرنەچچە شاگىرتلىرى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەر خىل دورىلارنى ياساۋاتاتتى . تېۋىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەجا كەلتۈردۇم . ئۇ سالىمىمنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن ئېيتتى :

— ئى ئوغلۇم ، نېمە ھاجىتىڭ بار ، بۇيرۇغىن .

— بىر ئاغرىق كىشىم بار ئىدى ، — دېدىمەن ، — ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆيدىن تاشقىرىغا چىقالمايدۇ ، ئېلىپ كېلىشكە ھەم ئاجىزمەن . ئەگەر ئۇنى كۆرۈپ بېقىشقا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ، داۋالاپ قويسىلا يېتەرلىك ئەجىر ھەققى بەرگەن بولاتتىم .

تېۋىپ رازىمەنلىك بىلەن كېلىپ ، تۆشەكتە ياتقان كۆمۈش بەدەننى كۆرۈپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، ھەسرەت بىلەن قولنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئارقىدىن پۈتۈن كۆچىنى جەملەپ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە بىر كاچات ئۇردىكى ، ئۇنىڭ « لەززەت »نى ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقارغىنىم يوق . شۇئان كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى : « بۇ ئادەم ئول گۈل چىرايىنى تونۇپ قالغان ئوخشايدۇ » دەپ ، جېنىمدىن قولۇمنى يۇيۇپ ، 100 تۈرلۈك سىياسەت ۋە رىيازەتكە بېلىمنى باغلاپ ، رەسۋالىق خورلۇقى بىلەن ئۈندىمەي ئولتۇردۇم .

تېۋىپ غەزەپلەنگەن ھالدا دېدى :

— ئى زالىم تاش يۈرەك ! مۇشۇنداق گۈزەلنىڭ بېشىغا قانداقلارچە بۇ بالالارنى كەلتۈردۈڭ ؟

مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تۇرۇپ قولىغا سۆيدۈم ، پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ ئېسەدىگىنىمچە ئېيتتىم :



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— ئى هاياتلىق شامىنى ياققۇچى ، خۇدانى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىمەنكى ، بۇ زەخىملەرنى ئۇنىڭغا مەن ئۇرمىدىم . مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن ئىشلار ھېچكىمگە نېسىپ بولمىسۇن . بۇ بىچارە مېنىڭ ھەمشىرەمدۇر ، ئەسلىي مەن يەمەن شەھىرىدىن بولۇپ ، بەيتۇلمۇقەددەسنى تاۋاپ قىلماق ئىرادىسى بىلەن ئاتا - ئانام ، ئەل - ئاغىنە ، دوستلىرىم ۋە يەمەنلىك بىر-مۇنچە جامائەت بىرگە كېتىۋاتقان ئىدۇق . كۆتۈلمىگەندە ھەممىمىز قاراقچىلارغا يولۇقتۇق . مەن چاققانلىق قىلىپ ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم . قاراقچىلار دوستلىرىمنىڭ پۇل - ماللىرىنى بۇلىدى ۋە ئۇلارنى ئۇردى . ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن دىلىم كاۋاپ ، كۆزلىرىم قان - ياشتىن بۇلاق بولۇپ ، ئاران تەستە كارۋانغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقان ئىدىم ، بىردىنلا بىر قاتىللىق مەيدانىغا كۆزۈم چۈشتى . قارىسام خېلى كۆپ ئەزىزلەر ئېغىر زەخىملىنىپ قان تۇپراققا ئۆزىنى تاشلاپ ، جانلىرىنى ئۆلۈمگە ئاتاپ چۆلدە مەلەقتەك يېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھەسرەتلىك نالە - زار قىلىۋاتقان بۇ ھەمشىرەمنى يېرىم جان يىقىلغان ھالەتتە تاپتىم . شۇ ھامان بېشىنى قۇچىقىمغا ئېلىۋېدىم ، تەستە كۆزىنى ئېچىپ مېنى تونۇپ :

— ئى بۇرادەر ، ھازىر يىغلاپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئەمەس ، — دېدى .

بۇ بىر ئېغىز گەپ مېنى سەگىتتى ، دەرھال بىر ساندۇق تېپىپ ئۇنى ئىچىگە ياتقۇزۇپ ، ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتتىم - دە ، تاڭ ئاتقۇچە يۈرۈپ شەھەرگە يېتىپ كېلىپ بۇ سارايغا چۈشتۇم .

باياننى ئاڭلاپ تېۋىپنىڭ روھى كەيپىياتى سەل ئورنىغا چۈشتى . ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش بىلەن ئېيتتىم :

— ئى ئاتا ، ئەگەر سىلىنىڭ قوللىرى بىلەن بۇ زەئىپ ساقىيىپ قالسا ئەجىر ھەققىلىرى ئۈچۈن خالىغانلىرىنى بېرىمەن ، خۇدايىتائالامۇ ئەجىر ئەزىم بەرگەي .

تېڭىقچى تېۋىپ نېسى ۋەدىنى ئاڭلاپ :

— ئى ئوغلۇم ، كىشى بۇ جىسمىنىڭ تەركىبىگە قول تەگكۈزسە

ئۇنىڭ قىينىغا شېرىك بولغاي ، ــ دەپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى .

بۇ ھالدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم . بىچارە مەجرۇھنىڭ نالە ـ زارىغا چىدىماي ، بىردەم قولىغا ، بىردەم پۇتىغا سۆيەتتىم .

بېيىت

ساقايماقتىن ئۈمىدنى ئۈزمە زىنھار ،
ئەجەب ئەمەس شىپا تاپساڭ ، ئى نىگار .

« يەنە بىر قېتىم يالۋۇرۇپ باقسام رەھمى كېلىپ داۋالاپ قويارمىكىن » دېگەن ئۈمىدتە تېۋىپنىڭ كەينىدىن كارۋان سارايدىن چىقىپ قارىسام ، يۇرتۇمدىن چىقار ۋاقتىمدا بىر سىگە ھاۋالە قىلغان ماللىرىم يېتىپ كەلگەنلىكى ئايان بولدى ، ۋۇجۇدۇمنى شادلىق قاپلىدى . ئى دەرۋىشلەر ، ھېلىقى تېۋىپ مېنى قۇرۇق قول كۆرۈپ ، كېسەلنى داۋالاشتىن باش تارتقىنى ئېنىق ئىدى . خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ماللىرىمنى ئېلىپ كەلگۈچىدىن سالامەت تاپشۇرۇپ ئالدىم . جانابىي ئاللاغا شۈكرى بەجا كەلتۈرۈپ ، ماتالىرىمدىن بىرنەچچىنى كۆتۈرۈپ تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا يەنە كەلدىم .

ــ ئى تېۋىپ ، بايا ئۆزلىرى سارايىنىڭ ئالدىدا كۆرگەن ماللارنىڭ ھەممىسى مېنىڭكى ، ــ دېدىم ئۇنىڭ قەدەم ھەققى ۋە ئەجرىنى بېرىپ ، ــ ئىلدامراق بولۇپ ، خەنجەرنىڭ زېدىلىرى جاننى ئالغۇچە ئىلاجىنى قىلسىلا .

تېۋىپ كارۋان سارىيىغا كېلىپ ماللىرىمنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى . ئاندىن دەرھال بىر قازان تاپتۇرۇپ سۇ ئىسسىتىپ ، كۆمۈش بەدەننىڭ جاراھەتلىرىنى پاكىز يۇيۇپ ، زەخىملەرنىڭ تىككىشكە تېگىشلىكلىرىنى تىكتى ۋە مەلھەم دورىلارنى قويۇپ تاڭدى .

ــ ئى ئوغلۇم ، كۆندە ئىككى مەرتە دورا يەڭگۈشلىگىلى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كېلىمەن ، ــــ دېدى ، ئاندىن ماڭا تاپىلىدى ، ــــ سەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالغىنىڭكى ، ھەرگىز ھەرىكەت قىلمىغاي ، بولمىسا تىكىش سۆكۈلۈپ كې- تىدۇ . بىدامۇشىك ۋە ئېرىغ بىدانى ① يۇزىگە ھەم باشقا ئەزالىرىغا چاچقايسەن .

تېۋىپ كەتتى . كەممە پېقىر ئول نازىنىننىڭ قېشىدا ئولتۇردۇم . ھىممەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ ، ئۇيقۇ ۋە ئارامنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم . نازىنىننىڭ ھالىغا ئېچىنىپ مېھنەت ـ مۇشەققەتلەر بىلەن شى- كەستە بولغان كۆڭلۈمدىن ھەسرەت ياشلىرىمنى ئاققۇزۇپ ، يۈرىكىمدە زار ـ زار يىغلايتتىم ۋە ئۇنىڭ ساقىيىشىنى تىلەيتتىم . تېۋىپ ۋەدىسى بويىچە كۈندە ئىككى قېتىم كېلىپ جاراھەتنى تازىلاش ، دورا سېلىپ تېڭىش ۋە دورا ياساپ بېرىش بىلەن ھەلەك ئىدى . تېۋىپ 10 كۈندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى . دورا تەسىرىدە ساھىبجامال ساقىيىشقا يۈزلىنىۋاتاتتى . بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم پارە بولۇپ ، ئاۋۋالقى بىر ئىشقى گىرىپتارلىقىم ئەمدىلىكتە مىڭغا كۆپەيدى . مەجنۇندەك كىيىملىرىمنى يىرتىپ باياۋانلارغا چىقىپ كەتكۈم كېلەتتى . ئەمما يېقىملىق مەھبۇبىنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلىشقا قىيمايتتىم . ئاي يۈزلۈك گۈزەل مېنىڭ شەيدالىقىمغا شەپقەت يۈزىدىن مۇلاھىزە ئەيلەپ كۆڭلۈمنى ياسايتتى ، يىغا ـ زارىمغا تەسەللى بېرەتتى . مەن يۈزۈمنى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا سۈركەيتتىم . بۇ ھالدا ئىزتىرابىم تېخىمۇ ئېشىپ ، ۋەسلى ئېتىزىنى سۇغىرىش ئۈچۈن كۆز بۇلاقلىرىمدىن ئاققان ياشلار ئېقىن يا- سايتتى . ئۇماڭا : « خۇدايىتائالا ساڭا سەۋر ۋە گۈزەللىك ، ئەجرىڭ ئۈچۈن بايلىق كارامەت قىلغاي . ھاياتلا قالسام . سېنىڭ مېھرىبانلىقلىرىڭ- نىڭ بەدىلىنى بىر ئۆمۈر قايتۇرىمەن ! » دەيتتى .

40 كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ ھەممە جاراھەتلىرى ساقىيىپ ، ئىز ئورنىمۇ قالمىدى . تېۋىپ ئۇنىڭ ھاممامغا كىرىشىنى بۇيرۇدى . ئول سەرۋ قامەت شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى ، كېچىنى تولىمۇ راھەت ئېچىدە

---

① دورا ئىسملىرى

ئۆتكۆزدى . ناماز بامداتتىن كېيىن ئىككى رەكئەت شۈكرانە نامىزىنى ئـادا قىلىپ بولۇپ :

— كۆڭلۈم تائام خالاۋاتىدۇ ، — دېدى .

ئى دەرۋىـشلـەر ، شۇدەمدە مەندە بىر ھالەت يۈز بەردىكى ، ئىلاھىم ھېچـبىـر بـەندىگە يېقىن يولاتمىسۇن . دەسلەپتە ئۇنى بىر قېتىم بولسىمۇ شـەربـەت ئىـچكۈدەك بولسا نېمە بولار ئىدى دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرسەم نېـسـىـپ بـولمىدى . بۈگۈن تائام يېگۈسى كەلگەندە ئۇنى تەييارلاپ بېرىشكە قـۇربـىـم يـەتمەيتتى . ساتقۇدەك ياكى گۆرۈ قويغۇدەكمۇ نەرسەم قالمىغان ئىدى . خىجالەتتىن بېشىمنى تۆۋەن سالدىم ، غەمكىن كۆزلىرىمدىن ياشلار راۋان بـولـدى . تـۇيـغـۇن نىگار خەرجىمنىڭ قالمىغانلىقىنى پەملەپ ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىن تەبەسسۇم قىلغىنىچە :

— ئى ئەزىـز ، خـەرجىڭ تۈگىگەنلىكىدىن غەم يېمىگىن ، ماڭا قەغەز ، قەلەم كەلتۈر ، — دېدى .

كـۆزلىرىم ياش ، كۆڭلۈم پەرىشان ھالدا تاشقىرىغا چىقىپ ، تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنى ھازىر قىلدىم .

ئۇ ئىككىلىك خەت يېزىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ :

— شەھەرنىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىدا بىر جاۋاھىرپۇرۇش دۇكىنى بـار ، ئۇنـىـڭ خـوجـايىنى بىر ئاقساقال كىشىدۇر ، — دېدى دۇكاندارنىڭ بـىـرقـانـچـە نـىـشـانـلـىرىنى بايان قىلىپ ، — بۇ خەتنى ئاپىرىپ ئۇنىڭغا بەرگىن ، نېمىلا بەرسە قوبۇل قىلىپ ئېلىپ كەلگىن .

مـەن ئۇ خـەتـنى خىجالەتچىلىك ھەم يوقسۇزلۇق ۋەجىدىن ئېچىپ قـاراپـمۇ بـاقـمـايلا ئاپىرىپ ھېلىقى كىشىگە تاپشۇردۇم . دۇكاندار خەتنى ئوقۇپ بولۇپ سۆيۈپ ، كۆزلىرىگە سۈرتكەندىن كېيىن ، قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيـىـگـە راۋان بـولـدى ، يـولـدا نـاھايـىتى مېھرىبانلىق كۆرسەتتى . ئەمما كـۆڭـلـى قـەۋەتلا يـېـرىـمـدەك ئـىدى . ئۆيـىـگـە يـېـتـىـپ بارغاندا مېنى مـېھمانخانىسىغا باشلىدى . ئۆزى مەخپىي خانىغا كىرىپ كېتىپ بىردەمدىن كـېيىن ، پارقىراق ئەينەك تاۋاقتا لىق ئالتۇن ( تىللا )نى كۆتۈرۈپ چىقىپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

داستىخانغا يۆگەپ ، بىر غۇلامنىڭ بېشىغا قويدى . ئاندىن ماڭا بىرمۇنچە ئۆزرە ئېيتىپ ، غۇلامغا :

— نەگە ماڭ دېسە ، بۇ يىگىتنىڭ خالىغان يېرىگە ئاپىرىپ بېرىپ قايتىپ كەلگىن ، — دېدى .

مەن بۇ ھالدىن بەختىيارلىقنىڭ يۈزلەنگەنلىكىنى بىلدىم . ئەمما غەملىرىم تۈپەيلى ئۆز - ئۆزۈمگە : « تەلپىگىنىڭ قاچقىنىدىن تۇپراققا مىلەندىڭ بولغۇن » دېدىم . ئاخىر بەختىمنىڭ قارىلىقى ، تەلپىمنىڭ قاچقانلىقى سەۋەبىدىن ئەھۋالىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، بەخت ئۈچۈن جەڭ قىلىمەن دەپ ، ھەممىنى تەقدىرگە سىلىپ بېرىپ ، تىلىم تۆۋەندىكى مەزمۇن بىلەن كۆيمەكتە ئىدى :

رۇبائىي

دەۋرنىڭ تەتۈرلۈكى قىلدى مېنى زىرۇ زەبەر ،
ئەي پەلەك ، يوقتۇر مېنىڭدەك ھېچ كىشى ھالى بەتەر .
يا زېمىن پەرشىنى ئالغايسەن ئاياغىمدىن ، پەلەك ،
يا بېشىمنى ئال ۋەيا بۇ غەمنى ئالغىن ھېلىگەر .

بىر كەمدە كارۋان سارىيىغا يېتىپ كەلدۇق . غۇلامغا : «داستىخاننى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدە قويۇپ قايتقىن » دېدىم . ئۇ كەتكەندىن كېيىن كۆز ياشلىرىمنى پاكىز سۈرتۈپ بولۇپ ، داستىخاننى كۆتۈرسەم شۇنداق ئېغىر بىلىندى . ئۇنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا كىرىۋىدىم ، ئۇل نازىنىن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ :

— قېنى ئاچقىن ، ئۇ ئالدامچى نېمە ئەۋەتتىكىن !؟ — دېدى .

ئۇنىڭ دەشنام سۆزىدىن ناھايىتى ھەيران بولدۇم . داستىخاننى ئېچىۋىدىم ، پارقىراق ئەينەك قاچا چىقتى ، قاچىنىڭ ياپقۇچىنى ئالغان ئىدىم ، ساپسېرىق تىللالار كۆرۈندى . بۇ ھالدىن كۆڭلۈمگە ھەرقىسما ئىشلار كېچىپ : « بۇ سەرۋ قامەت جانان قايسى خانداندىن بولغىيتتى ؟

ئەجەب ئۇنىڭ ئىككىلىك ئەرزىمەس خېتى ئۇچۇن شۇنچىۋالا ئالتۇن بەر-دىغۇ ؟ » دېگەننى ئويلاپ تۇراتتىم ، ئول كۈمۈش بەدەن نازىنىن ياخشىلىق يۈزىسىدىن ماڭا :

— ئى يىگىت ، خەج - خىراجەت خۇسۇسىدا پەقەت غەم قىلمى-غىن ، مەن بىلىمەنكى ، سەن تىجارەت سەرمايەڭنى مېنى داۋالىتىش ئۈچۈن سەرپ ئەتتىڭ ، بۇ مەقسەت يولىدا ھېچنېمىنى ئايىمىدىڭ . بۇنىڭ ھەققىگە مەن ساڭا قەرزدار . تىرىكلا بولىدىكەنمەن سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن . ئەگەر خۇدا نېسىپ ئەيلەپ ئۆمرۈمگە ئامانلىق بەرسە خىجالىتىڭدىن چىققايمەن ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى قايتۇرغايمەن . ئايىغىڭغا باش قوي-سام ئەرزىيدۇ ! — دەپ سەممىي سۆزلەر بىلەن كۆڭۈل قويدى .

شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ، تىلىمنى دۇئاغا چاپتۇردۇم :

بېيىت

ئى خۇدايا ، بولدى بەس ، ئازاب زامان كەتسۇن يىراق ،
بىزگە لۇتپىڭ سايىسىدۇر ھەممىسىدىن ياخشىراق .

ئاندىن دىلرەبا ئېغىز ئېچىپ :

— دەرھال تائام كەلتۈرگىن ، — دېدى .

بازارغا بېرىپ تاماق ۋە ئۇسسۇلۇق ئېلىپ كەلدىم . نازىنىن غىزالى-نىپ بولۇپ ، ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، مۇھەببەت دەۋايىڭ راست بولسا ، ھەرگىز مېنىڭ دېگىنىمدىن چىقما ، سۆزۈمگە خىلاپلىق قىلمىغىن .

— ھەرقانداق پەرمانىڭدىن ھەرگىز باش تارتمايمەن !

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئۇ ، — ئۆزۈڭگە ئاتاپ ھەشەمەتلىك كىيىمدىن ئىككى قۇر ئالغىن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنچىقماستىن تۇرغان ئىدىم ، ئۇ يەنە :



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— ئەھدىمنى سۇندۇردۇڭ ، قېنى كۆرەرمىز ، ئارىمىزدا قانچىلىك سازاۋەرچىلىك بولاركىن ، — دېدى ۋە ئەزىز جېنىغا قەسەم قىلغان تە-رىزدە داۋاملاشتۇردى ، — نېمە دېسەم دېگىنىمنى بەجا كەلتۈر . ئەگەر خىلاپلىق قىلساڭ ، سەندىن رەنجىيمەن !

مەندە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىماسلىقتىن ئۆزگە ئامال قالمىدى . دەرھال بازارغا بېرىپ ئىككى قۇر يېپەك لىباس ئېلىپ كېلىپ ئالدىغا قويدۇم . بۇ كىيىمنىڭ بىر قۇرى ئەرزانىراق ئىدى ، ئۇ بىلىپ قېلىپ مەق-بۇل كۆرمىدى . شۇنىڭ بىلەن ياندۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلىپ نەچچە مەرتە بازارغا باردىم ، تاللاپ يۈرۈپ ئالغان كىيىم تاكى ئۇنىڭغا يارىغاندىلا ئاندىن بولدى قىلدى . ئاندىن ئۇ دەۋران يەكتاسى ۋە گۈزەللەر سۇلتانى-نىڭ پەرمانى بىلەن ھاممامغا بېرىپ يۇيۇنۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ ، ھۇجرىغا كىرىۋىدىم ، بىلىمنى ئۆز قولى بىلەن يېشىپ يېنىدا ئولتۇر-غۇزدى . زوقۇمنىڭ قالتىسلىقىدىن ، شەۋقىمنىڭ غالىبلىقىدىن يىغلىۋەتتىم . ئول نىگار مەرھەمەت ئەيلەپ يېشىمنى ئېرتقىلى تۇردى .

ئى دەرۋىشلەر ، تىرىكلىك لەززىتىنى تېتىغان شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ مېھرى ئۇچۇن جان پىدا قىلىشقا تەييار ئىدىم . شۇ ۋەجى تېنىمنى ئايىغىغا پاياندار قىلىپ بەرسەم ئەرزىيتتى .

ئۇ دېدىكى :

— ئى يىگىت ، بىر مېھمانخانىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە بىناكارى بىلەن سۆزلىشىپ ، ئۆيلىرىنى تەلەپ قىلغىن ، ھەممە ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ يارىغانلىرىنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كەلگىن ، مەن كۆرۈپ باقاي ، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق غەم يېمىگەيسەن ، تەييار بولغاندا شۇ يەرگە بارىمىز .

ئول دەۋران يېگانىسىنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ ، بىر ئايغىچە ئەتىگەندىن تا كەچكىچە ، بىر تەرەپتىن مېھمانخانىغا بارسام ، يەنە بىر تە-رەپتىن ئۇنىڭ مۇلازىمىتىگە يۈگۈرۈپ يۈردۇم . ئاخىر بىر مېھمانخانا تەييار قىلدىم ، ئۇنىڭ شەكىل نۇسخىسى نازىنىنىغا يارىدى . باھاسى 10 مىڭ

تىللاغا تايىن تاپتى . ئاندىن بىر ئات كەلتۇرۇشنى بۇيرۇدى . ئۇنىمۇ هازىر قىلدىم . سەرۋ قامەت ساھىبجامال ئۆزىنىڭ قۇياشتەك ھۆسنى بىلەن ئاتنىڭ گەۋدىسىنى گويا پانۇستەك يورۇتۇۋەتتى . ئۇ ماڭا پەرمان قىلىپ :

— بىر قانچە دىنارنى سارايۋەنگە بەرگىن ، — دېدى .

پەرمانىنى بەجا كەلتۇرگەندىن كېيىن ، نەرسە - كېرەك ۋە دەرۋىشانە كەمەندىلىرىمنى كۆتۈرۈپ ، تەييارلىغان مېھمانخانا تامان راۋان بولدۇق . بىر مەھەل ئۆتكەندە ئۇل ئىززەت - ئىقبال ئاپتىپى ھېلىقى شەرەپ بەيتى — مېھمانخانىغا يېتىپ بېرىپ تامام ئۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مۇۋاپىق كۆردى . ئالىي بىساتلار بىلەن جابدۇپ ئۆزىگە تۇرار جاي قىلدى . ئاندىن دېدىكى :

— ئەمدى ماڭىمۇ بىر قۇر كىيىم لازىم بولدى .

بۇ سۆزدىن جېنىم سۆيۈنۈپ ، قەۋەت خۇش بولدۇم ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى پۇت قىلىپ يۈگۈرۈشكە تەييارلاندىم .

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ دېدى :

— نېمانچە تەنتەكسەن ، مېنىڭ قەددىمگە لايىق كىيىمنى كىم تەييارلاپ تۇرغاندۇ ؟

— بىلمەيمەن ، بەلكىم بۇ جاھاندىكى كىيىملەرنىڭ ھېچقايسىسى لايىق كەلمەس . بېھىشتىن ئۇستۋاش كەلتۈرگەيمەن ، — دېدىم .

ئۇ ئېيتتى :

— خانىيە سارىيىغا بارغىن . ئۇ سارايىنىڭ ئىسمى « قەيسەرىيە » دۇر . ئەسلىي شام پادىشاھى بىنا قىلغان سارايمىش . ئۇ يەردىكى بىر دۇكاندا بىر يىگىت بولۇپ ، دۇكىنىدا شام پادىشاھىغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار . دۇكاندا مەنسەپدارلار كىيىم - كېچەكلىرى سېتىلىدۇ . ئۇ يەرگە بارساڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك كىيىملەرنى تاپالايسەن .

پۈتۈن زوق - شەۋقىم بىلەن قەيسەرىيە سارىيىغا راۋان بولدۇم . ئۇ يەرگە بېرىپ ، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر دۇكاننى كۆردۈم . دۇكان شۇنداق ئالىي دەرىجىدە ياسالغانكى ، تاملىرى تىللا - جاۋاھىراتلار



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بىلەن زىنىنەتلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى ئاجايىپ چوڭ بولۇپ، ھەر-
قانداق مىللەت - جىنستىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسگە باب كېلىدىغان،
ئۇلۇغلارغا مۇناسىپ ئالىي كىيىملەر، تۈرلۈك زەرباب رەختلەر، ئەتلەس -
كىمخابلار تەل ئىدى، نامىلىرى يېزىپ چاپلانغان ئىدى.

دۇكاندار يىگىت 20 ياشلاردا بولۇپ، چىرايى ئاپتاپتەك، چاچلىرى
كۆز گۆھىرىدەك، يىگىتلىك نىشانىدىن بەلگە بېرىدىغان بۇرۇتلىرى گۈل
چەمبىرەكتەك ئاغزى ئەتراپىنى ئوراپ، ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقان
ئىدى. دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ھېچقانداق ئىنسان زاتى تېخى بۇنىڭدەك
گۈزەل قامەتنى كۆرمىگەن دېسە لاپ بولمايتتى. قانچىلىغان رومىي،
ھىندى، چىنى، ھەبەش قۇللار ئالتۇن كەمەرلىك بۇ يىگىتنىڭ خىزمىتىگە
قول باغلاپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلغاچ ئالدىغا بېرىپ سالام بەجا
كەلتۈردۈم. ئۇ شۇنداق سەممىيەت ۋە مۇلايىملىق بىلەن سالامىمنى ئىلىك
ئالدىكى، شۇررىدە ئېرىپ كەتكىلى تاس قالدىم. ئۇ ئېسىل كۇرسىدا
ئولتۇراتتى. ھەيران بولغىنىمدىن ھەتتا نەپەسمۇ ئالالمايۋاتاتتىم.

يىگىت ماڭا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ
ھەمسۆھبەت بولدى. ئۇنىڭ تىلىدىن شېكەر تۆكۈلەتتى. بىز بىر پەستىلا
قەدىناس دوستلاردەك ئىچەكىشىپ كەتتۇق. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا:

— ئەگەر خىزمىتىڭىز بولسا پەرمان قىلغايسىز، — دېدى.

— بار، لېكىن مەخپىي ئېيتىمەن، — دېدىمەن قۇلىقىغا، — بىر
مەستۇرە خوتۇنۇم بار ئىدى، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالىي يىپەك كىيىملەردىن
ئالماقچى ئىدىم.

ئۇ شۇنداق ئىشارەت قىلىۋىدى، قۇللىرى ھايالشمايلا بىر بوغچىنى
ئېلىپ چىقىپ ئاچتى ۋە ھەر خىل جىنس، ياش قۇرامدىكىلەرگە لايىق
كېلىدىغان ئەڭ ئالىي كىيىملەرنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى. بۇلارنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈندى. لېكىن يەنە ئەڭ ئېسىل-
لىرىنى تاللاپ ئالدىم. تاللىغانلىرىمنى ھېلىقى يىگىت ئۆز قولى بىلەن بىر

بوغچا قىلىپ ئالدىمغا قويدى . ئاندىن دېدى :
— ئى بۇرادەر ، يەنە خىزمەت بولسا بۇيرۇغايسىز .
كىيىملەرنىڭ باھاسىنى سورىغان ئىدىم ، 30 مىڭ تەڭگە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مەن بۇنداق خۇش مۇئامىلە ئالدىدا تالىشىشنى مۇناسىپ كۆرمەي ، دېگىنىنى ساناپ خىزمەتكارغا ئۆتكۈزدۇم . ئۇنىڭ 2 — 3 مۇلازىمىنى ئالىيجانابلار سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ ، ئۆزۈمنى ئۇلاردىن تۆۋەن تۇتتۇم .
يىگىت مەندەك خېرىدارىغا خېرىدارلىق كۆزى بىلەن قارىدى . خەلق ئىچىدە شۇنداق مەشھۇر سۆز باركى ، بىرەر مالنى 10 باھا قىلغاندا ئىككى تەرەپ كۆچىشىپ قالسا ، ساتقۇچى ئالتىنگە ساتماس ، ئالغۇچى يەتتىدىن ئاشماس .
ئى دەرۋىشلەر ، يىگىت مېنىڭ تۇرقۇمغا بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن :
— ئى بۇرادەر ، سىز قايسى شەھەردىن ؟ — دەپ سورىدى .
— يەمەن شەھىرىدىن بولۇرمەن ، — دەپ جاۋاب بەردىم .
— ئارزۇ قىلىمەنكى ، بىر كېچە خىزمىتىڭىزدە بولۇپ تاڭنى بىللە ئاتتۇرسام دەيمەن ، — دېدى ئۇ .
مەن ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم :
— ئى ئادەمىيەت بوستانىنىڭ نەخلى ، ئەگەر قىسمەت بولسا خىزمەتكارلىرىڭىزنىڭ مۇلازىمىتىگە كېلىمەن . ئەمما بىر مەستۇرەم باركى ، ھېچ جايغا بارالمايدۇ . مەن بولسام بۇ دىيارغا مۇساپىرمەن . ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇش ئىنساپسىزلىق جۈملىسىگە كىرىدۇ . ئىنشائاللا ، ئەگەر ھاياتلا بولسام كېلىپ كۆڭلىڭىزنى يەردە قويمايمەن .
— باھانە كۆرسىتىۋاتىسىز ، — دېدى ئۇ قەتئىيەت بىلەن ، — بۈگۈن بىر كېچە كۆڭلۈمنى يەردىن كۆتۈرۈپ ، قەدىمىڭىزنى كۆزۈمگە قويغايسىز .
يىگىت قاتتىق تۇرىۋالغاچقا ، ئاخىر ۋەدە بېرىپ ، ئۆيۈمگە بېرىپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كەلمەكچى بولدۇم. ئۆيگە يېتىپ كېلىپ دەرۋازىنى قاقتىم. ئۇل جاھان يېگانىسى ئالدىمغا چىقتى، بوغجىمنى قولۇمدىن ئېلىپ ئىگىنلەرنى خوپ كۆردى ۋە دۇكانلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم، چەكسىز مېھرىبانچىلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن تارتىپ ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىغىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بايان ئەيلىدىم.

— ئى يىگىت، ئەگەر كۆڭلۈمنىڭ رازىلىقىنى ئالماقچى بولساڭ، — دېدى گۈزەللەر شاھى، — ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمىغايسەن. چۈنكى ئۇلۇغلار يالغان ۋەدىنى خوپ كۆرمەيدۇ.

— ئى جانانىم، قۇلۇڭغا سېنىڭ خىزمىتىڭ يېتەرلىكتۇر. مەن ئۆزگە يەنە بىر سىنىڭ ھۇزۇرىغا بارماسمەن، بەلكى سەندىن ئۆزگە ھەرقانداق دەرگاھنى مەۋجۇت بىلمەسمەن.

— ئەگەر سەن بىرىشقا ماقۇل بولساڭ، سەندىن رازى بولىمەن. ھەرقانداق ئىش بولسا ۋەدىگە ۋاپا قىلغايسەن. مېنىڭ تەنھا قېلىشىمدىن ئەنسىرىشىڭنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق، — ئۇ شۇنداق دەپ، بېرىشقا دالالەت قىلىپ قاتتىق تۇرۇۋالدى.

ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. ئاخىر ئۇ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بارمساڭ سەندىن رەنجىيمەن، — دېدى.

ئى دەرۋىشلەر، ئاشىقلارنىڭ مەزھىپىدە مەشۇقلارنىڭ رازىلىقى ئەسلىي پەرزدۇر. كۆڭلۈم مالال ھالدا دۇكاندار يىگىتنىڭ ھۇزۇرىغا راۋان بولدۇم. ئۇ دۇكىنىنى تاقاپ بولۇپ، دۇكان ئالدىدا ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ كۇرسىدا ئولتۇرغان ئىكەن، مېنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولدى ۋە قولۇمنى تۇتۇپ ئۆيى تامان ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ بېھىشتىن قېلىشمىغۇدەك بىر باغنى كۆردۇمكى، ئالىي ئىمارەت ئالدىدىكى راۋاقتا ئوتتاشتەك گىلەملەر سېلىنغلىق، ھەر خىل چالغۇلار تەخلەكلىك، كۆلنىڭ لېۋىگە كاۋاپدانلار تەييار قىلىنغلىق ئىدى.

سورۇننىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر تەخت بولۇپ، ئىككى مەھمىل[1] ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلۇق تۇراتتى.

يىگىت لىباسلىرىنى سېلىپ، يېلىڭ كىيىملىرىنىڭ يەڭلىرىنى تۈردى.

كاپۇردەك لىباس بىلەن قاپلانغان پانۇس ئىچىدىكى شامنىڭ نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ، ئەتراپقا گۈزەللىك تۈسى بېرەتتى. مەن بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ دىۋانە ۋە ئاشىق بولدۇم.

بېيىت

كۆڭلىكى ئىچرە ئەگەر كۆرسە كىشى پىنھان ئۇنى،
دىن ـ ئىماندىن كېچەرمىشكىم كۆرۈپ شۇئان ئۇنى.

ئى دەرۋىشلەر، يىگىت مېنى ھەم كۆڭلەكچان قىلىپ تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئىككى جام شارابنىڭ بىرىنى ئۆزى ئىچىپ، بىرىنى ماڭا ئىچۈردى. تېخىمۇ مېھرىبانچىلىق كۆرسىتىۋەرگەچكە، ھۆرمىتىنى قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە جام كۆتۈرۈۋەتتىم. بەدىنىم قىزىپ، كەيپىياتىم ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئاي يۈزلۈك تۆت غۇلام سازلىرىنى قولىغا ئېلىپ سورۇننىڭ تېگىشلىك يېرىدىن ئورۇن ئالدى. يىگىت ئۇلارغىمۇ نەچچە جامدىن شاراب تۇتتى. ئۇلار شاراب تەسىرىدە قىزىشىپ خۇش ئاۋاز بىلەن سازلىرىنى چېلىشقا تۇتۇندى.

مۇزىكىنىڭ مۇڭى سۇنى ئېقىشتىن، ئۇچار قاناتلارنى ئۇچۇشتىن توختىتار ئىدى. ھەر نەغمىدە 12 مۇقامنىڭ 20 تارماق، 48 كۈيىنىڭ ھەممىسى جاي ـ جايىدا ئورۇندىلاتتى. سازەندىلىك ھۈنىرىدە كامال تاپقان بۇ غۇلاملار غەمكىن كۆڭۈلدىكى قايغۇلارنى يوقىتار ئىدى. مۇزىكىنىڭ جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى مۇڭلۇق ئاھاڭلىرى ئاشىقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھوشىنى يىراقلاشتۇرۇپ مەست قىلىپ، ھىجاز ۋە ئىراق مۇقامى قوينىغا

[1] مەھمىل — تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان كاجىۋا



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غەرق قىلار ئىدى . مۇقامدا ئوقۇلۇۋاتقان تېكىستلەر ھەققەتەن چوڭقۇر مەنىلىك ئىدى .

بېيت
سۆھبەتى باغۇ باھار ئۆزگە ئەمەستۇر ياخشى يار ،
ساقىيا ، مەي تۇتكى ئەمدى قىلمىغايسەن ئىنتىزار .

ئى دەرۋىشلەر ، كۆڭۈلنى بەزلىگۈچى يېقىملىق يارنىڭ دىلدارلىقىنىڭ زىيادىلىكىدىن شارابنىڭ كەيپى پەرىشتە سۈپەت خۇش ئاۋاز سازەندىلەرنىڭ نەغمە پەيزى بىلەن قوشۇلۇپ ھوشۇمنى ئالدى . بىھوشلۇقتا تىرىكلىكىمنىڭ سەرمايىسى ئۆيدە قالغان ئول سەنەمنىڭ پىكرى ئىدى . ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەي تۇرالمايتتىم . مەستۇمۇستەغرەق ھالەتتە يىگىتنىڭمۇ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ـ دە ، مېھرىبانلىق بىلەن بىر قولۇمنى بويىنىغا سېلىپ ، بىر قولۇمدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتۇم .

بېيت
ياخشىلار ئاچچىق شارابنى ئىچمەكنى قىلدى ئىختىيار ،
مەست بولۇپ كەتتى ھوشىدىن ، دېدى ئۆزىنى بەختىيار .

يىگىت بىرەر ئاش پىشىم چامىسىدا خىيال بىلەن بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئولىتىۋالغاندىن كېيىن :

—— بۇرادەرلىرىدىن كۆڭۈل سىرلىرىنى يوشۇرۇش ئوبدان ئىش ئەمەس ! —— دەپ ئورنىدىن قوپۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى .

ئۇ كۆپ ئۆتمەي بىر نازىنىن سەنەمنى باشلاپ كىردى . سورۇن ئول گۈزەلنىڭ جامال نۇرىدىن باشقىچە يورۇپ كەتتى . مەن پەرىۋەشنى كۆرۈش بىلەنلا ھوشۇمدىن ئايرىلدىم . يىگىتنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئول دەۋران يېگانىسى گەدىنىمگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ ، بىر جام شارابنى ئىچۈرۈۋەتتى . يىگىتنىڭ ئىجازىتى بىلەن قىزنىڭ قولىنى تۇتقىنىمچە بۇ

بېيىتنى ئوقۇدۇم :

بېيىت

ياخشىلىق رەسمى ساڭا تەسلىمدۇر ،
ياخشىلارغا ئىشلىرىڭ تەئلىمدۇر .

ئاندىن ئۇل پەرى سۈپەت يېنىمىزدا ئولتۇرۇپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى . بىردەمدىن كېيىن يىگىت ئۇنىڭغا :

— ئى جان جاھانىم ، بۇ بۇرادەر ئەزىزىمگە بىردەم ساز چېلىپ بەرگەن بولساڭ ، — دېدى ۋە ئىشارەت بىلەن سازنى ئەكەلدۈردى .

ياخشىلىق ئاسمىنىنىڭ زۆھرە يۇلتۇزى ئورنىدىن قوزغىلىپ ، ھەشەمەت بىساتىدا جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، سازنى قۇچىقىغا ئېلىپ چالغىلى تۇردى . مۇزىكىنىڭ مۇڭى ئادەم زاتىنى بىھوش قىلىۋەتكۈدەك ئىدى . ئۇ ، كۈيگە تەڭكەش قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى :

بېيىت

شاراب شادلىق بېرەر ماڭا ، گۈلگە تاقار زىننەت ساباھ ،
دانا ئەمەس مەي كەلگەندە تىلىگۈچى ئۆزىگە پاناھ .
مەشۇق بىلەن شاراب ئەگەر تاپسا پۇرسەت ، پىنھان ماكان ،
شۇ دەم شوخلۇق دولقۇنلىنار ، بۇنداق ئويناش بولماس گۇناھ .

نەغمىنىڭ كۈي - ھۇزۇرىدىن كۆڭۈل ئېرىتكۈچى خۇشاللىقلار ۋۇجۇدقا كەلدى . خۇشاللىق ئەۋجىدە كەيپىم ئېشىپ ، ئىختىيارلىق قولۇمدىن كەتتى . مېنى مەست ھالەتتە كۆرگەن يىگىت قولۇمدىن يېتىلەپ ياتاق ئۆيىگە باشلاپ كىردى . ئىستراھەت تەختى ( ئارامگاھ ) پىلچىشى ۋە خۇش پۇراق ئابنۇس ياغىچىدىن ياسالغان ، ئۈستىگە ئېسىل بىساتلار سېلىنغان بولۇپ ، چىرايلىق شامدانلاردىكى شاملار روشەن يورۇپ تۇراتتى . ئۇ مېنى يېشىندۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويدى . ئۆزى تەخت ئايىغىدا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئولتۇرۇپ غەيرىيلەرنىڭ كىرىپ - چىقىشىنى مەنئى قىلدى. ئاندىن شاراب بىلەن جامنى ئاي يۈزلۈك ساھىبجامالنىڭ ئالدىدا قويۇپ، سۆھبەتنى خالىي تۇتتى. بىر چاغدا بىلدىمكى، ئۇلار ئولتۇرغاندا مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ياتقان ئورنۇمدىن دەرھال تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. يىگىت مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، دىلغا ئارام بېغىشلىغۇچى بىر جام شارابنى ئەدەپ بىلەن ماڭا تۇتتى. مەن تەكەللۇپسىزلا كۆتۈرۈۋېتىپ، سۆھبەتكە سەمە بولدۇم. كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى دىلناز ماڭا ھەددى ھېسابسىز مېھرىبانلىقلار كۆرسەتتى. شۇنداق خۇشلۇققا چۆمدۈمكى، دىماغلىرىمغا ئۇرۇلغان خۇش پۇراقتىن ئۆزۈمنى تونۇيالماي قالدىم. گەپنىڭ قىسقىسى، ئىككى كېچە - كۈندۈز مەست يۈردۈم.

نەزم

تىرىكلىكتە شۇنداق شېرىن لەززەت تاپتىم،
ئىچىپ مەينى قورسىقىمدا دولقۇنلاتتىم.

ئۈچىنچى كۈنى كەچ كىرىپ چىراغ يېقىلغاندا مېنى ئۇيقۇ لەشكەرلىرى قاپسىۋالدى. يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ، ئۆيدە قالغان نازىنىن ئېسىمگە كېلىپ تولغىنىپ ياتالمىدىم. چۈنكى ئۇ ئۆيدە تەنھا ئىدى. بۇ ھالدىن كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ: «كۆردۈڭمۇ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ، قانداق بالالارغا يولۇقتۇڭ - ھە؟ مانا، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن بېرى بۇ يەردە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، شېرىن لەۋ جانانىڭدىن خەۋەر ئالمىدىڭ!» دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم. ھېلىقى ئىككىيلەن ئۆز خاھىشىچە ئىچكىرى خانىدا سۆھبەت قۇرغان ئىدى. مەن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ئەھۋالنى كۆزەتتىم.

تاڭ ئاتقاندا يىگىت مەشۇقىغە:

— قوپىقىن كېتەيلى! — دېدى -دە، ئىككىسى قول تۇتۇشقانچە سىرتقا ماڭدى.

مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال ئورنۇمدىن قوپۇپ ، خىزمەتكارلاردىن لىباسلىرىمنى ئېلىپ ھامامغا يۈرۈپ كەتتىم . بەدىنىمدىكى شاراب ھىدلىرىنى پاكىز تازىلاپ ئۆيگە كېتىۋاتقاچ ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە : «مېھرىبانىڭ ساڭا ئازار بەرسە ياكى ئاغرىنسىغۇ ئۆزرە ئېيتارسەن ، لېكىن خىجالەتچىلىكتە قېشىدا قانداق تۇرارسەن ؟ سەن شۇنداق رەنج ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كۆرمىگەننى كۆرگەن تۇرۇقلۇق بىر قەدەمنى خاتا بېسىش تۈپەيلى شۇنچە ناچار قىلىقلارنى قىلدىڭ ! » دەپ كايىغىنىمچە ئۆيگە كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن . ئىشىكنى قاققان ئىدىم ، دىلناز چىقىپ ئاچتى ـ دە ، كەيپىياتىمنىڭ نورمالسىزلىقىنى سېزىپ تەبەسسۇم قىلدى . بۇ ھالدىن تەسىرلىنىپ ئاياغلىرىغا يىقىلدىم ، قەدەم ئىزلىرىنى سۆيۈپ ، ئۆزرىگە ئېغىز ئاچتىم .

— ئى يىگىت ، بۇنچە ھودۇقۇشىڭىز نېمە ھاجىتى؟— دېدى ئۇ،— مەلۇمكى ، كىشىنىڭ ئۆيىگە بارماقلىقىنىڭ ئىختىيارلىقى ئۆز قولىدا ، لېكىن قايتىپ چىقماقلىق ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ . ماڭا ئايان ، سەن نائىلاجلىقتىن بارغان ئىدىڭ ، ھەممە ئىش مېنىڭ رازىلىقىم ۋە خۇشاللىقىم ئۈچۈن قىلىنغان ئىدى ، — ئاندىن مېھرىبانلىق بىلەن كۆڭلۈمنى ياسىدى ، — بۇ جەھەتتىن خىجالەت بولما . ئەمدى بايان قىلغىنىكى ، ئىككى كۈندىن بۇيان نېمە كۆردۈڭ ، نېمە ئىشىتتىڭ ؟

مەن ئۇ يىگىت بىلەن مەشۇقىنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى ، ئادەمگەرچىلىك ۋە مېھرىبانلىقلىرىنى تەسۋىرلەپ ، كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدىم .

بۇنى ئاڭلىغان نازىنىن تىلىدىن ھېكمەت جەۋھەرلىرىنى تۆكۈپ ئېيتتى .

— رەسىم ـ قائىدە شۇكى ، كىشىنىڭ نېنى كىشىگە قەرزدۇر .

مەن خىجالەتتىن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەنە ھېسابلاپ : « ئەگەر بايلىقىم بولغىنىدا يىگىتنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇپ ، لايىقىدا ئادەمگەرچىلىك قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرەتتىم » دەپ ، سەممىيەت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بىلەن ئېيتتىم :

— ئى مېھرىبان يار ۋە قەدىردان نىگار ، مۇشۇنچىلىك خىجالەت تارتقىنىممۇ يېتەرلىك ، يەنە كىنايە قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق .

— مېنىڭ سۆزۈمنى كىنايە بىلمىگىن ، تەنىمۇ سانىمىغىن ، تەلپىم شۇكى ، سەنمۇ ياخشىلىققا كۆز يۇمماي ، ھىممەت داستىخىنى تەييارلاپ ئۇ يىگىتنى مۇساپىرخانىمىزغا تەكلىپ قىل .

مەن تەسىرلەنگىنىمدىن يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئى ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى دىلدارىم ، ھەرنېمە قىلغان بولسام ، سادىر بولغان بۇ خاتالىقلار ئىختىيارسىزلىقتىن ئىدى ! — دەپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندۇم .

ئۇ ئېيتتى :

— مەن كىنايە قىلغىنىم يوق ، خالايمەنكى ، سەن ئۇ يىگىتنى مېھمان قىلىپ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇر ، شەرمەندە بولمىغايسەن .

— سۆزۈڭنى قوبۇل قىلدىم ، — دېدىممەن ، — ئەمما ھويلىمىزنىڭ ئۈستىدە ئاسمان ، تۆت ئەتراپىدا تامدىن بۆلەك ھېچ نەرسە بولمىسا ، قايسى جابدۇق بىلەن زىياپەت ھازىرلايمىز ؟

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ :

— ھېچ نەرسىنىڭ غېمىنى يېمەي ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى خۇدايىتائالاغا قويغىن ، — دېدى .

ئى دەرۋىشلەر ، ئۆزۈممۇ كۆردۈمكى ، نىگارنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس ئىدى . شۇڭا : « نازىنىنىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بازارغا باراي » دەپ ئويلاپ ، ئېيتتىم :

— ئى كۆڭلۈمنىڭ قىبلىگاھى ، ھاياتلىقىمنىڭ كاپالىتى ، ھەرقانداق پەرمان قىلساڭ خۇشاللىق بىلەن ئورۇندىغايمەن !

— شەرمەندە بولماي دېسەڭ ئۇنى ئالماي كەلمىگىن ، مەن ئىنتىزار بولۇپ كېتىۋاتىمەن ، — دەپ تاپىلىدى ئۇ .

ئى دەرۋىشلەر ، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم .

ئاخىر ئۆيدىن چىقىپ : « سەنەمنىڭ ئارزۇسى يۈزىسىدىن يىگىتنى تەك-لىپ قىلاي ، ئەمما بىرەر ھىيلە بىلەن ئۇنىڭ قوبۇل قىلماسلىقىنى توغرا كەلتۈرەي » دەپ ئويلاپ مەنزىلگە يول ئالدىم .

ئۇ يىگىت مېنى ئاۋۋالقىدىنمۇ قىزغىن قارشى ئېلىپ ، ھۆرمەتلىك مېھمىنى سۈپىتىدە كۆرۈشتى ، بۇقىرى چىقىرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى ، ھال - ئەھۋالىمنى سورىدى . بىز بىردەم ھەمسۆھبەتتە بولدۇق . ئاندىن ئۇ غۇلامغا ئىشارەت قىلغان ئىدى ، غۇلام ئالتۇن ياپقۇچلۇق بىر مەرۋايىت كوزىنى كۈمۈش تەگلىكى بىلەنلا كۆتۈرۈپ كەلدى . يىگىت ئۇنىڭدىن بىر يۈتۈم ئىچىپ ماڭا بەردى . مەن « سۇ ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ ئىچ-كەن ئىدىم ، شەربەت ئىكەن . ئۇ ئىنتايىن تاتلىق ۋە خۇشبۇي ئىدى .

— بۇ نېمە ، نېمىگە پايدا قىلىدۇ ؟ — دەپ سورىۋىدىم ، ئۇ جاۋابەن :

— مەيخورلارنىڭ باش ئاغرىقىنى يوقىتىدىغان دىماغ دورىسى . تەركىبى دىلنىڭ ھېكمەت قۇۋۋىتى بىلەن سەندەل يىلتىزى ، مۇشىك تېلى ، شېكەر ۋە سۇ ، لىمون ، ئەنبەر ، ئەشھەبتۇر ، — دېدى .

بىرەر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەيپ - قۇۋۋىتى بە-دىنىمگە تارقىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈكىمدىن تەلەپ قىلىپ ئىچمىشكە باشلىدىم . بارغانسىرى دىماغلىرىم قىزىپ بىخۇد بولدۇم . مەستلىكتە ئۇ يىگىتكە :

— كەمىنىگىز سىزگە ئىخلاسمەندۇر ، ئارزۇ بىلەن تەكلىپ ئېتىمەنكى ، يوقسۇزىڭىزنىڭ كۈلبىسىنى قەدەم نۇرىڭىز بىلەن يورۇتقايسىز ۋە باھانە - سەۋەب كۆرسەتمىگەيسىز ! — دەۋەتتىم .

يىگىت دەرھال ئىپادە بىلدۈردى :

— دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ئارىسىدا جۇدالىق يوقتۇر ، سىز مۇنداق دەۋاتقان يەردە ئەلۋەتتە بارىمەن .

شۇنداق قىلىپ ، ناماز ئەسىرگىچە ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتتى . ئاندىن ئۇ دۇكىنىنى تاقىدى . مەست - بىھوشلۇقتىن ئۆزۈمنى تونۇيالماس



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

هالغا يەتكەن ئىدىم ، يىگىت مېنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلىپ قولتۇقلاپ ماڭدى . مەنمۇ ئۇنىڭ بويىنغا قولۇمنى ئارتىۋالدىم . ئۆيگە يېقىن بارغانسېرى مەستلىكتىن يېشىلىپ ، ئۆيدە ھېچ نەرسە يوقلۇقى ئېسىمگە كەلدى - دە ، « ئەمدى شەرمەندە بولىدىغان بولدۇم » دەپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى ، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى رىتىمسىزلىنىشقا باشلىدى . ئۆزۈمنى بىتاپ بولۇپ قالغانغا چىقىرىپ قەدەمدە بىر ئولتۇرۇۋالاتتىم . مۇددىئايىم قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇنى ئېزىقتۇرۇپ قېچىپ كېتىش ئىدى . بىر چاغدا زەرگەر كوچىسىغا كەلگىنىمىزنى سەزدىم .

يىگىت ماڭا ئېيتتى :

— ئېسىڭنى تاپقىن ، يول ئۈستىدە يېقىلىپ يۈرۈش سەتچىلىكتۇر .

نائىلاج ئۆزۈمنى تۈزەشتۈردۈم . شۇنداق قارىۋېدىم ، كۆزۈمگە بىردىنلا ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى چېلىقتى . ئىشىك ئالدى سۈپۈرۈلۈپ ، سۇ چېچىلىپ پاكىز تازىلاپ قويۇلۇپتۇ . كىشىلەر قول باغلاپ تۇرۇشىدۇ . ئۇلارنىڭ بەزىسى ياساۋۇل سۈپىتىدە ئىدى . ئىشىك باقارلار ، يۈگۈر - يېتىمچىلەر ، مېھمان قولىغا سۇ بەرگۈچىلەر،ياردەمچىلەر،نازارەتچىلەر— ھەممە - ھەممىسى تەل ئىدى . بۇنى كۆرۈپ بىخۇدلۇقتا يولدىن ئېزىپ قالغىنىمنى جەزم قىلدىم ، لېكىن تېخىمۇ ياخشىراق سەپسېلىپ ، ئۆز ئۆيۈم جايلاشقان كوچا ئىكەنلىكىنى پەم ئەتتىم . بۇ بىر توپ جامائەت نېمىشقا خىزمەتكارلار تەرىقىسىدە ئەدەپنى ساقلاپ تۇرىدىكىنە ؟ ... ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەشۋىش ئىلكىدە ئالدىمىزغا كەلمەكتە ئىدى .

بوسۇغىغا قەدەم باسقاندا ئېسىل لىباسلارنى كىيىشكەن غۇلاملاردىن ئىككى ھىندى يىگىتنى ئۆلپەتلەردەك ھۆرمەت كۆرسەتتى : بىرىنىڭ قولىدا قەنت - گېزەكلەر ، يەنە بىرىنىڭ قولىدا شاراب تولدۇرۇلغان ئالتۇن جاملار تۇراتتى . بىر جامنى ماڭا تۇتقان ئىدى ، مەستلىكىمنى ئويلاپ ئىچمىدىم . يىگىت تۈزۈتسىزلا ئىچىۋەتتى . ئۆيگە كىردۇق ، مېھمانخانا پادىشاھ سارىيىنىڭ ئۆزى ئىدى . قەندىل ۋە چىراغلارنىڭ شولىسى سۇبھى يورۇۋاتقان چاغنى ئەسلىتەتتى . تاملارنىڭ كانارىغا دەرەخ ۋە گۈللەر

نەقىشلىنىپ، شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان شىشىلەر تەكچىلەرگە تىزىۋې-تىلگەن ئىدى. تۇتى، شارەك، قۇمرى (قاراقۇشقاچ)، بۇلبۇل قاتارلىق جانىۋارلار ئالتۇن قەپەس ئىچىدىكى قونداقلاردا ئۆزىنى خۇددى دەرەخ شاخلىرىدىكىدەك ھېس قىلىشىپ خۇشال سايرىشاتتى. بۇنى كۆرگەن ئادەم ئۆزىنى بوستانلىقتا تۇرغاندەك سېزەتتى. ئىمارەت ئىچى پۈتۈنلەي دېگۈدەك شاھانە بىساتلار بىلەن جابدۇلغان بولۇپ، ئەتلەس ۋە كالۋوتون داستىخانلاردا ئالىي ناز - نېمەتلەر تولىمۇ مول ئىدى. لەئلى - دۇر ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان شامدانلاردىكى كافۇردەك ئاپئاق شاملارنىڭ يورۇقىدا ئاي يۈزلۈك سەنەملەر تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بىلدىمكى، ئۇلار مەخسۇس ئويۇن - تاماشاسى ئارقىلىق مېھمان كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن تەقلىنىپتۇ. قوللىرىدا قەدەھ تۇتقان ساقىيلار، زەر كۇلالىق خىز-مەتكار، لەئلى - ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەرلەرنى باغلىغان يۈگۈر - يېتىمچىلەر ئۆز رولىنى جايىدا جارى قىلدۇرۇپ تۇراتتى. دۇكاندار يىگىت — مېنىڭ ئەزىز مېھمىنىممۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. زىياپەت تەييارلىقى ئۇنى خىجالەت قىلىپ قويغان ئىدى. مەنمۇ كۆرۈۋاتقانلىرىمنىڭ ئوڭۇم ياكى چۈشۈم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتىم. چۈنكى، بايا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىمدا بۇلار-نىڭ ھېچبىرىدىن ئەسەر يوق ئەمەسمىدى! لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، پۈتكۈل تەييارلىق كۆز ئالدىمدا ھەقىقي زاھىر ئىدى.

مەن مېھمانىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن راسلانغان شاھانە ئورۇندا ئولتۇرغۇ-زۇپ قويۇپ، بۇ كاتتا سورۇننىڭ ساھىبى ئول مەقسەت گۆھىرىنى ئەتراپتىن ئىزدەشكە باشلىدىم. لېكىن ھەرقانچە كۆز يۈگۈرتۈپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن: «بۇ كۆرۈۋاتقانلىرىم چۈشۈم بولسا كېرەك ياكى شارابنىڭ كەيپى كۆچىدىن كۆزۈمگە شۇنداق زاھىر بو-لۇۋاتقان ئاجايىپ - غارايىباتلار ئوخشايدۇ» دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ، ساراسىمە ئىچىدە ئۆيدىن چىقىپ ئاشخانا ۋە ئىسكىلات تەرەپنى ئاختۇ-رۇشقا باشلىدىم. مەستلىكتە 33 شاھانە كارخانىلارنى كۆردۈم. بۇلار



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مەخسۇس ساندۇقخانا، خىزمەتكار بۆلۈملىرى، شارابخانا ۋە خىلۋەتخا-نىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىسى ئاشخانىغا تۇتىشاتتى. ئاشخانىدا ئاشپەزلەر جاھاندا بار تائاملارنىڭ تەييارلىقىنى ئۆز جايىدا پۈتـ-كۈزۈپ قويۇپتۇ. لېكىن بۇ يەردىمۇ ئول نىگار كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر يەنە بىر ئاشخانىغا بارغان ئىدىم، ھەر خىل جانىۋارلارنىڭ يۇمران گۆشلىرى زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، كاۋاپقا تەخلەپ قويۇلۇپتۇ. تىرىكلىك ئۆستىڭىنىڭ سەرۋەرى — نىگارىم ئۆزىنى جەندە ئىچىگە يوشۇرۇپ سىركە بىلەن كاۋاپ تەييارلاۋېتىپتۇ. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ قوللىرىغا سۆيۈپ كەتتىم ۋە سورۇن ھەشەملىرى خۇسۇسىدا چۈشەنچە بېرىشنى ئۆتۈندۇم.

ئۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— ئى يىگىت، مېھمانىنى يالغۇز قويۇپ، ئۆزى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا يۈرۈش ئەقىل ئىگىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، بۇ ھەم قائىدىگىمۇ سىغمايدۇ.

— باش - ئايىغىڭغا پىدادۇرمەنكى، — دېدىمەن، — جامالىڭ ھىجرىدىن يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ، گۈزەل ھۆسنى سىياقىڭنىڭ دەر-دىدە دىۋانە، ئەقىل - ھوشۇمدىن بىگانە بولدۇم.

بېيىت

توسمىغىن شەيدالىقىمنى كۆزگە كۆرۈنمەس ئۆزگىسى،
سۆيمىگەن ھەر يار ئۈچۈن كەلمەس كۆڭۈلنىڭ يۈرگۈسى.

ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تاتلىققىنە كۈلۈپ دېدى:

— ھازىر بۇنداق ھېكايىنىڭ ۋاقتى ئەمەس، ئەگەر مېنى خۇشال قىلىمەن دېسەڭ، دەرھال بېرىپ مېھمانىنى كۈتكىن، ئۆزۈڭنى ئۇلۇغلاردەك كۆرسىتىپ، زۆرۈر دەپ تونۇغان ئىشلارنى قىلىۋەرگىن، مېھماننىڭ يې-نىدىن نېرى كەتمەي، پادىشاھلاردەك كەيپىياتنى ئىپادىلەپ خالىغان ئادەملىرىڭگە دىرەم - دىنار ۋە كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلىپ تۇرغىن.

ئوتتۇرىدا يۈرگەن ئادەملەرگە ھۆكۈمدار تەرىقىسىدە خىزمەتلەر بۇيرۇغىن . لېكىن ئۆزۈڭنى « مەن بۇ ئادەملەرگە ھۆكۈمدارلىق قىلىشقا لايىق ئەمەس » دەپ ئويلىما . ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ئۇ يىگىتنىڭ مەشۇقىنىمۇ ھازىر قىل . چۈنكى مېھماننىڭ دىل خۇشلۇقى سېنىڭ زىياپە. تىڭدىن كۆرە ، مەشۇقى بىلەن ھەمداستىخان بولماقلىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ . مەشۇقسىز شاراب ئىچمەك ، قان ئىچىپ ئىشرەت قىلغانلىقتۇر .

ئى دەرۋىشلەر ، مەن بۇ سۆزدىن خاتىرجەم بولۇپ سورۇنغا قايتتىم ۋە ھەقتائالانىڭ شۈكرانىسىگە مەشغۇل بولدۇم .

بېيىت

ئەگەرچە نەچچە كۈن سەن جەبىر تارتتىڭ ،
ۋە لېكىن ئاخىرىدا خەزىنە تاپتىڭ .

ھەمىشە بولمىسا ئاشىق پەرىشان ،
مۇھەببەت ئىچرە بولماس ئىشى ئاسان .

شۇنداق خۇشال ـ خۇراملىقتا چۆمۈپ ئولتۇردۇقكى ، ساقىيلار ، ناخشىچى ـ سازەندىلەرگە ئىنئاملار كەلتۈرۈشكە ئەمىر قىلىپ تۇردۇم .

بېيىت

مەي بىلەن ساقىي يۈزى گەر قىپقىزىل بىر گۈل بولۇر ،
چىقسا شارابتىن سادا بۇلدۇقلىغان بۇلبۇل ئىرۇر .

نەغمە ـ ناۋالار ، ئويۇن ـ تاماشالار ئەۋجى ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ ، مېھمان بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇردۇم . سۆھبەت ئارىلىقىدا يە. گىتكە ئېيتتىم :

— كەمىنە مۇخلىسىڭىزنىڭ بىر ئىلتىماسى بار ئىدى ، ئەگەر بۇ غورىگىل سورۇنغا مەشۇقىڭىز ھەم قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدا ، ئۇنىڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سۆھبىتىدىن كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ تېخىمۇ شادلىنىپ كەتكەن بولاتتى .

يىگىت بۇ سۆزنى خوپ كۆرۈپ ، خىزمەتكارىغا ئىشارەت قىلغان ئىدى ، ھايالشماي ئۇ نازىنىنى ئېلىپ كەلدى . ئاندىن ئىشرەتۋازلىق ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ كەيپىنى سۈرۈش ئۈزمەي ئۇچىنچى كۈنىگە قەدەم قويدى . شادلىق ئۇرۇقى چېچىلغان بەزمىمىز داۋاملىق قىزىپ ، كەيپىيات بۇ رۇبائىيدا ئېيتىلغاندەك كۆتۈرۈلۈپ بارار ئىدى :

رۇبائىي

مىڭ شۈكرىكى كۈنلەر ماڭا كام ① ئىرۇر ،
جەمشىت غۇلامىمكى ماڭا جام بېرۇر .
مەشۇق قۇچىقىمدا قىزىپ ئىچسە مەي ،
غەمدىن خالاستۇر ئۇ ماڭا رام ئىرۇر .

## بەزمىدىكى قىساس

ئى دەرۋىشلەر ، تۆتىنچى كېچىسى تۈن يېرىمدا مەست بولدۇق .

بېيىت

مەي ئىچىپ كەتتى ھوشىدىن يىگىت بىلەن زىبا نىگار ،
شۇ قەدەر بولدى بىخۇد ، ساق قالمىدى بىر زۇلفى تار ②

بىر چاغدا مەستلىكتىن يېشىلىپ ئويغانسام ، قۇياش ئىككى نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپتۇ . ئورنۇمدىن قوپۇپ ئەتراپقا قارىدىم ، كۆزۈمگە ئۆزۈمدىن باشقا ئادەم زاتى ياكى زىبۇزىنەت ، سەرەمجانلار چېلىقمىدى . قورقۇنچ ئىلكىدە ساراڭلاردەك ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ باققان بولسامۇ

① كام ـــ تىلەك ، مەقسەت ، ئارزۇ ـ ئىستەك
② بىر تال چاچ

ئاخشامقى ھەشەملەردىن بىرەر ئىزنا تاپالمىدىم ، پەقەت بىر ئۆيىنىڭ بۇلۇ-
ڭىدا تۇرغان بىر گىلەمنى كۆردۈمكى ، ئۇ تۇمار شەكلىدە قاتلاپ
قويۇلۇپتۇ . ئۇنى ئېچىپ قارىسام يىگىت بىلەن مەشۇقى باشلىرى كېسىك-
لىك تۇرۇپتۇ . ئۇلارنىڭ قان بىلەن بۇلغانغان جەسەتلىرىنىڭ گىلەمگە
يۆگەلگەن ھالىتى مېنى قەۋەتلا قورقۇتۇۋەتتى ، ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس
قالدىم ، قورقۇنچتىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئەندىشىگە چۈشتۈم . ئاخىر
ئەقلىمنى ئىشقا سېلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە ئېسەنكىرەش ئىچىدە
چۆككۆپ كېتىۋاتقان قايىمدىن ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇپ ، قىرغاقتىن پاناھ ئىز-
دەش قارارىغا كەلدىم .

ئى دەرۋىشلەر ، ئادەمگە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ مۇسىبەت ۋە بالا ـ قازا
ئۇچرامدۇ ؟ مەن ئەسلىي ئاشىقى ـ شەيدا ئەمەسمىدىم ؟ شۇ كەمگىچە
بېشىمغا كەلگەن ھەر ـ ھەر ئىشلار ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدەم تۈپەيلى
بىلىنمەيتتىكەن . ئەمدى ئۇنداق قىزنى تېپىش ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى .
خىيالىمغىچە ھەيرانۇھەس بولۇپ ، دىلغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى مەشۇقۇمنى
ئىزدەپ ، سەل كەبى ياش تۆكۈپ ، باشسىز چۈشىنىدەك ھەر يان ئۇسۇپ
يۈردۈم . بىردىنلا بىر ئادەمنىڭ ئىشىكتىن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم .
«ئۆلگۈچى يىگىتنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بولمىسۇن يەنە ، — دەپ ئويلىدىم
ئىچىمدە ، — ئەمدى ئۇنى ئۆيدىن چىققىلى قويمايلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي ! »
شۇنداق خىيال بىلەن ئۆزۈمنى باغدىكى دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇپ
سىنچىلاپ قارىسام ، ھويلا دەرۋازىسى تاقاقلىق تۇرۇپتۇ . شەپە چىقارماي
ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ، تۇيۇقسىز تۇرغان پۇرسىتىدىن پاي-
دىلىنىپ يەرگە بېسىۋالدىم . قارىسام ئۇ ئۆز نىگارىمنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن
ئىكەن . ئۇنى سوراق قىلدىم :

— كىمنى ئىزدەيسەن ؟ ئۇ سېھىرگەر رەنا قەيەردە ؟ سەن قەيەردە
ئىدىڭ ۋە ئەمدى نېمىدەپ كەلدىڭ ؟

خىزمەتكار ئېيتتى :



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— سەن ئول رەناغا ھاقارەت قىلدىڭ ۋە ئۇنىڭدىن رەنجىدىڭ . ئۇ بولسا سېنىڭ پىكرىڭ بىلەندۇر .

— ئۇ قەيەردە ، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ، تېز ئېيت ؟ ئۇنىڭ ھىجر - پىراقىدا كۆڭلۈم پەرىشاندۇر .

— قېنى ، يۈرگىن . ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي ! — دېدى ئۇ .

مەن نىگارنىڭ مەۋجۇتلۇق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، باياتىن بېرىقى پاراكەندىچىلىكنى ئۇنتۇپ ، غۇلامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم . خۇشاللىقتا ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇغاندەك ئىدىم . غۇلام ئاغزى بېسىلماي كۆڭلۈمنى ياسىماقتا ئىدى . بىز نەچچە مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن بىر شاھانە جايغا يەتتۇق . ئۇ يەرگە تۈرلۈك شەكىلدە ئالىي ئىمارەتلەر بىنا قىلىنغان ئىدى . ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر دەرۋازا كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى . پەمىمچە بۇ بىر ئۇلۇغ خانىدانىنىڭ قەسرىدەك قىلاتتى . ئۇنىڭ روبىروسىدا كاتتا بىر مەسچىت بولۇپ ، مەسچىت ئالدىدىكى ئۆستەڭدە سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى . خىزمەتكار غۇلام مېنى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى . غۇلام يىگىت ئۇنى دەرۋازىدا قالدۇرۇپ قېشىمغا كەلدى ۋە :

— ئى يىگىت ، ھازىرچە مەسچىتنىڭ ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ، كەچ بولغاندا بۇ ئىشككە كەلگىن . دەرۋازىۋەن سېنى مەلىكىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىدۇ ، — دېدى .

ئى دەرۋىشلەر ، قان چاچقۇچى كۆڭلۈم پەرىشان ھالدا مەسچىتنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇردۇم . كەچ بولۇپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا قەسىر دەرۋازىسىغا باردىم - دە ، كىرپىكلىرىمنى سۈپۈرگە قىلىپ ، ئول ئاستانىنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى سۈپۈرگەچ ، ئاشىقانە ھالدا بۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم:

نەزم

تۈن ـ كېچە ھىجران ئۈچۈن مەن بىرەر ھەمدەم تاپالماسمەن ،
ئۆلۈمگە چىن رىزا بولدۇم ئۇنى ھېچ ھەم تاپالماسمەن .
ئۇ ئالەم ئىچرە مەجنۇنغا كۆڭۈل دەردىمنى ئېيتارمەن ،
ۋە لېكىن بۇ ئالەم ئىچرە ، نىگار ، خۇررەم تاپالماسمەن .

قەسىر دەرۋازىسى بىردىنلا ئېچىلدى . دەرۋازىنىڭ مېنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى . كۆردۈمكى ، بۇنىڭ ئىچى جەننەتتەك باغ ئىكەن . مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تىكەنسىز گۈللەر رەتلىك ئۆسكەن ، بىر ئېرىق سۇ باغ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن ، ئېرىق بويىدىكى چىملىققا يىپەك گىلەملەر سېلىنغان ، ئالتۇن شامدانلاردا كافۇر شاملار يورۇپ تۇرغان ئىدى . دەرۋازىنىڭ مېنى شۇ يەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى . كۆڭۈل كۆزۈمنى ئاي يۈزلۈكۈمنىڭ يولىغا تىكىپ تەقەززالىق ئىلكىدە كۈتتۈم . ئول شەرەپ تەختىنىڭ قۇياشىنى قايسى تەرەپتىن چىقىپ كېلەركىن دەپ تەلمۈرمەكتە ئىدىم . ئارىدىن بىرەر ئاش پىشىم ئۆتۈپ ، ئاي يۈزلۈك نىگار نازۇكەرەشمە بىلەن پەيدا بولدى . ئۇنى كۆرۈپ ئىشقى ئوتۇم يالقۇنجىدى . ئول جاھان ئاپتىپىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى ئايدەك يۈزىنى تىخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى . مەن ئۇنى كۆيلەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدۇم :

جادۇ كۆزى ئىچرە يۈز مىلڭ نازى بار ،
چاچ ۋە قېشى ئىچرە يۈز مىلڭ رازى بار .
گەر چىمەنلىكتە خۇشال كۈلسە سەنەم ،
سەرۋ ، شەمشاد ئىچرە يۈز مىلڭ سازى بار .

گۈزەل نىگار تۇز قانىتىدەك لىباسنى كىيىپ ، جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن تاجنى تاقاپ خۇشال ھالدا قېشىمغا كەلدى . ماڭا مېھرىبانلىق نەزىرىدە بېقىپ ، ئەھۋالىمنىڭ پەرىشانلىقىنى سورىدى ، شېرىن تەكەللۇم ئەيلەپ كۆڭۈل زەخىمگە تۇز سېپىپ ، يىڭىۋاشتىن سەۋر ـ تاقەتسىزلىك



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بالاسغا گىرىپتار قىلدى . مەن بىچارىدە تىنغۇدەك ماجال قالمىغان ئىدى . ئۇ ماڭا چوڭ ئىلتىپاتلار كۆرسەتكەندىن كېيىن دېدىكى :

بېيىت

ئەيىبنى ئەپۇ قىلىڭىز ،
نۇقسانغا ئۆزرە ئېيتىمىز .

ئۇ نۇرغۇن ئۆزرىلەر بىلەن سۇنغان كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى :

— نەچچە مۇددەتلەردىن بېرى مېنىڭ رىزالىقىم ئۈچۈن ھېسابسىز جاپالار چەكتىڭ ، بىردەممۇ پاراغەت سۈرۈپ ئۆتمىدىڭ . ئەمدى ئەسىرىڭنىڭ ئۈمىدى شۇكى ، خۇدايىتائالا ساڭا ئىنئاملار بېغىشلىغاي . سودىگەرلىكنىڭ دەسمايىسىنى ئۆز يۇرتۇڭدىن مەنپەئەت ئۈمىدى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدىڭ ، بۇنى مېنىڭ ئامالىم ئۈچۈن سەرپ قىلدىڭ . ئەمدى ئازراق يول خىراجىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ ، قوپاللىقىمىزنى كەچۈرۈپ ، دۇئايىڭدا ئۇنتۇپ قالمىغايسەن .

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ دەرۋازىۋەنگە ئىشارەت قىلغان ئىدى ، ئۇل خىزمەتكار ئىككى كاسا ئالتۇن - تىللا كەلتۈرۈپ ئالدىمغا قويدى .

ئاپتاپ تەلەت نىگار يەنە بۇيرۇدى :

— ياخشى ئاتتىن بىرنى بەرگىن . بۇگۈن كېچە شەھەردىن چىقىپ كەتسۇن .

نازىنىن قايتماقچى بولۇپ ئۆرۈلگەن ئىدى ، مەن بىباھا نەرسەمدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك ، ئىتتىك قولۇمنى ئۇزىتىپ ، ئۇنىڭ ئېتىكىنى تۇتقىنىمچە دېدىمكى :

بېيىت

سەرۋ قامەت خۇش - خۇرام ، نەخۇشتۇر خۇرامىڭىز ،
ئىشققا مۇپتىلا قىلغان شېرىن سۆز — كالامىڭىز .

ئى ئاپتاپ تەلەت نازىنىن ، بۇ ئىككى كەلىمە ۋەسىيەتكە قۇلاق سالغىن .

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— قېنى گېپىڭنى قىلغىن ، نېمە ۋەسىيىتىڭ بار ؟

— ئى نازىنىن ، ئۆمرۈڭ ئۇزاق بولغاي . ئەگەر بىئەدەپلىك قىلغان بولسام ۋە ياكى پەرمانىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان بولسام ، بۈگۈن كېچە بىر زەربە بىلەن ھالاك قىلىپ بىر چەتكە كۆمۈۋەت . بۇ سىرنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي پانىيدىن يوقات . يامانلىقىمغا مۇكاپات بېرىشتىن ھەزەر ئەيلە .

بېيىت

گەر يامان بولسام يامانلىق قىلمىغىن ،

پەرقى بولسۇن خەلق ئارا ياخشى - يامان .

ئەگەر ياخشىلىق قىلغان بولسام ، سەن نېمە ئۈچۈن يامانلىق كەلتۈرىسەن ؟

بېيىت

ياخشىلىققا سەن يامانلىق ئەيلىمە ،

ياخشىلاردىن كەلمىگەي ھەرگىز يامان .

ئۇ سۆزۈمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىشتىپ دېدىكى :

— قانداق قىلماق كېرەك ؟

— ئى ھاياتىمنىڭ ئەبەدىيلىك سەرمايىسى ، — دېدىممەن ، — ماڭا سېنىڭسىز تىرىكلىك ھارامدۇر . ماڭا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلغىن ، يا خىزمەتكارلىرىڭ قاتارىدىن ئورۇن بەرگىن ، يا مۇلازىمىڭدىن بىرىگە بۇيرۇغىن ، بىر زەربە بىلەن جېنىمنى ئېلىپ ، بۇ غەم - غۇسسەدىن خالاس ئەيلەپ ، ماڭار يولۇڭغا دەپنە قىلسۇن . بەلكىم قەدەم تېۋىشىڭ بە-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لەن روھىم ئاراملىق تاپقاي .

بېيىت

ياكى خۇشاللىق بىلەن ئاسرىغىن ،
ۋەيا ئۆلتۈرگىنىڭنى تاپقايمەن نىجات .

ئەلقىسسە : بۇنى ئاڭلىغان نازىنىن كۈلۈپ كېتىپ دېدىكى :
— ئى يىگىت ، ئۆزۈڭنى بىھۇدە قىينىمىغىن . مۇمكىن ئەمەسكى ، ئاقىللار بۇنداق ئىشتىن نەپرەتلىنىدۇ . ئەگەر ۋەسلىمنى ئىزدىمەكنى خىيال ئەيلىسەڭ ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆڭۈل خاتىرەڭگە ئۇندان سىزنۋال .
— ئۇنداقتا بۇ غارايىب نەقىش ، ئاجايىپ سۈرەتكە شۇنىمۇ قوشۇپ سىزىۋالايكى ، — دېدىمەن — ئۆتكەن كېچە بولغان ئىشنى بايان قىلغىن . ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە ، شۇنچىلىك ئىغ .. مىنىسىنىڭنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى ؟
— بۇ ۋەقەنى بايان قىلغۇدەك سۈرەت يوقتۇر .

بېيىت

پەردىنى يىرتماق ئەمەس ئول ئەقلۇھوش ،
شام پەقەت پانۇستا يانغان ياخشىراق .

ئۇ شۇنداق دەپ يولىغا راۋان بولدى . ھەرقانچە يالۋۇرساممۇ دەرۋازىۋەن ۋە كېنىزەكلەر ئارقىسىدىن كىرىشىمگە يول قويمىدى . نازىنىن كۆزدىن غايىب بولۇشىغىلا ئۇلار مېنى ئۇ جايدىن قوغلاشتى . ئالتۇننى ھەرقانچە زورلىسىمۇ قوبۇل قىلمىدىم ، نائىلاج ئېلىپ كېتىشتى . مەن يەنە يۈرىكىم پارە - پارە ، كۆزلىرىم بەقەمدەك قىزارغان ھالدا مەسچىتنىڭ ھۇجرىسىنى ماكان تۇتۇپ ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي يالغۇز ئولتۇرۇشقا باشلىدىم . نالە - پىغان ئىلكىدە لەۋلىرىم يۇمۇلمايتتى . ئۇيقۇدىن بىدار كۆزلىرىمدىن ياش قۇرۇمايتتى . كۆڭۈل پەرىشانلىقىمنىڭ ۋەسپىنى ھىلالغا

ئېيتاتتىم .

نەزم
كۆردۈڭمۇ ، پەلەك جەبر ـ جاپا قىلدى ستەم ھەم ،
يەنە ئارزۇ ـ مەقسەتتىن قىلماقتىدۇر مەھرۇم ھەم .

كۆردۈڭمۇ ماڭا جەبر ـ جاپادىن ئۆزگىسى يوق ھېچ ،
ئەھدىلىك قىنى قىسمەتكە ، غەمدىن ئۆزگىسى يوق ھېچ .

ئالتە ئايغىچە كۈنۈم مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ ، غەمنىڭ تولىلىقىدىن ئاغرىپ قالدىم . تېنىم شۇنچىلىك زەئىپلىشىپ كەتتىكى ، ھالىمنى كۆرگۈچىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىمايدىغىنى يوق ئىدى .

بېيىت
مۇپتىلا بولغان ، ئىلاھا ، يوق كىشى بۇندىن خاراب ،
ھەم ساقايماس بۇ كېسەلدىن كۆڭلى ئۇنىڭ ئالدىراپ .

40 كۈنگىچە ئاغرىق ئازابى تارتىپ ئەھۋالىم ئوساللاشتى . ئاخىر ئۈچ كۈن ھوشسىز يېتىپ ئىختىيارلىق تىزگىنى قولۇمدىن چىقىپ كەتتى . مەسچىتتىكە كەلگۈچىلەر زەئىپ ھالىتىمنى كۆرۈپ ياشلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىشاتتى . تەقدىر قىسمىتى بىلەن بىر كۈنى ھېلىقى دەرۋازىۋەنمۇ مەسچىتكە كىردى . ئۇ مېنىڭ ئىشق سىرىمدىن بىخەۋەر ئىدى . جامائەت غېرىبلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىپ ، تەكىيەمگە ياش ئۈنچىلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى . دەرۋازىۋەن ماڭا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن سەپسېلىپ مېنى تونۇۋاپتۇ ۋە ھەسرەت ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا ئاي يۈزلۈكنىڭ ھەرەمگە كىرىپتۇ . ئۇل ياخشىلىق پادىشاھى ۋە مەھبۇبلۇق ئالىمىنىڭ مەلىكىسىگە ئەھۋالىمدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ :
ـــ ئۇ بىچارە دىلدارغا رەھىم كەلدى ، ـــ دەپتۇ .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مەھبۇب دەرۋازىۋەنگە ئەمر قىلىپ :

— بارغىن ، مىسكىن غېرىبنىڭ بېشىدا ئولتۇرغىن . ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە ، ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن كېپەنلەپ ، كىشىگە ئۇقتۇرماي ، مۇشۇ باغنىڭ خالىي يېرىگە دەپنە قىلغىن ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولاي . ئەگەر ھايات قالسىمۇ كەچ چۈشكەندە ئېلىپ كەلگىن ، كېسىلىنىڭ ئىلاجىنى قىلغايمىز . ئەگەر كۆز ئالدىمدا ئەجەل يەتسىمۇ ، ھوشىغا كېلىشىنى كۈتۈپ ئاخىرقى رازىلىقىنى ئالغايمەن ! — دەپتۇ .

دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ پەرمانىغا بىنائەن شۇ كۈنى بېشىمدا ئولتۇرۇپ ، قۇۋۋەت شەربىتىنى ئاغزىمغا ئارقا - ئارقىدىن تېمىتىپ تۇرۇپ ، كەچ بولغاندا ھەرەم بېغىغا ئېلىپ باردى . ئۇ ۋاپادار دىلدار رەھىم ئەيلەپ ، ئۆزىنىڭ تېۋىپىنى چاقىرتىپ ئاغرىقىمنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا بۇيرۇدى . تېۋىپ بەدىنىمدىن زەئىپلىكتىن باشقا كېسەللىك ئالامىتىنى تاپالمىدى . ئۇ مېنى پەقەت قۇۋۋەت شەربىتى ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان لەززەتلىك تائاملار بىلەن داۋالاپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى . تۆتىنچى كۈنى كېچىسى ھوشۇمغا كەلدىم . كۆردۇمكى ، زۇلەيخا سۈپەت مەھبۇبە بېشىمدا ئولتۇرۇپ ، گۈل يۈزىگە ياشلىرىنى ئاققۇزغىنىچە ، ئاغزىمغا ئۆز قولى بىلەن شەربەت تېمىتىۋېتىپتۇ .

بېيىت

ئاشىق دەردىنىڭ داۋاسى ، ياخشىسى ، مەشۇق ئىرۇر ،
بەلكى پەرھاد ئاغرىقىنىڭ شەربىتى شىرىندۇرۇر.

شۇنداق قىلىپ ، مەيخورلارنىڭ كۆزىدەك ھىجران پەردىسى قاپلىغان كۆزۈمگە ئۇنىڭ ئىزىنى لەئلى - جاۋاھىر سۈرمىسىدەك تارتىپ ، قانغۇدەك يىغلىغاندىن كېيىن مېھرىبان شەپقەتچىمنىڭ ئىلتىپاتلىرى سايىسىدا بىمار تېنىمنىڭ شىپاسى ، كۆڭۈل ۋە جان بېغىمنىڭ ئارامى ھاسىل بولدى . ئۇ ئاتا قىلغان چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن پۈتۈن ئاغرىق

ئازابىدىن خالاس تېپىپ ، ھاياتلىققا قايتىدىن ئۈمىد باغلىدىم . كۈندىن كۈنگە ماغدۇرۇمغا كېلىپ ، 20 كۈن بولغاندا پۈتۈنلەي ئەسلىمگە كەلدىم . شۇ جەرياندا ئول ئاي يۈزلۈك دىلدار ھالىمدىن خەۋەر ئالدى .

ئۇ ساقايغانلىقىمنى كۆرۈپ سورىدى :

— ئەي يىگىت ، مەقسەت - مۇددىئايىڭ نېمىدۇر ؟

مەن بىقارارلىق ئىلكىدە تارام - تارام ياش تۆكۈپ :

— پىدايىڭدۇرمەن ! — دەپ جاۋاب بەردىم .

نەزم

كۆڭۈل دەردىكى پىنھاندۇر ئىچىمدە ،
ئىرۇرمىش ئامان - بەخت كۈلپەت ئىچىدە.
گەر ئاھىم خورمىدەك ئايرىلسا شاختىن ،
ئىرۇرمىش يۈزمىڭ گۈل ھەسرەت ئىچىدە .

نەزمدىن كېيىن ئېيتتىم :

— ئى دەردىڭدە سولاشقان جىسمىمنىڭ پەرۋىشچىسى ، مۇددىئايىم بۇ ئەرزىمەس جېنىمنى باسقان ئىزلىرىڭغا پىدا ئەيلەپ ، قەدەملىرىڭ تەگكەن توپىنى تۇتىيا بىلىپ كۆزۈمگە سۈرتۈشتۇر . خىزمىتىڭدە بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكىنىمدىن بۇيان ، سۈنغان كۆڭلۈمدە ھېسابسىز تۈگۈنلەر بار .

ئۇ چىن دىلىدىن قايغۇرۇپ دېدى :

— ئى يىگىت ، دەرۋەقە مەندە سېنىڭ ھەققىڭ تولىدۇر . قورقىمەنكى ، قىيامەتتە ئۇنىڭ ھېسابىنى قانداق بېرەرمەن ؟ ئەگەر سەن مېنىڭ خىزمىتىمدە قاچانغىچە تۇرساڭ ، مەن ھەم سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئېلىشنى ئىستەيمەن . ئىشەنگىنكى ، قەدەملىرىمنى مەسلىھىتىڭ بويىچە باسقايمەن .

ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىي نەسەبىنى ئاشكارىلاپ ،



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇ شام پادىشاھىنىڭ قىزى ئىكەن.

# مەلىكە بىلەن تاز

ئى يىگىت، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، مەن شام پادىشاھىنىڭ قىزىدۇرمەن. ئاتامنىڭ مەندىن بۆلەك پەرزەنتى يوق ئىدى. شۇڭا مېنى بەك ئەتىۋارلايتتى. مەن ئۆزۈمنى بىلمەي هاراق - شارابقا بېرىلىپ كەتتىم. پۈتۈن شەھەردىكى گۈل يۈزلۈكلەر، ئولۇغزادىلەر، ئەكابىرلار، ساھىبجامالالارنىڭ ھەممىسى قەدەھ شادلىقى بىلەن مېنىڭ ياخشىلىقىم نۇرىدىن بەھرىلىنىپ كۆڭلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزەتتى. سازەندە كېنىزەكلەرنى كۆپرەك خىزمىتىمدە ساقلايتتىم. قىسقىسى، ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا كۆپلەپ ۋەج سەرپ قىلىپ، ئۆمرۈمنىڭ باھارىنى غاپىللىقتا ئويۇن - كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزدۈم. شۇنداق قىلىپ، مەلۇم بىر ئايەم كۈنى يېتىپ كەلدى. بۇ زۇلھەججە ئېيى بولۇپ، شارابنى تەرك قىلماقلىق لازىم ئىدى. ئەمما، ئويلىدىمكى، شۇ كۈنلەرنىڭ ئالدىدىمۇ خۇمارلىق سەۋەبىدىن ئاغرىپ قالغان ئىدىم، يۈرىكىم ئاغرىپ، پۇت - قوللىرىم تىترەيتتى. خۇدا بۇنداق چىدىغۇسىز ئاغرىقنى دۈشمەنلىرىمگىمۇ كۆرسەتمىسۇن!

قېشىمغا نەدىندۇر پەيدا بولغان دەرۋازىۋەن ھالىتىمدىكى ئۆزگىچەلىكنى كۆرۈپ، ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— مەلىكە، كۆكنار ئىچسىلە ساقايغان بولاتتىلە.

— بۇ كەمگىچە «كۆكنار» دېگەننى ئاڭلىماپتىكەنمەن، ھازىر قىلىڭلار! — دېدىم.

سارايغ غوجىدارى چىقىپ كۆكنار تېپىپ كەلدى. ئۇ 8 — 9 ياشلاردىكى بىر تازچاقنى ئەگەشتۇرۇۋالغان ئىدى. بالىنىڭ ئۇچىسىدىكى جۇلجۇل كىيىملەر كىشىنى يىرگىندۇرەتتى. جەندىسىنىڭ

رەڭگى كۆكنار شىرنىسىدىن پەرق ئەتكۈسىز ئىدى . كىگىز بۆك ، كالتە ئىشتان كىيىپ ، بېلىنى نەچچە يەردىن ئۈلانغان شويىندا باغلىۋالغان بۇ تازچاق كۆكنار كوزىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى . ئويلىدىمكى ، دەرۋازىۋەننىڭ بۇ تازچاقنى ئېلىپ كېلىشتىكى مەقسىتى مۇشۇ پۇرسەتتە مەندىن بىرمۇنچە پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئىدى .

پەلەكنىڭ گەردىشى پىتنە رېڭىنى چېچىپ ، ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . ئۇل نومۇسسىزنى كۆرۈش بىلەنلا ۋۇجۇدۇمغا قەھر ـ غەزەپ يۇزلەندى ـ دە ، دەرۋازىۋەنگە كايىدىم .

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— سالامەت بولغايلىكى ، خۇدانىڭ بەندىسىگە ھاقارەت نەزىرى بىلەن قارىماق ياخشى ئەمەس ، ھەقىقەتتە ھەممىمىز بىر دەرگاھنىڭ بەندىسىدۇرمىز .

ئى يىگىت ، شۇ ھامان ئۇ تىلى كېسىلگۈرنىڭ سۆزى تەسىر قىلدى . دەرۋازىۋەن ساقىي بولۇپ قەدەھنى كۆكنارغا تولدۇرۇپ ، قىزلار- نىڭ ھەممىسىگە ئاز ـ ئازدىن ئىچۈردى . ئۈلارنىڭ تەكلىپى بىلەن مەنمۇ خېلى ئىچتىم . بىردەمدىن كېيىن ، كۆكنارنىڭ كەيپى خۇمارىمنى بېسىپ ، باش ئاغرىقىدىن خالاس تاپتىم ھەم ناھايىتى راھەتلەندىم . قىزلار بولسا ھېلىقى تازنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ، ھەزىل سۆزلەر بىلەن ئازار بەرمەكتە ئىدى ، تاز ئاھانەتكە چىدىماي يىغلاۋاتاتتى .

— ئۇنى يىغلىتىۋاتقان بىئەدەپلەر كىمدۇر ؟ — دەپ ۋارقىرىغان ئىدىم ، دەرۋازىۋەن :

— بۇ بالا ناھايىتى مەسخىرىۋازدۇر ، — دېدى .

— بۇ كىچىككىنە تۇرۇپ قانداقمۇ چاقچاق قىلالىسۇن ؟

— ئۇمۇرلىرى ئۇزاق بولغاي ، — دېدى دەرۋازىۋەن ، — بۇ بالا ھارامدىن بولغان ، كۆكنارخانىلاردىكى تامام يارەنلەر ئۇنىڭ دوستلىرىدۇر .

— چاقىرغىن ، مەن ئۇنى بىر كۆرەي ، — دېگەن ئىدىم .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دەرۋازىـۋەن بـاشلاپ كـىـردى . شوخلۇقتىن دەرۋازىۋەنگە بىرنەچچە ئېغىز سـۆز قـىـلـىـۋىدى ، كىچىكلىكىگە باقماي سۆزگە ئۇستىلىقى دەرۋازىۋەننى ئوسـال ئەھۋالـغـا چـۈشـۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ كـۈلـدۈم . غوجىدارغا پەرمان قىلىپ كۆكنار ئەكەلگەن كوزىسىنى ئالتۇنغا تـولـدۇرغۇزۇپ بەردىم ۋە كۈندە كۆكنار ئەكىلىشنى بۇيرۇدۇم . ئۇ بۇيرۇ- قـۇمـنـى بـەجـا كـەلـتـۈردى . دەرۋازىۋەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەزىل قىلىشىپ كۆكنار ئىېلىپ ئىچىپ تۇردى .

ئۇلـۇغ ئايـەم كـۈنلىرى تۈگىگەندىن كېيىن يەنە شارابخورلۇققا بې- رىـلـدىم . كۆكنار ئىچكۈم كەلسە يۈرىكىم ئاغرىپ ، كۆز ۋە بۇرۇنلىرىمدىن سـۇ تـامـاتـتـى . بۇنداق چاغدا ھېلىقى تازنى ئەسلەيتتىم . ئۇ يەنە كۆكنار ئەكـېـلـەتـتـى ، سۆھبەتلىرىمىزگە قاتنىشاتتى ، گاھىدا بەزمىلەردە ئۇنىڭغا شارابلار ئىچۈرەتتۇق . لېكىن ئۇنىڭ ئۈچىسىدا يەنىلا ئەسكى تون ، كىگىز بـۆك ، كـالتە ئىشتان بار ئىدى . تۇرغان تۇرقى بەك سەڭگۈەيران ئىدى . گـۇمـان قـىـلـدىـمـكى ، مەن بەرگەن ئالتۇننى خوجايىنىغا بەرسە كېرەك ، شۇڭا ئۇ ئالتۇنلار كۈپايە قىلماپتۇ .

— ئۇنـىـڭ كـوزىـسـىـنـى ئالـتۇن - تىللاغا تولدۇرۇپ بېرىڭلار ، ئۇسـتـىـشـىـنى ئوڭلىۋالسۇن ، بۇنداق ئىنئام قىلىش يەنە ئالتە ئايغىچە شۇ تەرىقىدە داۋاملاشسۇن ! — دېدىم .

ئەمـمـا ئۇ يـەنىلا جۇلجۇل كىيىملىرى بىلەن كېلەتتى . ئاخىر دوق قىلدىم :

— ئۇسـتىشىڭنى نېمىشقا يېڭىلىمايسەن ؟ ساڭا بەرگەن ئالتۇن - تىللالار نەگە كەتتى ؟

بالا يىغلاشقا باشلىدى ۋە ئېيتتى :

— مـەن ئـىـگـە - چـاقـىـسىز بىچارە يېتىمدۇرمەن . ئۇستازىم مېنى چـاكـار قـىـلـىـۋالـغـان بولۇپ ، ھەققىمگە يىلدا بىر تىللا ، كۈندە بىر نان بېرىدۇ . ھەرقانداقلىكى نەرسە تاپسام ئېلىۋالىدۇ .

ئۇنـىـڭ ئۇسـتـازىـنـىـڭ نامەردلىكى تۈپەيلى كۆڭلۈمدىن :« مۇشۇ

كىچىك بالىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دىنار تېپىۋاتسا كېرەك » دېگەن ئوي كېچىپ ، ئۇنىڭغا ئېيتتىم :

ــ كۆكنار ئېلىشنى بىلەمسەن ؟ بىزنىڭ قېشىمىزدا تۇرغىن .

ــ ئەگەر مۇناسىپ كۆرسىلە ، ئىتلىرىغا خىزمەت قىلغايمەن ، ــ دېدى ئۇ .

ئاندىن دەرۋازىۋەنگە بۇيرۇق چۈشۈردۈم :

ــ بۇ بالىغا ئوبدان قارا ، كۆكنار ئەسۋابلىرىنى تەييارلاپ بېرىپ ، ھالىدىن خەۋەر ئالغىن !

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يېڭى كىيىملەر ئېلىپ بەردىم ، بېشىدىكى جاراھەتكە ئامال قىلدىم . ئۇ مەينەتچىلىكتىن خالاس تېپىپ ، يارىشىملىق لىباسلارنى كىيدى ، لەززەتلىك تائاملارنى يەپ ئەھۋالى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشىلاندى ، ھۆسنىگە تولۇپ قاملاشقان يىگىت بولدى . كېنىزەك ۋە ئۆلپەتلىرىم ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن زوق ـ لەززەت ئالار ئىدى . ئادەم بالىسى ياخشى پەرۋىش تاپسا تېزلا يېتىلىدىكەن . ئاخىر ئىش شۇ يەرگە يەتتىكى ، ئۇنىڭ مۇھەببەت قوزغاتقۇچى كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئۆتكۈر نۇرلار كۆزلىرىمدە چېقىن پەيدا قىلدى ، مۇھەببەتلىك بېقىشى كۆڭۈل قەسرىمدىن جاي ئېلىپ ، بىردەم كۆرمىسەم ۋىسال تەشنالىقى قىينايتتى ، كۆڭلۈم ئارامسىزلىنىپ ئىچىم سىقىلاتتى ، ئەقىل ـ ھوشۇمدىن ئايرىلغاندەك بولاتتىم ، كۆزلىرىمدىن ياشلار تۆكۈلەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىم ئۇچرىشىپ قالغاندا ، پۇت ـ قوللىرىم تىترەيتتى ، روھىي ھالىتىمنى كۆرگەنلەر ئىشقتا گىرىپتار بولغانلىقىمنى سېزىۋالايتتى .

بېيىت

رەڭگىرۇھى ئۆچمەكلىك ، يۈرەك رەتسىز سوقماقلىق ،
يىراق ئەمەس ئاشىقتا ھامان رەسۋا بولماقلىق .

ئۆچ يىلغىچە ئۇنىڭ بىلەن ئىشقۋازلىق قىلىپ ، مۇھەببەتنىڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ھىجر ـ ۋىسال مەنزىللىرىنى ھەر تەرىقە باستىم. بۇ ھالنى كۆرگەن يېقىن قاياشلىرىم، ئىنىكئانىلار مەسلىھەت بېرىپ:

— بۇ تازنى خالايىقنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلىپ، ئىشقۋازلىقنى خۇپىيانە ئېلىپ بارغايلا، مەلىكە. بولمىسا كۆڭۈللىرىگە مالاللىق يېتىدۇ، ئۇ خالايىق بىلەن خىزمەتكار سۈپىتىدە كۆرۈشكەي! — دېدى.

بۇ مەسلىھەتنى خوپ كۆرۈپ، تازنى خىزمەتكارلار قاتارىدا تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇشقا پەرمان چۈشۈردۈم. ئىككى مىڭ تىللا سەرپ قىلىپ، بازارنىڭ ئاۋات كوچا دوقمۇشىغا ئۇنىڭغا ئاتاپ سودىگەرچىلىك دۇكىنى سالدۇرۇپ بەردىم. دۇكان ئالاھىدە زىننەتلەندى. كىشىلەر ھەر جەھەتتىن مېنىڭ يۈز ـ خاتىرەمنى قىلىپ ئۇنى ھۆرمەتلىشەتتى. ئاتام ۋە ئوردىغا لازىملىق نەرسىلەر ئۇ دۇكاندا تەل ئىدى. غۇلاملار ئۇنىڭ ئالماق ـ ساتماق ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. قەسىر باغچىسىدىن ئۇنىڭ دۇكىنىغىچە يەر ئاستى يول ياسالغان بولۇپ، بۇنى ئىنىكئانا بىلەن قىزى ۋە دەرۋازىۋەندىن باشقا ئادەم بىلمەيتتى. ئۇلار كېچىسى ئەل ئۇيقۇغا پاتقاندا ئۇنى خىزمىتىمگە ھازىر قىلاتتى، بەزمە ـ سۆھبەتتىمىز سۈبھىغىچە داۋاملىشاتتى. مۇشۇ تەرىقىدە كۆڭلۈمنى بىر مەزگىل خۇش قىلىپ يۈردۈم. ئاشىقى ـ دىۋانىلىق دەستىدىن ئەلنىڭ تەنە ـ مالامىتىگە كۆمۈلۈپ، بېشىمنى كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالغا يەتتىم. لېكىن، خىزمەتكارلار ئەدەپ يوللىرىنى تۇتۇشنى ئوبدان بىلەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ھايا بېغىنىڭ غۇنچىسىنى كۆڭلى پەرىشان ھالدا كۆرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىدىم. ئۇ دېدىكى:

— شەھەرنىڭ چېتىدە بىر باغنى كۆردۈم. ئۇنىڭدەك خۇش ھاۋالىق جاي بۇ ئىقلىمدا تېپىلمايدۇ. باغنى ئىگىسى ساتماقنى ئىختىيار قىپتۇ. باھاسى ئۈچ مىڭ تىللا ئىكەن. ماڭا مىڭ تىللاغا بەرمەكچى بولدى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بىردىنلا شۈكلەپ قالدى. بىلدىمكى، ئۇنىڭ خەجى تۈگەپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ باغنىڭ پۇلىنى بېرىپ

سېتىۋالدىم . شۇ كېچىسى باغنى كۆرۈپ باقماق ئۈچۈن باردىم . ئەلھەق ، شادلىق ئەيشىنىڭ خۇشاللىق بېغى ئىكەن . باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش كۆل بولۇپ ، ھەربىر كۆلنىڭ ئەتراپىدا ئۆستۈرۈلگەن ئۆزگىچە گۈل ـ گىياھ ۋە بوستانلار زىننەت بېرىپ تۇراتتى . گەپنىڭ نەق ئۆزىنى ئېيتقاندا ، ئۇ-نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيتتىم . ئۇنىڭسىز گېلىمدىن بىر تېمىم سۇمۇ ئۆتمەيتتى . ئۇنىڭ شوخلۇقى كۆڭلۈمنىڭ خۇشاللىقى ئىدى . راست ، مەشۇقىنىڭ رىزاسى ئاشىقلار مەزھىپىدە پەرزدۇر . مەلۇم ۋاقىت مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى .

بىر كېچىسى ئۇ ئېيتتىكى :

— رۇملۇق بىر كېنىزەك بولۇپ ، سازەندىلىكتە تەڭدىشى ئاز ئى-كەن . ئىگىسى ئۇنى ساتماقچى بولۇپتۇ . نەغمە ئىلمىدا ، خىزمەت بابىدا گەپ كەتمەيدۇ .

ئۇ شۇلارنى دەپ ، جىم بولدى . بىلدىمكى « شۇنىڭ خىزمىتىنى خالايدىكەن » . كۆپ ئويلاپ تۇرمايلا ، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ، رۇم كېنىزىكىنى 200 تىللاغا سېتىۋېلىپ خىزمىتىگە قويدۇم . مەن ھەم ئۇ كېنىزەكنىڭ سۆھبىتىدە بولۇپ ، نەغمىسىنى ئىشىتتىمكى ، تەرىپلىگەندىنمۇ ئارتۇق ئىكەن . ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن ۋە ئالتۇن ـ جاۋاھىر زىبۇزىننەتلەرنى ئىنئام قىلدىم . پۇرسەت تاپسىلا سۆھبەت ـ نەغمىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ ، بىر ئاي شۇ تەرىقىدە ئۆتتى .

بىر كېچىسى ئۇ يىگىتنى چاقىرغىلى ئىنىكئانىنى ئەۋەتكەن ئىدىم ، « مەلىكە تەقسىراتلىقىمنى ئەپۇ قىلغاي ، بۈگۈن كېچە بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ ، خىزمىتىگە بارالمايمەن » دەپ قايتۇرۇپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئۆزۈم كۆرگىلى باردىم . كۆردۈمكى ، ئۇ كېنىزەكنىڭ ئېتىكىگە بېشىنى قويۇپ ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئىشرەتۋازلىق قىلىۋېتىپتۇ . ئۇنىڭ ئاجىز-لىق قىلىپ كېنىزەككە كۆڭۈل بەرگەنلىكىنى بىلدىم . قول ـ پۇتلىرىمغا تىترەك ئولاشتى ، لېكىن بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشتىم . ئۇلار مېنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ كەتتى ـ دە ، دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ ، ھەرقايسىسى بىر-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دىن بۇلۇڭغا بىرىپ ئولتۇردى . بۇ ئىشنى يۈزىگە سىلىشنى راۋا كۆرمەي ، مېھرىبانلىق كۆرسەتتىم . كېنىزەك ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقى ۋە ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ يىغلىماقتا ئىدى . يىگىت بولسا مېنىڭ بىلەن ئاۋۋالقىدەك مۇئامىلىدە بولمىدى .

ئەلقىسسە : شۇندىن تارتىپ راھەت يۈزىنى كۆرمىدىم . ئەكسىچە كېچىلىرى نالە - پەرياد چېكىپ تۈننى تاڭغا ئۇلايتتىم . ئۇ نەچچە كېچە يېنىمغا كەلمىدى . مەن ۋىسال ئارزۇسىدا بىتاپ بولۇپ ، بىر كىشىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم . ئۇ :

— ئۆيدە يوقكەن ، — دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى .

ئىشىق ئوتىدا كۆيۈپ ، خالايىق ئۇخلىغاندا ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە ، خىزمەتكارلىرىمدىن بىرنى ھەمراھ قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم . ئىلتىپاتىم بىلەن ھال سورىغىلى كىرىپ كەتكەن خىزمەتكار قايتىپ چىقىپ دېدىكى : « ئول كېنىزەك بىلەن ئۇلپەت بولۇپتۇ ، بۈگۈن كېچە تەشۋىشسىز ھالدا باغقا بېرىپ تاماشا قىلماقچىكەن » .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى ، ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم . ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ باغ تامان راۋان بولدۇم . باغنىڭ ئىشىكى تاقاقلىق تۇرۇپتۇ . كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن باغقا كىرىپ كۆردۈمكى ، ئىككىسى كۆڭلەكچان ھالدا بىر - بىرىگە شىرنە - شېكەردەك چاپلىشىپ باغنىڭ بىر چېتىدە ئىشقۋازلىق پەيزىنى سۈرۈۋېتىپتۇ . قاراشقا تاقىتىم تۈگەپ ، پۇتلىرىمدىن ماغدۇر كەتكەن ھالدا جايىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم . تىلىم ھەم سۆزگە كەلمەيتتى .

ئۇلار جامنى قولىغا ئېلىشتى . كېنىزەك مەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان ئىكەن ، ئىختىيارسىز بۇ نەزمنى ئوقۇدۇم :

نەزم

نە ئەيلىدىمكى پەلەككە بى ۋەسلە داغ قىلىپ ،
ئەجەل دەۋاسىدا مېنى كۈنۈتۈن سوراق قىلىپ .

كېنىزەك ئاۋازىمنى ئىشىتىپ تونۇدى ، جامنى يىراق تاشلاپ قولىنى يىگىت تەرەپكە سىلكىپ تۇرۇپ :

ــ ئەي يىگىت ، جۇپتۇڭ بار تۇرۇقلۇق ، يەنە مەن بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ نېمە ۋەجىدىن ئۇنىڭغا ۋە ماڭا ئازار يەتكۈزىسەن ؟ ــ دېدى .

ئاندىن يىگىت ماڭا بېقىپ ئېيتتىكى :

ــ ئى مەلىكە ، خۇدا سىلىنى سالامەت قىلسۇن . مېنىڭ بىلەن نېمە ئىشلىرى بار ئىدى ؟ ماڭا ئات ـ تۆگە ساتقانمىدىلە ياكى مېنى پۇلغا سېتىۋالغانمۇ ؟ مەن خانىماندىن كەچتىم ، سىلىمۇ مەندىن كەچسىلە ئەمدى !

ــ ئى نامەرد ! ــ دېدىم ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىمغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ ، ــ مەن ھەمسۆھبىتىڭدىن بەھرە ئالسام نېمە بوپتۇ ؟

ــ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرمىگۈچە كۆڭۈللىرى تىنمايدىغان ئوخشايدۇ ! ــ دېدى ئۇ .

پەتنە قوزغىغۇچى كېنىزەك مازاق كۈلكىسى بىلەن ئۇنىڭ جاسارەت ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەن ئېلىپ بەرگەن خەنجىرىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ ئۆزىگە سالماقچى بولغان ئىدى ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىككى قولىنى تۇتۇۋالدىم ۋە پۇتلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ :

ــ پەدادۇرمەنكى ، ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلسە مېنى ئۆلتۈرگىن . ئۆلۈمگە مەنلا لايىقتۇرمەن ! ــ دېدىم .

ئۇ قەھر ـ غەزەپ بىلەن خەنجەرنى كۆكرەك ـ بېقىنلىرىمغا ، بىلەك ـ يۈزلىرىمگە سانجىۋەردى . ھايال ئۆتمەي ھوشۇمدىن كېتىپ ، كېيىنكى ئىشلارنى بىلمىدىم . ھوشۇمغا كەلسەم سەن بېشىمدا تۇرۇپسەن . ھېلىقى باغنىڭ بىر تەرىپى شەھەر قورغىنى بولۇپ ، ئۇ مېنى ساندۇققا سولاپ قورغاننىڭ خەندىكىگە تاشلىغان ئىكەن . رىزقىم تۈگىمىگەن ئىكەن ، خەندەكنىڭ بويىغا چۈشۈپتىمەن . سەن سەۋەبچى بولۇپ ھايا-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تىمنى قۇتقۇزۇۋاپسەن .

بېيىت
ئەگەر ئالەم قىلىچىنى قولغا ئالسا ،
كېسەلمەس ئاللادىن بىئىزنى زىنھار .

مەن تۆكۆلگەن قېنىمنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن قىساس ئالدىم . ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەن ئىدىم ، ئاخىر بېرىپ ماڭا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى ساڭا سۆزلەپ بەردىم . مېنىڭ ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقىمنى كۆردۈڭ .

# تۇز كورنىڭ ئۆلۈمى

ئى دەرۋىشلەر ، ئۇ كۈمۈش بەدەننىڭ غەيرىتى ۋە مەردانىلىقىغا ئاپىرىن - تەھسىنلەر ئوقۇدۇم . ئۇنىڭدىن سورىدىمكى :

— يېرىم كېچىگىچە ئىككىمىز بىللە ئىدۇق ، يېرىم كېچىدىن كېيىن ئۆيدە پەيدا بولغان بىساتلار نەدىن كەلدى ؟ ئىككىسىنى بىر ياقلىق قىلىپ بولۇپ غايىب بولغانلىرى قانداق ئىش ؟

— بىساتلارنى ئاتامنىڭ ئوردىسىدىن كەلتۈرگەن ئىدىم .

— ئۆيلىرىگە قانداق كىرەلىدىلە ؟ يوقاپ كەتكەنلىكلىرىنى قانداق چۈشەندۈردىلە ؟

— ئى يىگىت ، بىلمىسەڭ كېرەك ،— دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ ،— شام پادىشاھلىقىدا شۇنداق بىر قائىدە باركى ، پادىشاھ ئالتە ئايغىچە ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولىدۇ ، يەنە ئالتە ئايغىچە خۇدايىتائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدۇ . مۇشۇ كۈنلەردە ئاتام ئوردىدا ئەمەس ئىدى . ئانام ئەقلىنىڭ زىيادىلىكىدىن بۇنى ھېچكىمگە دېمەيتتى . دەرۋازىۋەنلەر مېنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئىدى . سەن ئۇ يىگىتنى تەكلىپ قىلغىلى كەتكەندە ، مەن نىقابلىنىپ ئوردىغا بېرىپ ئانام بىلەن كۆرۈشتۈم . ئۇ مېنى سالامەت ھالدا

كۆرۈپ ، ئەھۋالىمنى سورىدى .

— ئى ئانا ، خۇدا ئۆزى گۇۋاھكى ، مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن غايىب بولمىغان ئىدىم . مەندىن ھېچقانداق خاتالىق ئۆتمىدى . نومۇسچىلىقىمغا دەز كەتكۈزمىدىم ، — دېدىم .

ئۇ گېپىمگە ئىشەنمىدى . پەقەت تەكشۈرۈپ كۆرۈپ « ئامانەت » نىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، خۇشال بولۇپ ئاللاتائالاغا شۈكرىلەر ئېيتتى . مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ، پۇتلىرىنى سۆيۈپ يالۋۇرۇپ ، يەنە ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سورىدىم . ئاندىن لازىمەتلىك نەرسە - كېرەك ۋە خىزمەتكارلارنى ئېلىپ ، دېگەن مۇددەتتە قايتىپ كېلىشكە ۋەدە قىلدىم . ئانام مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە سالامەت كۆرۈشكەنلىكىنىڭ خۇشاللىقىدا 33 ئۆينىڭ سەرەمجانلىرىنى بەردى . ئىككى تۇزكورنىڭ جېنىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن ، شۇ كېچىدىلا خىزمەتكار ۋە بارلىق سەرەمجانلارنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدىم .

ئى دەرۋىشلەر ، ئول شېكەر تىل گۈزەل بىر ئېغىز گەپ قىلىپ يامغۇردەك ياش تۆكەتتى ، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكۈچە مېنىڭ كۆز ياشلىرىممۇ ئېقىپ پۈتتى . ئۇ سۆزىنى تامام قىلىپ بولغاندىن كېيىن :

— ئى يىگىت ، ئەمدى قانائەتلەنگەنسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— ئى سېھرىنىڭ مېھرى ، ھازىرچە قانائەت تاپتىم . شېرىن سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈمنى خۇشال قىلدىڭ . جان - تېنىم ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇنكى ، كۆيگەن يۈرەكنىڭ دورىسى بولۇشقا رازىدۇرمەن .

سۆزۈمنى ئاڭلىغان مەلىكە خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . ئاندىن ئاجىز دىلىمنىڭ سۇنۇقلۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ ، تۇتىدەك شېرىن تىللىرىدىن شەربەت تامدۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

بېيىت

توپان بالاسىغا دىل ۋە دىن بەردىم جان ھەم ،
كەلكۈن كېلىپ ئېلىپ كەتتى ئۆيۈمدىن ھەم غەم .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بۇنىڭدىن بۆلەك ئىلاجىم يوقكى، نومۇس ساقلىغايمەن، كۆڭ-
لۈڭگە ھەم ئازار بەرمەيمەن. بۇ شەھەردە تۇرۇپ رازىلىقىڭنى ئېلىشنىڭ
ئامالىنى تاپالمىدىم. بۇ يەردىن كېتىشىڭ كېرەك، سەھرا دەشتلەردە
يۈرۈش ھىممىتىنى تەلەپ قىلماقلىق ئەۋزەل. تەقدىر قىسمىتىمۇ ئەزەلدىن
شۇنداق بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمدى ۋاقتىنى كۈتكىنكى، تەقدىرنىڭ
قانداقلىقىنى كۆرەيلى.

ئى دەرۋىشلەر، بۇ سۆزلەر پەرىشان كۆڭلۈمگە خاتىرجەملىك ئاتا
قىلدى. بىرنەچچە كۈن دەرۋازىۋەنىڭ مېھمىنى بولدۇم. بىر كېچىسى
كۆز يۇمماي ئول دىلدارنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىقتا تىكىلىپ تۇراتتىم،
ۋاپادارلىق سەرۋەرىنى كۆرۈش نېسىپ بولدىكى، كېچە قاراڭغۇسىدا ئابد-
ھاياتتەك ئېقىپ كېلىپ:

— پۇرسەت غەنىيمەتتۇر! — دېدى

## غايىب بولغان مەلىكە

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدۇم. ئۇ
خاس ئاتخانىغا باشلاپ كىرىپ، شامالدىن يۈگۈرۈك ئىككى ئاتنى ئىگەر-
جابدۇقلىرى بىلەن قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، ئالدىن
تەييارلاپ قويۇلغان ئىككى خۇرجۇن ئالتۇن-تىللا ۋە يىمەكلىكلەرنى
ئېلىپ چىقتۇق-تە، ئاتقا ئارتىپ شەھەردىن ئۇزىدۇق. شۇ ماڭغانچە
مەنزىلى نامەلۇم سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېچە-كۈندۈز دېمەي يۈر-
دۇق. كۈندۈزلىرى بىرەر جايدا ئارام ئېلىپ، ئاتنى ئوتلاتقاندىن باشقا،
قېنىپ ئۇخلاپ باقمىدۇق. يىمەكلىك تۈگىگەندە ياۋايى ھايۋانلارنى
ئوۋلاپ كاۋاپ قىلىپ يېدۇق. قانچىلىك يول يۈرۈپ، قەيەرگە
ئۇلاشقىنىمىزنى بىلمەيتتۇق.

بىر كۈنى كېتىۋېتىپ، ئول ئاي يۈزلۈك شۇنداق دېدى:

— ئى يىگىت ، نومۇسۇمنى ، مال ـ دۇنيانى ، يۇرتۇمنى سېنى دەپ تاشلىدىم . سەنمۇ ھېلىقى ۋاپاسىز سىتەمكاردەك تۈزكورلۇق قىلارسەنمۇ ياكى ئەھدىڭگە سادىق بولارسەنمۇ ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىلىق كۈتكەن ئىدىم .

مەن ئۈنچىقمىدىم . بىز بىر ئايچە مېڭىپ ، بىر كېچىسى يولدىن ئازغىنىپ كەتتۇق . ئالدىمىز باش ـ ئايىغى يوق چۆللۈك ئىدى . ھاۋانىڭ تىنجىقلىقىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن توختايتتى ، ئاتلىرىمىزمۇ ھالىدىن كەتكەن ئىدى . ئاخىر بىر تۈپ دەرەخنى ئىلغا قىلىپ ، ئۇنىڭ سايىسىغا تەستە ئۇلاشتۇق .

مەن ئۇل ۋاپا پەرىشتىسىنى ئارام ئېلىپ تۇرۇشقا سايىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، يول ئىېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلىق يۈرۈپ كەتتىم .

مەن قايتىپ كەلگەندە ئۇل جاھان ئاپتىپىدىن ئەسەر يوق ، ئەندىشىگە چۈشتۈم . « بىرەر ھەييار كىشى كېلىپ قالغان بولسا ، ئۇنى بۇ يەردە كۆرۈپ شام شەھىرىگە قايتۇرۇپ كەتكەن بولمىغاي » دەپ ئويلاپ ، ئۇستۇۋېشىمنى ئۆزگەرتىپ شام تەرەپكە يۈردۈم . شەھەرگە يېتىپ بىرىپ ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدىم . ئۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ كۆزلىرىمدىن ياش ئورنىغا قان ئاقتى . جاھاندىكى بارچە شەھەرلەرنى ئاختۇرۇپمۇ بىر نىشان تاپالماي ياكى خەۋىرىنى ئالالماي : « يار ـ دوستىسىز تىرىك يۈرگەندىن كۆرە ، تىرىكلىك بىلەن ۋىدالاشقان ياخشىراق » دەپ ئويلىدىم .

بېيىت

تىرىكلىك مەھبۇبنىڭ دىدارىغا خاس ،
مەھبۇبسىز ياشىماق ھاياتلىق بولماس .

راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ ھاياتلىق سۈيىنى ھاياتلىقىمدىكى مۇشۇ مۇساپىر چىلىقىمدا كۆرگەن بولسام ياكى خەۋىرىنى ئالالىسام قانداق بولۇپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كېتەر ئىدىم ! ئاخىر ئۆزۈمنى ھالاك قىلماق قارارىغا كېلىپ ، بىر تاغنى كۆزلەپ ماڭدىم ـ دە ، ئۈستىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ تىرىكلىكتىن خالاس تېپىپ ، ئول جانان يولىدا جېنىمنى قۇربان قىلماقچى ، بۇ ئالەمنىڭ غەم ـ غۇسسەلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولدۇم . تاغنىڭ خۇش ھاۋالىق بىر يېرىدە بىر زاھىت كىشىنى ئۇچراتتىم . ئۇ جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى . بۇلاق بويىغا سېلىنغان جايىنامازدا قۇرئان تىلا-ۋەت قىلىۋاتقان زاھىت مېنى يىراقتىن كۆرۈپ ئورنىدىن قوپتى ، قېشىغا بارغىنىمدا ھالىمنىڭ پەرىشانلىقىدىن خاۋاتىرلىنىپ ئەھۋال سورىدى . بۇ ھېكايەتنى ئول ھىدايەت يولىنىڭ مۇخلىسىغا بايان قىلىپ ، كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئېيتتىم . ئۇ كەلگۈسىمگە پال سېلىپ دېدى :

— خاتىرەڭنى جەم قىلغىنىكى ، يىتتۈرگەن مەھبۇبىڭنى تاپىسەن . ئۇ تېخى ھاياتكەن ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئۈلگۈرىسەن ۋە لېكىن ساڭا ئىستانبۇل شەھرىنىڭ يولىدا دەردمەن ئۈچ دەرۋىش ھەمراھ بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى قەستىدىدۇر . ھەر-قانداق مەقسەتلىرىڭلار بولسا ، ئۇ شەھەرگە بېرىپ پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە مۇيەسسەر بولغاندا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ .

زاھىتنىڭ سۆزىدىن دىلدارىنىڭ ۋەسل ۋەسپىنى بىلىپ ، شەۋق ۋە ئىشتىياق بىلەن شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم ۋە مانا بۇگۈن سىلەر بى-لەن ئۇچراشتىم . زاھىتنىڭ پال ھۆكمىدىن بىرى توغرا چىقتى . بۇ روزىگار ئالەم ئەتە قايسى رەڭدە بويىلىدۇ ، پەلەك نەيرەڭۋازلىرى قايسى تۇپراقنى بېشىمىزغا چاچىدۇ بىلمەيمىز . ئەمدى سىلەردىن قايسىڭلارنى ۋاپادارلىق تەبىئىتىنىڭ دېمىغى تەقەززا قىلدى . سەرگۈزەشتىلىرىڭلارنى با-يان قىلساڭلار ، دەپ بىرىنچى دەرۋىش ھېكايىسىنى تۈگەتتى .

ئىستانبۇل شەھرىنى تەخت قىلغان پادىشاھ ئازادە بەخت بېشىغا كۈن چۈشكەن سەۋەبلىك يۈرىكى ئۆرتەنىك يېنىپ ، ئۆزىگە پاناھلىق تىلىدى ۋە زارلانغىنىچە ئاللاتائالاغا سېغىنىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى :

يەككە ـ يېگانە ، قۇدرەتلىك خۇدا ،
ھاجەتمەنلەرگە نىجات بەر ئۇدا .

سەن بىلمەيدىغان ھېچ پىنھان يوقتۇر ،
مەشۇق ۋەسلىگە بولدى جان پىدا .

ئىبادىتىڭنى قىلاي مەن ئادا ،
ئىجابەت قىلغىن ئاشىققا دۇئا .

مۇشكۇل ئىشقا سەن سەۋەب قىلغۇچى ،
رەھىم قىلغايسەن ، ھالىمىز مانا .





ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

ئۈچىنچى بىلب

# ئەجەم شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى

شۇ ئەسنادا ئىككىنچى دەرۋىش گېلىنى قىرىئۋېتىپ سۆزگە ئېغىز ئاچتى، كۆكۈل غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرماق مۇددىئاسىدا ھېكايىسىنى باشلىدى.

بېيىت

ئەزىز يارەنلەر ھوشىيارراق بولغاي،
قىلغان ھېكايەم قۇلاققا تولغاي.

ئى ئەزىز دەرۋىشلەر، كەمىنە ئەجەم ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسى بولىمەن. ئاتامنىڭ مەندىن بۆلەك پەرزەنتى يوق ئىدى. مېنى ئۆز ئورنىغا ۋارىس قىلىش ئۈمىدىدە كىچىك ۋاقتىمدىلا تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆمۈر مەملىكىتىنى ماڭا تاپشۇردى. كىچىكلىكىمگە قارىماي ئاللانىڭ مەرھىمىتى بىلەن ئەلنى ئۆزۈمگە ئىتائەت قىلدۇردۇم. ئويۇن ـ تاماشا بىلەن جەبىر ـ مۇشەققەتسىز يارلىق چۈشۈرەتتىم. ياشلىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئويۇن ۋە سەيلە ـ شىكارغا مەشغۇل بولۇپ، قۇشبېگىلەرگە:

— شىكار جابدۇقىنى مۇكەممەل قىلىپ، ئۆگىتىلگەن لاچىن، شۇڭقار، قارچىغا، تۇرۇمتاي، ئىنالگۇ، بەھرى، قىرغى، تۇيغۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ، باشقا جانىۋارلارنى كەمەن ۋە دام بىلەن يىغىشتۇر-

ئايمىز . شىكار قىلماقچى ئۈۋچىلار تەييارلىنىپ ، ياخشى سائەتتە سەھرا تەرەپكە يۈزلەنسۇن ! — دەپ ئەمر قىلدىم .

شىكارغا چىققان كۆپ ئەمىرزادىلەر ، ئاليىلەر ۋە داڭدار ئۈۋچىلار ئوۋ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى . مەن ئېگىز بىر جايغا چىقىپ ئۇلارنىڭ ئوۋ جەريانىنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم ، بىردىنلا يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر كېيىككە كۆزۈم چۈشتى ، ئۇنى تەرپىلەشكە تىلىم ئاجىزدۇر . تۇتقۇسىغا قىممەت باھالىق جاۋاھىرات ۋە دۇر - تىللادىن كۆز قويغان كەمەندنى قولۇمغا ئېلىپ كېيىكنى تىرىك تۇتۇش قارارىغا كەلدىم . چۈنكى ئۇنىڭ جەۋلانى ۋە گۈزەللىكى ئەسلىدىكى نىيىتىمدىن ياندۇرغان ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ دامىمغا قانداق چۈشۈشىنى بىلمەيتتىم . قول ئاستىمدىكىلەرگە ئۇنى تۇتۇشنى بۇيرۇدۇم . دىلاۋەرلەر كەمەندلىرىنى تەييارلاپ ئۇنىڭغا ئات سالدى . نەچچە ئات ئۇنى قوغلاۋىرىپ كاردىن چىقتى . ئەمما ھېچقايسىسى تۇتالمىدى . ئاخىر ئۇ جانىۋار ئۇلاردىن يىراقلاپ مەن تەرەپكە يۈزلەندى . مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭغا كەمەند تاشلىدىم . ئۇ مەندىنمۇ قۇتۇلۇپ باياۋان تەرەپكە قاچتى . مەن ئەتراپىمدىكىلەرگە :

— ھېچكىمنىڭ ئۇ كېيىك بىلەن كارى بولمىسۇن ، ئۆزۈم تۇتىمەن ! — دەپ ، باشقىلارنى ئارىلاشتۇرماستىن ئۇنى قولغا چۈشۈرمەككە ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدىم . ئۇ ، يىراقتا قالسام ئوتلىغىلى تۇراتتى ، يېقىنلاپ كەمەند تاشلىسام قاچاتتى . شۇ تەرىقىدە چاشكا ۋاقتىدىن كۈن ئولتۇرغۇچە تاغۇدەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ ، ئېتىمنىڭ چاپقۇچىلىكى قالمىدى ، ئۆزۈممۇ ھالىمدىن كەتتىم . غەزىپىمگە پايلىماي كەمەندنى تاشلاپ كامانىنى ئېلىپ ، ساغداقتىن بىر تال ئوقنى سۇغۇرۇپ كىرىچكە تىرەپ تازا چەنلەپ ئاتقان ئىدىم ، تەقدىرنىڭ كارامىتى بىلەن ئاھۇنىڭ سۆڭگىچىگە تەگدى . ئۇ بىچارە ئوقنىڭ زەربە زەخمىدىن سەنتۈرۈلۈپرەك بىر ئېگىزلىككە يۈزلەندى ۋە ئازراق مېڭىپ بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە بېرىپلا غايىب بولدى . « يىقىلغان بولۇشى مۇمكىن » دەپ ئويلاپ ، پىيادە ئاختۇرۇپ يۈرۈپ تاپالماي كەچ كىردى . قاراڭغۇ چۈشكەندە تاغنىڭ يانباغرىدا بىر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

گۈمبەز بىلەن بىرنەچچە تۈپ دەرەخ كۆرۈندى. گۈمبەزگە بېرىپ كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇم. يېقىن بارغاندا بىر بۇلاقنى كۆردۈمكى، سۈيى ھاياتلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ تەرەت ئېلىپ، تەپەككۇر قايىنىمىغا چۆككىنىمچە ئولتۇراتتىم، بىردىنلا گۈمبەز ئىچىدىن ئادەمزاتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: «ئەي دوستۇم، ھەمراھىم، ۋاي پەرىشتەم! غەمدىشىم! — دەيتتى ئاۋاز ئىگىسى، — سېنى قايسى زالىم بۇ ئازابقا سالدى. خۇدادىن ۋە قىيامەت ئازابىدىن قورقمىغانمىدۇ؟ ئىلاھىم ئۇ بۇرادەر ۋە ھەمسۆھبەتلىرىدىن بەھرە ئالالمىغاي!»

ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق نالە ـ زارلىرىنى ئاڭلاپ، ماڭمۇ بىر ھەسرەت ئولاشتى ـ دە، گۈمبەز تەرەپكە قەدەم قويدۇم. گۈمبەز ئىچىدە بىر ئاقساقال كىشى كېيىكنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۇچىسىدا سىپاھىلارنىڭكىدەك لىباس بار ئىدى، ئۆزى پالۋاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سالام قىلدىم. ئۇ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن قوزغالدى، ئۆزرە ئېيتىپ ئولتۇرغۇزدۇم ۋە دېدىم:

— ئى ھىممەتلىك كىشى، بۇ خاتالىق مەندىن ئۆتتى. ئۇقماپتىمەن، تەقسىراتلىقىمنى ئەپۇ قىلغايلا.

— ئى يىگىت، — دېدى ئۇ، — بەندىلەرنىڭ خاتالىقىنى خۇدايىتائالا كەچۈرىدۇ.

ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كېيىكنىڭ سۆڭگۈچىدىن ئوقنى چىقىرىپ، جاراھەتنى تاڭدىم. نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىللە ئوقۇپ، سۆھبەت قۇردۇق. قورساق تويغۇزغاندىن كېيىن، ئۇيقۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندىم. چۈشۈمدە كۆردۈمكى، بىرنەچچە دەرۋىش گۈمبەزدە تۆت سەپ بولۇپ، ھەر بىرسى بىردىن پەردىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى...

يېرىم كېچە بولغاندا ئويغانسام، ھېلىقى بوۋاي بىر پەردىنىڭ ئىچىدە ئېچىنىشلىق نالە ـ زار قىلىپ يىغلاپ، مۇنۇ مەسنەۋىنى ئوقۇۋېتىپتۇ:

مەسنەۋى

كۆرگەيسەن ، ئى پەلەك ، تۆككەن يېشىمنى ،
رەھىم ئەيلەپ ئوڭلىغىن قاتقان بېشىمنى .

كۇندۇزى غەم ـ قايغۇ ، كېچىسى ئاھ ـ زار ،
قولۇمدىن ئىش كەتتى ، بولدۇم مەن ناكار .

تەلىيىم يوقلۇقتىن ھېچ بىر ئەسەر ① يوق ،
جان ـ تېنىم كۆيمەكتە ياكى خەۋەر يوق .

ئاخىر ، ئى تاش يۈرەك ، يوقمۇ رەھىمىڭ ؟
شەپقەت قىل دەردىمگە داۋا رەھىمىڭ .

دىل سىتەم تىغىدىن بويالدى قانغا ،
ئايلاندى كۆز ئالدىم مۇدھىش تۇمانغا .

بىر ئېغىز سۆزۈڭگە قىلدىم مەن ھەۋەس ،
مىڭ سۆزدىن بىر قېتىم سۆيسەم بولدى ، بەس .

ھەسرەتتە ئاقماقتا كۆزلىرىمدىن ياش ،
رەھمەتنى ئايىدىڭ يۈرىكىڭدۇر تاش .

ئۇنىڭ ئۆزى ۋە سۆزىدىن ھەيران بولۇپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، پەردىنى شۇنداق قايرىغان ئىدىم ، بىر تەختنى كۆردۈمكى ، سەپ- لەرنىڭ يۇقىرى تەرىپى قۇرۇقلۇق ئىدى . شاھانە سىلىنچىلار سېلىنغان تەخت ئۈستىدە فەرەڭ رەختلىرىدىن لىباس ، يۇڭ توقۇلمىدىن باش كىيىم كىيىپ ، شاھانە تاج تاقىغان بىر نازىنىن سەنەم ئولتۇرۇپتۇ . ھېلىقى بە-

① ئەسەر ــ بەلگە ، نىشان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چارە بوۋاي ئۇ ئاپتاپ تەلەتنىڭ يۈزىگە يۈزىنى سۈركەپ بەكمۇ ئاجىزلىق بىلەن نالە قىلغىلى تۇرۇپتۇ . نازىنىن سەنەم تەگداشسىز ھۆسن جامالىنىڭ تەمەنناسىدىن ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سالمايۋېتىپتۇ .

غەزەل

دىل بىلەن دىنىمنى ئالدىڭ ، كەتتىم ھوشۇمدىن ، ئەي جانان ،
يۈرىكىڭ تاشمۇ سېنىڭ ، رەھىم قىلارسەن ، ئاھ ، قاچان .

شوخ نىگار ، كۆرسەت تېنىڭدىن مۇشك نىقابلىق خەزىنىنى ،
تاشلىغىن كىيگەن لىباسنى كەلسەم كۆرەيمەن ھەر زامان .

زەررە تاقەت قالمىدى ئاتەش بولۇپ ئىشقىڭدا ، يار ،
ئاھۇزارىمنىڭ تۇمانىدىن قاراڭغۇ بۇ جاھان .

گەر بۇگۈن بىچارە بولدۇم ، بىر ئەمەس ، مىڭ پارەمەن ،
ئۇستىخانىم پارە - پارە ، تەندە تۇرماس ئەمدى جان .

ئەي گۈزەل كۆمۈش بەدەن ، سەۋدا قىلىپ ئالدىڭ ئەقىل ،
پەرىلەرنىڭ شاھى جانان ، باققىنا بىر مەن تامان .

يا كېلىپ تۇتقىن قولۇم ۋە يا كېلىپ ئۇرغىن قىلىچ ،
يەتمىسەم ۋەسلىڭگە بىر رەت مەن ھاياتتىن سەرگىران ① .

مەن شۇنداق دەپ ، ھۆركىرەپ يىغلىغىنىمچە ھوشۇمدىن كەتتىم . بىر چاغدا ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام ، ھېلىقى كىشى يۈزۈمگە سۇ سەپكىلى تۇرۇپتۇ .

بېيىت

ھەر نېمە دېگەنىبىلەن مەن مۇپتىلا بولدۇم ساڭا ،
كىم بىچارە بولسا ئۇندىن شەپقىتىڭنى ئايىما .

---

① سەرگىران — نارازى ، خاپا

— ئى بوۋا، بۇ سەنەم كىم بولىدۇ، نام - نەسەبى قايدىندۇر؟ بۇ قايسى ئېرىقنىڭ سەرۋىسى، قايسى باغنىڭ نەخلىسى؟ قايسى خانىدانىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ھۆرنى قانداق تەرىقە بىلەن قولغا چۈشۈردىلە؟

ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى:

— ئۆزىدىن سورىغىن.

سەنەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ سالام قىلغان ئىدىم، يەنە سالامىمنى ئىلىك ئالمىدى ھەم قاراپمۇ قويمىدى. ئاندىن دېدىمكى:

— ئى ئاي يۈزلۈك سەنەم، سىنىڭ مەزھىپىڭدە مۇشۇنداق قائىدە بارمۇ؟

بېيت

بىلمەسكە سالمىغىن گۈزەللەر شاھى،

تۇتمىسۇن بىر كۈنى ئاشىقلار ئاھى.

سالامغا جاۋاب سالام قايتۇرماق ۋاجىپتۇر. جىنىم پىدادۇركى، ئەگەر بۇ بوۋايدىن ئازار يەتكەن بولسا، ئىشارەت بىلەن پەرمان قىلغىن، مەن ئۇنى قوغلاپ چىقىراي.

ھەر نېمە قىلغىنىم بىلەنمۇ ئۇ پەقەت ئۈندىمىدى. ئالدىغا تېخىمۇ يېقىنلاپ بېرىپ بېشىمنى پۇتىغا قويۇپ ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەم، بۇ پەرى سۈپەت نازىنىن تاشتىن ياساپ قويۇلغان بۇت ئىكەن. ھەيكەلچىلەر ئۇنى پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە ئوخشىتىپ ياساپتۇ. ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇپ، بوۋايغا:

— بىر تاشقا شۇنچە كۆڭۈل بېرىپ، مېھنەت - مۇشەققەت ياشلىرىنى تۆكۈپ يۈرۈشۈڭ نېمە ۋەجىدىن؟ — دېدىم بىردىنلا «سەن» لەپ، — ئى جاھىل گۇمراھ! قارا نىيەت ئالدامچى شەيخ، ئەپسۇنچى جادۇگەر! سەن مۇشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ بۇتنى ياساپ، مىكرىڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئارقىلىق كىشىلەرنى بۇتپەرەسلىك يولىغا ئازدۇرماقچىمۇ ؟

بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ جاۋاب بەردى :

— مەن ھەم مۇشۇ دامغا چۈشكەن تۇرۇقلۇق ، بۇ ئىشقا باشقىلارنى شېرىك قىلىشقا قانداق رازى بولغايمەن !

— ئۇنداق بولسا مەن نېمدەپ بۇ تەسۋىرىي تۇزاققا ئىلىندىم ؟

بېيىت

رۇخسار كۆرسىتىپ يەنە پەرھىز ئەيلىدىڭ ،
يېقىپ ئاتەش بۇ كۆڭلۈمگە تىز ئەيلىدىڭ .

ئاۋۋال ئاخشاملا دۇئايىڭدا ئاللادىن تىلەپ : « ماڭا ئوخشاش قىلغايسەن » دېگەنلىكىڭ ئۈچۈن ، دۇئايىڭ ئىجابەت بولۇپ ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىقارار بولدۇم . ئەمدى دىلزارىمنىڭ ، كۆيگەن جانىمنىڭ چارىسىنى قىلغايسەن . ئاۋۋال ئېيتقىنكى ، بۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسىنى نەدە كۆردۈڭ ؟ ئۇ كىم ؟ بۇ سۈرەتتىن نېمە ئىشلارنى بايقىدىڭ ؟ ئەلدىن ئايرىلىپ بۇ يەردە يۈرۈشۈڭ نېمە ۋەجىدىن ؟ ئېيتىڭ نېمە ؟ بۇ سەنەمدىن نېمە ئارزۇنى كۈتىسەن ؟ — دېدىم .

— ئەي ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ھېكايەتنى ئاشكارىلىمايمەن ، سەن ھەم ئاڭلىمىغىن . ياخشىسى ، بۇ ماجىرادىن كەچكىن ، بىھۇدە جاپا تارتمىغىن . بۇ كۆرگەنلىرىڭنى « چۈشۈم » دەپ ئويلىغىن .

— بۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسىنى تەھقىقلىمىگۈچە ئۇنى قانداق تاپالايمەن ؟ ئىگىسىنى تاپماي ھەم كېچەلمەيمەن !

— مەقسىتىڭ نېمە ؟ — سورىدى ئۇ .

بېيىت

دىل بەردىم ، دىن بەردىم ۋە ئىمان بەردىم ،
بۇ بەتنى ئۆزۈم ئاچتىم ، ئاڭا جان بەردىم .

ئەلقىسسە : ئۇ كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى . قۇلاق سالمىدىم . ئەھۋالىنىڭ شەرھىسىنى تەلەپ قىلىپ دېدىمكى :

بېيىت

قىلمىغىن ، دوست ، نەسىھەت ، شېرىن لەۋنى سۆيەرمەن ،
ئىرادىدىن يانماق يوق مەزھىپىمدە ، كۆيەرمەن .

ھېلىھەم ئۆزۈڭگە ئازار يەتمىسۇن دېسەڭ باھانە كۆرسەتمىگىن . خىزىر ئورنىدا مەقسەت مەنزىلىمگە يول كۆرسەتكىن . بولمىسا ئېتىكىڭدىن قولۇمنى بوشاتمايمەن .

— ئەي يىگىت ، — دېدى ئۇ ، — ئەگەر مەن بايان قىلسام سەن گۇناھكار بولىسەن .

— قېنى بايان قىلغىن ، كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزۈمگە قويغىن . بوۋاي ئىلاجسىز قېلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى .

## چۆلدىكى بوۋاي

— ئى يىگىت ، مېنى كىشىلەر نەمان سەيياھ دەيدۇ ، ئىراق شەھىرىدە تۇغۇلغانمەن . ئاتامدىن ماڭا كۆپ مال - دۇنيا مىراس قالغان ئىدى . ياش ۋاقتىمدا سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ ، ئۆمرۈمنىڭ تولىسىنى تىجارەت بىلەن ئۆتكۈزدۈم . ئەمما ھېچبىر شەھەر - ۋىلايەتتە ماكان تۇتماي ، ئارامىمۇ ئالماي ، يەتتە ئىقلىمنىڭ سەير - تاماشاسىغا ئۆزۈمنى بېغىشلاپ «ساياھەتچى ( سەيياھ ) » دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدۇم .

تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن بىر نۆۋەت فەرەڭ شەھىرىگە بېرىپ قالدىم . شەھەرنىڭ نامىنى « رەڭدىبا » دەپ ئاتىشىدىكەن . بىر چوڭ دەريا بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى شەھەر بىنا قىلىنغان ئىكەن ، ھەر قايسى شەھەرنىڭ پادىشاھلىرى ئايرىم ئىكەن . بۇ شەھەرلەر بىر -



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بىرىدىن كاتتا بولۇپ، پاسلى ئېقىپ تۇرغان دەريا بىلەن چېگرىلىنىدىكەن. مەن مۇشۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە چۈشتۈم.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ شەھەرگە سودىگەر كەپتۇ، دېگەن خەۋەر مەشھۇر بولدى. بىر كۈنى سۈبھى يورۇغاندا قوپۇپ تەرەت ئېلىپ، كۆڭلۈمنى ئاللانىڭ ئىبادىتىگە بەنت ئەيلەپ ئولتۇراتتىم، زەر نەقىشلىك كەمەر باغلىغان بىر كىشى بىرنەچچە خىزمەتكارنى ئەگەشتۈرۈپ كارۋان سارايىغا كىرىپ، ماللارنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، سودىگەرلەر مېنى كۆرسىتىپ قويۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن ئۇلۇغلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، لايىقىدا ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن مۇددىئالىرىنى سورىدىم.

خىزمەتكارلار بېشى دېدىكى:

— مەلىكە ئاپئاق ياخشى ماللاردىن تەلەپ قىلدى. ھەر خىل نەپىس ماللاردىن سەندە بار بولسۇن ياكى باشقىلاردا بار بولسۇن، ھەممىنى ئېلىپ مېنىڭ بىلەن بىللە بارغىن.

ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ماللىرىمنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىدىن تاللاپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ پادىشاھ ئوردىسىغا باردىم. خاس خادىملار مېنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. ھەرەمخانىدا بىر ئالىي ئىمارەتنى كۆردۈمكى، ئۇ ئەسلىي گۈزەل نازىنىن سەنەملەر تۇرىدىغان جاي بولۇپ، ھەممىسى ئاپتاپ تەلەت، ئاي يۈزلۈك، پەرى سۈپەت، نازۇك بەدەن - كۈمۈش تەنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا غەمكىن، ئايىنىڭمۇ رەشكىنى قوزغايدىغان، كۆڭۈلگە ئاراملىق بېغىشلىغۇچى، ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق بىر سەنەم تاڭدىن بەلگە بەرگۈچى چولپاندەك چېھرىدىن نۇر تۆكەتتى. بۇ نازۇك بەدەن، ئاي يۈزلۈك كەمەند چاچ، ئاھۇ كۆز، پىستە ئېغىز، گىلاس لەۋ، شېرىن زۇۋان نازىنىن «مەلىكە ئاپئاق» بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

بېيىت

يۈزى ئاي ، ئۆز ئاغزى جام ئەرمىش ،
چېچى كۆڭلۈم قۇشىغا دام ئەرمىش .

ئۇ ئابىـھايـاتتەك پىنھانە بولۇپ ، تەزىيەت ئەھلىدەك تۈرلۈك مەئىـشەتـلـەردىـن كـەچكەن ئىدى ، ئېگىز بىر تەختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى . بـاشـقا پەرى پەيكەرلەر ئاي ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك ئۇنى چۆرىدەپ قول بـاغلاپ تـۇرۇشاتـتـى . ئۆز غـېـمىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغان گۈزەللەر شـاھىـنـشاھىنىڭ كۆڭلىنىڭ كىچە ـ كۈندۈز مالال ئىكەنلىكى ئۇچۇق پېـشانـىـسـىـدىـن ئاشـكـارا ئىـپـادىـلىنەتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ھۆر پەرى مـەجـمۇئىغا ۋە پەلەك دىلبىرىگە باشتىن ـ ئاياغ نەزىرىم چۈشۈپ ، كۆڭۈل تـىـزگىنىم ئىختىيارسىز قولۇمدىن چىقىپ كەتتى ، ئىشق ئوقى كۆكسۈمنى تېشىپ ئۆتۈپ ، سەبرىم ئىلكىمدىن ئايرىلدى .

بېيىت

مەجنۇن كۆڭلۈم ئەمەس ئاشىق زۇلفىڭغا تەنھا ،
جانىم لەيلى سەۋداسىدا مەجنۇندۇر مانا .

ۋۇجۇدۇمغا ئىشق ئوتى يامىشىپ ، ئەھۋالىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ھۆركـىـرەپ نەرە تارتىپ تاقەت تېشىنى پارە ـ پارە قىلغىلى تاس قالدىم . لېكىن يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىسام بولمايتتى .

بېيىت

مۇھەببەتتىن قاچان مەنئى بولۇر دىۋانە كۆڭلۈم ھېچ ،
كۆيۈشكە رازى پەرۋانە ، ناپىسەنت ئاڭا ئۆلۈم ھېچ .

ئى دەرۋىـشـلـەر ، ئول ئاپـتـاپ تـەلـەتـنـىـڭ جـامـالىغا ـــ ھۆسن



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزىغا قاراپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ ، ماڭغۇدەك ياكى گەپ قىلغۇدەك ھالىم يوقلۇقىدىن ئورنۇمدا قاققان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالدىم . بىرھازادىن كېيىن ئول پەرەڭ گۈزەللىرىنىڭ سەردارى بېشىنى كۆتۈرۈپ مەن تەرەپكە قاراپ لېۋىنى ھىمىرىپ تەبەسسۇم ئەيلەپ ، بۇ بېيىتنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادە قىلدى :

بېيىت

دام غېمىگە مۇپتىلا بولۇپسەن بىر ساراڭدەك ،
مەغرۇرانە تۇرماسەن بۇلبۇل گۈلگە قونغاندەك .

ئاندىن دېدىكى :

— ئى سودىگەر يىگىت ، بېرى كېلىپ ماللىرىڭنى كۆرسەتكىن .

بۇ شېرىن تەكەللۇمدىن جانلىنىپ ، شەۋق قوزغىغۇچى ئول گۈزەلنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم ۋە ئاغزىمنى سۆزگە ئاچتىم :

نەزم

ئاي يۈزۈڭدىن جان كۆزى روشەن بولۇر ،
ھۆسنى شولاڭدىن جاھان گۈلشەن بولۇر .

ئاندىن ماللىرىمنى يېيىپ ، بىر - بىرلەپ كۆرسەتتىم . ئۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ نەزىرىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، بىرنەچچە تال جاۋاھىر بىلەن رەختلەرنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىدىن تاللاپ :

— بۇ جاۋاھىرلار بىلەن ماتالار قالسۇن ، ئەتە كېلىپ پۇلىنى ئالغىن ، — دېدى .

خىيالىمدىن : « يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالسام ، پۈتۈن ئۆمرۈم لەززىتىنى تاپقاندەك بولىمەن ، بۇ پەرىشتە سۈپەت گۈزەلنىڭ جامال نۇرى بىلەن كۆزۈم روشەن بولغاي » دېگەن ئوي كېچىپ ، ئالاھازەل قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم ۋە دېدىم :

بېيىت

ئۈمىد ئۇلدۇر كەرەم نەخلىغە ھەرگىز كەلمىگەي ھېچ غەم،
شۇ رەھمىنىڭ سايىسى ئەسلا بىزگە بولمىغاي ھېچ كەم.

ئۈنىڭ ئالدىدىن كۆڭلۈم يېرىم، غەمكىن ھالدا چىقىپ، سارايدىكى ھۇجرامغا كەلدىم. بىر بۇلۇڭدا شۇككىنە ئولتۇرۇپ، تاقەتسىزلەنگىنىمدىن كۆز ياشلىرىمنى ئاققۇزۇپ، ھەسرەت - پىغانلار چېكىپ نالە - زار قىلدىم. رەنجۇئەلەمدىن گاھىدا ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ: « ئى تەلەيسىز، نېمىدېگەن ئەقىلسىزسەن. روشەنكى، ئۇ كۈمۈش بەدەن نازىنىننىڭ ۋىسالى ساڭا نېسىپ بولماس. پىراق جاملىرىدىن نۇرغۇن شارابلار ئىچەرسەن بەلكى، ئايرىلىش دەردىنىڭ تەمىنى تېتىيسەن، جۇدالىق ئوچىقىدا كۆيۈپ ئېرىيسەن. قىلالايدىغىنىڭ پەقەتلا شۇكى، ئۇ شېرىن لەۋنى خىيال قەدەھلىرىگىلا تەگكۈزەلەيسەن. ئى نادان، قانداقلارچە بېشىڭغا بۇ بالالارنى كەلتۈرۈپ مۇنچە خاپىچىلىققا قالدىڭ؟ ئەمدى سۆيگۈ ۋەسلىگە يېتەلمىسەڭ نېمە قىلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟ » دەيتتىم، گاھىدا يەنە ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم: « ئەگەر خۇشاللىق بىلەن جېنىڭنى پىدا قىلساڭ، ۋاپادارنىڭ مەرىكىسىدە تونۇلىسەن ».

بېيىت

ئىرىكلىك يار - مەھبۇب ھۆسنىنى كۆرمەك،
نومۇستۇر يارىسىز قايمۇقۇپ يۈرمەك.

شۇنداق قىلىپ، يىغلىۋاشتىن ئىرادە ئىككىلەندىمكى، ئىنتىزارلىقتا ئۇخلىماي ئۆتكۈنچى كېچىنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندىن كېيىن، ئول كۆڭلۈم قۇياشىنىڭ دۆلەت سارىيىغا باردىم. ئۇ مېنىڭ پەرىشان ھالىمنى كۆرۈپ مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئولتۇرغىن! — دەپ ئەمر قىلدى ۋە ئالغان ماللىرىنىڭ نەر-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خىنى سورىدى .

— ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولغاي . بۇلار ھېچبىر باھا قويۇشقا ئەرزىمەيدۇ ، — دېدىم .

ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن غوجىدار بىر كاسا ئالتۇننى كەلتۈرۈپ ئالدىمغا قويدى . خىجالەتتىن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ، كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە ھەسرەت - ئەپسۇس بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم . ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئىدىم ، ئۇ :

— ئى سودىگەر ، بىر سائەت تەخىر قىلغىن ، ئۆزۈم ئۇزىتىپ قويغايمەن ، — دېدى .

بۇ سۆزدىن دەرمان تېپىپ بەھۇزۇر ئولتۇردۇم . خىزمەتكارلار ئالدىمغا سۈت ۋە شەربەتلەرنى كەلتۈردى . ئۇنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى سەۋەبلىك ئىشق ئوتى ۋۇجۇدۇمغا شۇنچە شىددەت بىلەن تۇتاشتى . ئىچىمدە دەيتتىم :

مىسرا

پىتنە ئەگەر كۆزلىرىدىن كەلدى ماڭا ئىلتىپات .

داستىخان راسلىنىپ مەزە - چاي كەلتۈرۈلدى . ئول ئاي يۈزلۈكمۇ ئۇنىڭغا داخىل بولدى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆز بۇلاقلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياشلار تۆكۈلۈپ ، ئەلەملىك يۈزىنى يۇماقتا ئىدى .

بېيىت

تۆكتى نەرگەس گۈلنى ، گۈلنى ئىسراپ ئەيلىدى ،

بەردى ئابرۇي - ئىشقنى ، كۆڭۈلنى تاب① ئەيلىدى .

ئۇ ئۆزىچە ھەسرەت - نادامەتلەر چەككەندىن كېيىن ، بىرنەچچە

① تاب — ئىسسىقلىق ، ھارارەت

لوقما تائام يېدى . ئاندىن داستىخان يىغىلىپ ، قوللار تائام يۇقۇندىلىرىدىن پاكلاندى . خىزمەتكارلار ئۆز كارىغا تارقىغاندا ، ئول ئاي يۈزلۈك مەن تەرەپكە يۈزلىنىپ :

— ئى سودىگەر يىگىت ، قانچىلىك تىجارەت سەرمايەڭ بار ؟ — دەپ سورىدى .

— پىدايىلىرىدۇرمەنكى ، 20 مىڭ تىللا ئالتۇنۇم بار .

— ئۇنىڭدىن قانچىلىك مەنپەئەت كۆرىسەن ؟

— خۇدايىتائالا قانچىلىك بەرسە شۇنچىلىك .

— فەرەڭ سەپىرىدىن قانچىلىك پايدا ئېلىشنى خالايسەن ؟

— خۇدايىتائالا ئاتا قىلغاننى .

— بۇ سەپىرىڭدە مىڭ تىللا پۇل پايدا تېگەرمۇ ؟

— يەنە خېلى كۆپ ماللىرىم بار ، جايىدا سېتىلىپ قالسا دېگەنلىرىدەك بولار .

— مېنىڭ بىر خىزمىتىم بار ، قولۇڭدىن كەلسە قىلىپ بەرسەڭ قانداق ؟

— بېشىم بىلەن . دوستىدىن بىرەر ئىشارە بولىدىكەن ، بويۇن تولغاش ۋىجدان ئەھلىنىڭ ئىشى ئەمەس !

بېيت

خىزمىتىڭنىڭ يولىدا ، بىل ، جان پىدا قىلسام راۋا ،
نە ئەجەب شۇ ئىش تۈپەيلى دەردلىرىم تاپسا داۋا .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئۇ ، — تىرىشىپ كۆرگىن ، چەككەن جاپايىڭغا يارىشا كۆپ ئەجىر گە ئېرىشسەڭ ئەجەب ئەمەس .

— مېنىڭ ئەجرىم ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈندۇر .

— خىزمىتىڭ مېنى خۇشال قىلسا ، مەنمۇ سېنى خۇشال قىلغايمەن .



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— ئى ياخشىلارنىڭ ياخشىسى ، بەندىلەرنىڭ رىزاسى ، تەقەززالى-قىمنى ئاشۇرماي ، خىزمەتنى بۇيرۇغايلا .

— ساڭا بىر پارچە خەت بېرىمەن ، ئۇنى مەن دېگەن جايغا ئېلىپ بېرىپ جاۋابىنى ئېلىپ كەلگەيسەن . ئەمما بۇنىڭدىن غەيرىيلەر خەۋەر تاپمىغاي . بولمىسا مېلىڭ ھەم بېشىڭ كېتىدۇ . قاتتىق ئېھتىيات قىلغاي-سەن ، — دېدى ئۇ بىر كاسا ئالتۇن - تىللانى بېرىپ ، — ئاۋۋال بۇنى ئېلىپ بېرىپ ، مۇۋاپىق كۆرسەڭ پۇتۇن ماللىرىڭنى دەريادىن ئۆتكۈزۈۋې-تىپ ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمىتىمنى بەجا كەلتۈرگىن . ئەگەر بۇنى غەيرىيگە بىلدۈرۈپ قويساڭ بۇ تەرەپكە يانالمايسەن ، بەلكى ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىسەن .

مەن ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقىدىن ھەيران قېلىپ ، ئۆز - ئۆزۈمگە : « ھېلىتىن ئېھتىياتنى شۇنچە جېكىلەيدۇ ، بۇ ئىشنىڭ جەريانى قانداق بولار » دېگىنىمچە ، ئالتۇننى كۆتۈرۈپ ھۇجرام تەرەپكە راۋان بولدۇم .

ھەمراھلىرىمنى يىغىپ :

— بۇ شەھەردە تۇرساق ئۆزىمىزگە ئاۋارىچىلىق تاپقۇدەكمىز . چۈنكى بۇ دىيارنىڭ ھاكىمنى بەك زالىم دەيدۇ . دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يۇرتنىڭ ھاكىمى ناھايىتى ئادىلمىش . بىز دەرھال ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى ! — دېگەن ئىدىم ، سودىگەرلەر مېنىڭ سۆزۈمنى توغرا تې-پىپ ، مال - ماتالىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈشتى . بىز ئۇ تەرەپتىكى كارۋان سارايلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئورۇنلىشىپ تاڭنى ئاتقۇز-دۇق . مەن كېچىنى ئول گۈزەلنىڭ شېرىن لەۋلىرىنى ئەسلەش بىلەن ئۇخلىماي ئۆتكۈزدۈم . ھەر نەپەستە يۈرەك يالقۇنىمنىڭ ئىسلىرى دىماغلى-رىمنى ئېچىشتۇراتتى . « ئەتىكى ئىشلار قايسى تەرىقىدە باشلىنار ، — دەيتتىم ۋەسۋەسە ئىلكىدە ، — مېنىڭ ھالىم ئول كۈمۈش بەدەننىڭ پىرا-قىدا قانداق بولۇپ كېتەر . ئەگەر ئۆلسەم مەڭگۈ ھايات بولىمەن . چۈنكى ئاشىقنىڭ خۇشاللىقى مەشۇقنىڭ رازىلىقىدىن كېلىدۇ !» يەنە: «ئول بەخت قۇشى ، ئىقبال گۆھىرىنىڭ ئىشلىرى قايسى تەرىقىدە ئۆتەر ؟ » دەپ

ئويلاپ ، سۇبھى يورۇغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت پەرز نامىزىنى ئۆتەپ ، ئول جاھان يېگانىسىنىڭ خىزمىتىگە ئاتلاندىم .

بۇرادەرلىرىم :

— قايان ماڭدىڭ ، نېمە ئىشىڭ بار ؟ — دەپ سوراشتى .

— قىممەت باھالىق رەختلىرىمنى مەلىكىنىڭ خادىملىرىغا بەرگەن ئىدىم ، شۇنى سۈرۈشتۈرگىلى بارىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردىم .

ئاندىن دەريادىن ئۆتۈپ ئاپتاپپەرەسلەر قىبلىسىنىڭ خىزمىتىگە باردىم . ئۇ مېنى خىلۋەتكە باشلاپ ئىلگىرىكىدىنمۇ مېھرىبانلىق ، ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى ۋە :

— شەرت شۇكى ، بۇنىڭدىن ھېچ كىشى خەۋەر تاپمىغاي ! — دەپ تاپىلاپ ، بىر پارچە خەتنى مۆھۈرلەپ زەر ياغلىققا ئوراپ قولۇمغا تۇتقۇزدى ، ئاندىن بىر كىشىنىڭ ئىسمى ئويۇلغان بىر ئۈزۈكنى بېرىپ دېدى : — شەھەردىن چىقىپ شىمال تەرەپكە ماڭغىن . بىر پەرسەخ ① يول يۈرگەندىن كېيىن بىر باغقا يېتىپ بارىسەن . باغنىڭ ئىشىكىدە بىر-مۇنچە لەشكەر ۋە سەركەردىلەر بار . ئۇلارنىڭ سەركەردىسى خىسرو ئىسىملىك كىشىدۇر . بۇ ئۈزۈك بىلەن ياغلىقتىكى خەتنى ئۇنىڭغا كۆر-سەتكىن . ئۇ كىمنىڭ قېشىغا ئاپىرىشنى ئېيتسا ، شۇنى تېپىپ تاپشۇرۇپ جاۋابىنى ئېلىپ كەلگىن . ئول غېرىب بىچارىنىڭ قېشىغا بارغاندا بۇ مەس-نەۋىنى ئوقۇغايسەن :

ئەبيات

سالام ئەۋەتتى ساڭا ناتىۋان ،
غەمگە مۇپتىلا ۋە ئاغرىق بىر جان .

كى ئول يار جانىم چەكسىز مېھرىبان ،
ۋەسلى غېمىدە بىئارام ھامان .

---

① فەرسەخ ( ئەرەبچە ) — ئۇزۇنلۇق بىرلىكى ( 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ ) .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كۆڭلى غەرق قاندۇر ، بىلگىن ، بىخەۋەر ،
خەۋەر ئالمىدىم مەن ھەم بىخەۋەر .

يەر ئۈپۈپ رازىلىق بىلدۈرۈپ راۋان بولدۇم . ئۇ ئېيتىپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ ، باغقا يېتىپ بېرىپ بىر يىگىتنى كۆردۈم . يولۋاس سۈرەتلىك ئالتۇن سەندەلدە ئولتۇرغان بۇ يىگىتنىڭ خىزمىتىدە يۈزلىگەن ياراغ - جابدۇقلۇق ئادەم سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ مېنى كۆرۈپ ئالدىغا چاقىرىپ ئەھۋالىمنى سوراپ :

— ئى يىگىت ، سودىگەردەك قىلىسەن ، نېمە ئىشىڭ بار ؟ — دېدى .

— راست ئېيتتىڭ ، — دېدىممەن .

— ئۇنداق بولسا رەخت - ماللىرىڭ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھېلىقى ئۈزۈكنى بېرىپ ، نېرىراق تۇردۇم . ئۇ ، ئۈزۈكنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە باغقا كىرىپ كەتتى . ئاندىن مېنى چاقىرتىپ مەخپىي خانىغا باشلاپ :

— بۇنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئىگىسى بېرىپ ، خىزمىتىڭگە ئەۋەتتى .

— يەنە باشقا نەرسىمۇ بارمۇ ؟

— ئىگىسىگە تاپشۇرىمەن ، — زەر ياغلىقنى كۆرسىتىپ جاۋاب بەردىم .

— بارغىن ، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ ھايالشماي قايتىپ كەلگىن !

سەركەردە شۇنداق دەپ باغدىن چىقىپ كەتتى . مەن باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ كۆردۈمكى ، دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى يوغان تۆمۈر قەپەستە 20 ياشلاردىكى ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن ، قاپقارا بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر يىگىت سولاقلىق تۇراتتى .

بېيىت

سەرۋ قەد ئۇنگەن چىمەندەك جانىدىن ئاشىنا يىگىت ،
شاخ گۇلدەك سۇرىتى ئىنسان ئارا بەرنا يىگىت .

ئۇ قانىتى بوغۇچلانغان قۇشتەك مۇستەھكەم قەپەس ئىچىگە سولانغان ھالدا تەپەككۇر تىزىغا بېشىنى قويۇپ تەھرىر دېڭىزىغا غەرق بولۇپتۇ . ئۇنىڭ بۇ قىسمىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم . ئالدىغا بېرىپ سالام قىلغان ئىدىم ، بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدىكى :

— ئى يىگىت ، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن . ماڭا نېمىدەپ سالام قىلىسەن ؟ بىلمىدىڭمۇ ، مېنىڭ سالامەتلىكىم مەندىن يىراقتۇر .

— مەن خەۋەرچى بولىمەن ، — دېدىم ۋە نامە ئورالغان ياغلىقنى قەپەسنىڭ يوچۇقىدىن سۇنۇپ بەردىم ، ئاندىن مەلىكە تاپىلىغان سۆزلەرنى ئېيتتىم .

ئۇ ئاڭلاپ گۇل رەڭلىك ياشلىرىنى رۇخسارى سەھىپىسىگە تۆكتى . نامەنى ئوقۇغاندىن كېيىن بېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ :

— ئەي دەردمەنلەر ئەلچىسى ، ئول دىلدارغا دېگەيسەنكى ، بىرەر تەدبىر قوللىنىپ ئوتتۇرىمىزدىكى بۇ تىكەننى يوق قىلغاي . يىغلاپ يۈرۈش پايدىسىزدۇر . يەنە شۇنىمۇ دەپ قويغىنكى ، ئۇنىڭغا پىدادۇرمەن . لېكىن ھەرقانچە قىلسامۇ ۋىسالىغا ئېرىشىش نېسىپ بولماس . ئەمما ئارزۇيۇم شۇكى ، ئۇنى بىر كۆرۈپ جان بەرسەم رازىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن خەت - خەۋەرنى ئاز ئەۋەتسۇن . چۈنكى بۇ پىتنە - پاساتقا سەۋەب بولۇر ، — دېدى ۋە باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكتى .

مەن ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا ھەيران بولۇپ تۇراتتىم ، بىردىنلا غۇلغۇلا - ئەنسىز پاراڭلار قۇلىقىمغا كىردى . قارىسام ، فەرەڭ پادىشاھىنىڭ غەزەپ - ئەمرى بىلەن بىر توپ كىشىلەر باغنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا نەيزە - قىلىچلار بار ئىدى . خۇددى ھەيكەلدەك گىروي ، سۇرلۇك بىر سىپاھ ئېتىلىپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

كېلىپ نەيزە بىلەن بېشىمغا شۇنداق ئۇردىكى، چۇل - چۇل پارچىلىرى ھەريان ئۇچتى. شۇئان ھوشۇمدىن ئايرىلىپ يىقىلدىم. ھوشۇمغا كەلسەم ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. ئۆزۈمنى بىر كىشىنىڭ قۇچىقىدا كۆر-دۈمكى، مېنى يولدا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ بۇرادىرىگە:

— ئەجەب بۇ شۇم بىلەن خىسرونى تاشلاپ كەتتىغۇ! — دېدى.

ئىككىنچىسى ئېيتتى:

— بۇنى تاشلىۋېتىپ خىسرونى تاپايلى.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى يەنە بىرى، — ئىككىلىسىنى تاشلاپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئەمما، ئەپسۇس، شاھزادىنى بىگۇناھ ئۆلتۈ-رىدىغان بولدى.

— بۇ نېمە سىردۇر، — دېدىمەن، — سىلەر ئۇ شاھزادىنىڭ ئۆلۈمىگە نېمىشقا ئەپسۇسلىنىسىلەر؟ مېنى ھەم ئۇ يەرگە ئېلىپ بارساڭلار نېمە بولغاي؟

ئۇلار جاۋاب بېرىپ ئېيتىشتى:

— بىلسەڭ شۇنداق ئاجايىپ بىر سىردۇركى، مەشۇقى ئاشىقنى ئۆلتۈرىدۇ.

— ئى يارەنلەر، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلسەم دەيمەن، ئېي-تىڭلارچۇ، ئاشىق كىمدۇر، مەشۇق كىمدۇر؟ ئاشىقنى ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— مەشۇق پادىشاھنىڭ قىزى، ئاشىق بولسا ئاكىسىنىڭ ئوغلى-دۇر. سەن ھېلىقى نامەنى ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەن ئىدىڭ. شۇ نامە بىلەن بۇ چاتاقنى تېرىدىڭ.

— نېمە ئۈچۈن ئۇ يىگىتنى ئۆلتۈرىدۇ؟

— ئۇنىڭ شەرھى ئۇزاقتۇر.

— مېنىمۇ ئېلىپ بېرىڭلار، سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن بۇ سىرنى بىلىۋالاي.

ئۇلار مېنىڭ ئارزۇيۇمنى نەزەرگە ئېلىپ، كېچىچە يول يۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قايتۇرۇپ كەلدى. شۇ دەقىقىدىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم ئول دىلبەرنىڭ جامالى بىلەن قەلبىمنى نۇرلاندۇرۇۋېلىپ ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىدا جان تەسەددۇق ئەيلەش ئىدى. بىز پادىشاھنىڭ خىلۋەتخانىسىنىڭ بېغىغا كىرگەندە، كۆتۈرۈپ كەلگەن ئادەم مېنى بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ھەمراھلىرى تاماشا قىلغىلى مېڭىشتى. قارىسام باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەريا ئېقىپ تۇرۇپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭ بويىغا ئالتۇن كۇرسىنى قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەتراپىدىكى مەشئەللەر پاراسلاپ كۆيۈپ كۈندۈزدەك يورۇتۇپتۇ. شۇ ئەسنادا مەلىكە ئايئاق ناھايىتى سىرلىق ھالدا زەر لىباسقا ئورالغىنىچە پەيدا بولدى. ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تەزىم بەجا كەلتۈردى. پادىشاھ ئۇنى قۇچاقلاپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە غەمگۇزار ئاتىلارچە مېھرىبانلىق كۆرسەتتى.

مېنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئادەمدىن سورىدىم:

— ئى دوستۇم، بۇ نېمە ۋەقەدۇر؟

— قەپەسدىكى يىگىت بىزنىڭ چوڭ پادىشاھىمىز (ھازىرقى پادىشاھنىڭ ئاكىسى)نىڭ ئوغلى بولىدۇ، كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى بۇ ئوغۇلغا نائىپ تەيىنلەپ، سەلتەنەت تەختىگە ۋەكىل قىلىپ ئولتۇرغۇزغان ئىدى. ۋەسىيەتتە: «ئوغلۇم بالاغەتكە يەتكەندە تەختنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، قىزىڭىزنى نىكاھلاپ قويۇڭ. ئاندىن ئۆزىڭىز پاراغەتتە ئۆتكەيسىز» دېيىلگەن ئىدى. پادىشاھنىڭ ئىنىسى تەختتە ئولتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلماقنىڭ لەززىتىنى تېتىپ قېلىپ، ئاكىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇدى، غەپلەت ۋە مەغرۇرلۇق شارابىنى ئىچىپ تويمىدى. شاھزادە تاغىسىنىڭ قىزى بىلەن بىر يەردە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىشق - مۇھەببەت ئۇلپەتچىلىكىنى بەجا كەلتۈرۈپ ئىشقىۋازلىقتا بېرىلدى. شاھزادە بالاغەتكە يەتكەنسېرى قابىلىيەت نىشانى پېشانىسىدىن بىلىنمەكتە ئىدى. «پادىشاھ» ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنى تەختكە ۋارىسلىق



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قىلىشتىن ئىلگىرى يوقاتماقچى بولدى. مىكىرگە باي بىر ۋەزىرى يول كۆرسىتىپ: «ئۇنىڭغا ‹ساراڭ› دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ قامىۋەتسەك، خەلقمۇ ئۇنىڭ تەرەپدارى بولمايدۇ» دېدى. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، شاھزادىنى قاماۋېتىشكە پەرمان قىلدى. بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ قىزى خەۋەر تېپىپ، ئاتىسىنىڭ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى توسماقچى بولدى. شاھزادىنىڭ بەزى دوستلىرىمۇ بۇ شۇم خەۋەردىن ئۇنى خەۋەرلەندۈردى. ئايغاقچىلار بۇ گەپ - سۆزلەرنى پادى-شاھقا يەتكۈزۈپ: «ئەگەر ئۇنداق قىلساق خەلق قوزغىلىپ شاھزادىنى قاماقتىن قۇتقۇزۇپ، ئالىيلىرىنىڭ بېشىغا بالا كەلتۈرسە قانداق قىلماق كېرەك؟» دېيىشتى.

بىر ۋەزىرنىڭ ئاقىلانە مەسلىھىتى بىلەن ئەمىرلەر شۇنداق ئەقىل كۆرسەتتىكى: پادىشاھنىڭ ئالدىدا بۇ ئوغۇلنىڭ ھاقارەتلىنىشى مۇناسىپ ئەمەس. بىر باغ بىنا قىلىنسۇنكى، ئورنى خەلق كۆزىدىن يىراق بولسۇن. باغدا سۇلار ئېقىپ تۇرسۇن. خىلمۇخىل گۈل - گىياھلار ئۆستۈرۈلۈپ، قۇشلار نەغمە - ناۋا قىلىپ تۇرغان بولسۇن. شۇ باغقا ئۇنى نەزەربەند قىلىۋەتسەك يامان ئاقىۋەت يۈز بەرمەس، خەلق بىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ پادىشاھنى بۇ يىگىتكە زۇلۇم قىلدى دېمەس. تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن پولاتتىن قەپەس ياساپ شۇنىڭ ئىچىگە بەندىلىۋېتىش لازىمدۇر. ئاخىر ئۇ قەپەسكە سېلىنىپ، مەخسۇس بىنا قىلىنغان باغقا ئاپىرىۋېتىل-دى. نازارەتچىلىككە 100 قاراۋۇل بەلگىلەندى. قارا يۈرەكلەر ئۇنىڭغا ئۆلۈم خەۋپى يەتكۈزۈش قەستىدە نەچچە نۆۋەت ئىپلاس پىلان قۇرۇشقان بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ قىزى يامان نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرغۇزماي، ياخشى مۇددىئا بىلەن شاھزادە خىسرونى ئۆزىگە قارىتىپ غەم دەرۋازىسىنى ئېچىپ قويدى. سەن ئېلىپ بارغان نامەنىڭ مەزمۇنى: «كۆڭلىڭىزنى خۇش تۇتقايسىز، ھىجران كۈنلىرى ئاخىرلاشتى. ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزۈمنى ۋە سىزنى مەھرۇملۇقتىن قۇتقۇزىمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەپسۇس، بىر مۇناپىق كىشى مەخپىيەتنى بى-

لىپ قىلىپ ئاتىسىغا ئېيتىپ قويىدى. ئاتىسى خەۋەرنى ئاڭلاپ: «خەت ئاپارغۇچىنى تۇتۇپ جازاسىنى بېرىپ، قەپەس بىلەن خىسرونىڭ بېشىنى دەرگاھىمغا ھازىر قىلىڭلار!» دەپ پەرمان چۈشۈردى. شۇڭا، پادىشاھنىڭ يارلىقىغا بىنائەن بېشىڭغا زەخىم يەتكۈزۈشتى. سەن ھوشۇڭدىن كەتكەچكە ئۇلار سېنى تاشلاپ كەتتى. پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئول بىگۇناھ يىگىتنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ۋەزىر مەسلىھەت كۆرسىتىپ: «مېنىڭچە، ئۇنى مەلىكىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرگەيمىزكى، ئەل ـ ئاۋام، پادىشاھنىڭ قىزى بەتنامدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېسۇن» دېدى. پادىشاھ: «ئەگەر قىزىم قوشۇلسا شۇنداق قىلايلى» دەپ قوشۇلدى. ۋەزىر پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ھىيلە ـ مىكىر خەزىنىسىنى ئېچىپ، مالامەت كەلتۈرگۈچى سۆزلەرنى قىلىپ: خەلق سىزنى «پادىشاھنىڭ قىزى ئۇ يىگىتكە ئاشىق بوپتۇ» دەيدۇ، دېدى. قىز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بۇ گەپتىن تاندى. ۋەزىر شۇئان: «ئەگەر سۆزىڭىز راست بولسا، ئىغۋا گەپلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئاتىڭىزنى رازى قىلغايسىز» دەپ قۇتراتتى. قىز: «ھېچۋەقەسى يوق، كەچتە بېرىپ ئاتامغا ئۆزەم ئېيتىمەن» دېدى. ۋەزىر قايتىپ بېرىپ، پادىشاھقا مەلۇم قىلدى ۋە كېچىسى يەنە قىزنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئەمسە ۋەدىگە ۋاپا قىلغايسىز» دېگەن ئىدى، قىز گېپىدە تۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە راۋان بولدى. ئۇ كېتىۋېتىپ يولدا سېنىڭ ياتقانلىقىڭنى كۆرۈپ ئېيتتى: «بۇ جەسەتنى بىر چەتكەئاپىرىۋېتىڭلار!» بىز سېنى تۇتۇشمىزغا مىدىرلاپ ئىڭرىدىڭ، شۇئان «تىرىك ئىكەن» دەپ گۇمان قىلدۇق.

— ئەمدى سېنى دەريادىن ئۆتكۈزىمىز ۋە يولداشلىرىڭنىڭ قېشىغا يەتكۈزىمىز، — دېيىشتى ئۇلار، — مۆھۈرلۈك خەت بىرىشىڭ كېرەككى، سېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باقاۋۇللارغا 100 تىللا بەردۇق.

— سىلەرگە ھالال بولسۇن، — دېدىممەن.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— ئاندىن، — دېدى ئۇلار ۋەقەنىڭ كېيىنكى جەريانىنى بايان قىلىپ، — پادىشاھ شاھزادىنى قەپەستىن چىقىرىپ يىراق ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، مەلىكىگە: « ئەگەر گېپىڭ راست بولسا ئۇنى بىر تىغ بىلەن ھالاك قىلغىن » دەپ پەرمان چۈشۈرگەن ئىدى، مەلىكە ئىلاجسىز قېلىپ شاھزادىنى ئۆلتۈرمەككە تىغ كۆتۈردى. لېكىن يېقىن بارغاندا پىغانلىق ئاھ ئۇرۇپ تىغنى تاشلاپ، بۇ ئەبياتنى ئوقۇدى:

ئەبيات

ساقىيا، كۆيدۈم خۇمارىم يادىدا،
كۆيدۈم ئاخىر ئول نىگارىم يادىدا؛
ئۆتتى ئۆمرۈم كۆرمىدىم يار ۋەسلىنى؛
ھىجرى تۈنلەر دىلپىكارىم يادىدا.

ئاندىن: « بېشىڭدىن ئۆرگىلەيكى، بۇ بىئەدەپلىكىمنى كەچۈرگىن، كۆزلىرىم يەنە بىر مەرتىۋە دىدارىڭ شەمئى بىلەن روشەن بولغاي! » دەپ ھەسرەتلىك بىر تىنىپ ھوشىدىن كەتتى. پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ: « مېنىڭ ئارزۇيۇم بۇنداق بولۇشنى كۆرۈش ئەمەس، بۇ ئوغۇلنىڭ كاللىسىنى دەرھال ئېلىڭلار، ئەمدى نامىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى » دېگەن ئىدى، نېمىنىدۇر ئويلىغان ۋەزىر جاللاتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، قىلىچنى كۆتۈرۈپ ئوغۇلنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ ئەمدىلا ئىشىنى پۈتكۈزەي دەۋاتقاندا، دەرەخنىڭ ئارىسىدىن بىر يا ئوقى ئۇچۇپ چىقىپ كۆكسىگە سانجىلدى ـ دە، ئارقىسىغا يىقىلدى. پاتىپاراقچىلىق كۆتۈرۈلدى. پادىشاھمۇ جان قورقۇنچىسىدا ھەرەمخانىسىغا تىكىۋەتتى. « تۇت! تۇت! » دېگەن ئاۋازلار پەلەككە يەتتى. مەنمۇ قورقۇنچتىن خۇدۇمنى يوقاتتىم. ھوشۇمغا كەلسەم، فەرەڭ دوختۇرنىڭ ھۇجرىسىدا يېتىپتىمەن، ئۇ جاراھەتلىرىمنى تاڭغىلى تۇرۇپتۇ.

— ئى يىگىت، رىزقىم بار ئىكەن، جاراھەتلىرىم ساقايدى، —

بوۋاي سۆزىنى داۋام قىلىپ ئېيتتى، — ئەمما كۆڭلۈمنىڭ زەخمى ساقايـ-
مىدى، بەلكى زەرداپقا ئايلاندى. كېيىن سەپەرداشلىرىم ئۇ شەھەردىن
قايتىشقا تەييارلاندى ۋە مېنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئېنىقكى،
ئۇ تەڭداشسىز سەنەمنىڭ ۋەسلى ماڭا نېسىپ بولمايدىغانلىقى تۇرغان
گەپ ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ خىيالى جېنىمنى ئازابلايتتى.

بېيىت

گەرچە تەن دەرگاھىدىن بولدى يىراق،
جان شامى ھەم نۇرىدىن تاپتى پىراق.

كۆڭلۈمنىڭ پەرىشانلىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئەل ئىشىنى يە-
غىشتۇرۇپ، ئالەم ۋاپاسىزلىقىدىن نەپرەتكە تولۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدۇم:

نەزم

مويەدەك بولدۇم، كۆر، ماڭلىيىڭنى كۆرۈپ،
مۇپتىلا بولدۇم جامالىڭنى كۆرۈپ؛

دەرد ـ غېمىڭ بىلەن بولۇپ ھەمنەپەس،
تاپمىدىم ئارامكىم دامىڭنى كۆرۈپ.

كەلدى تۇمشۇققا جان، ئۆلسەم مەيلى،
شېرىن لەۋلەر ھەم پېشانەڭنى كۆرۈپ.

سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېتىپ بۇ ماكانغا چۈشتۇم.

بېيىت

گەر تاپالماسسەن ۋىسال، جان دىلبىرى،
خەلقئالەمدىن يىراق يۈرگىن نېرى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئەسلىدە بۇ تاشلاندۇق، ۋەيران بىر جاي ئىكەن. ئۇستا تامچى، تاشچىلارنى شەھەردىن تېپىپ كېلىپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، بۇ ئىبادەتخانىنى بىنا قىلدىم. قالغان ۋەجىمنى ۋارىسلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردىم. يەنە 10 مىڭ تىللا بىلەن بىر قاتار تۆگىنى ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلۇمغا بېرىپ يولغا سالدىم. ئۇ، راستچىل، دىيانەتلىك ئادەم ئىدى، بەرگەن ئالتۇنلارنى دەسمايە قىلىپ تىجارىتىنى يۈرگۈزۈپ، مېنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىمنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جايدا ئاشۇ نازىنىننىڭ سۈرىتىنى ياساش بىلەن ئىشقىۋاز كۆڭلۈمنى ئاۋۇتۇپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپ ئۆزۈمگە ئاراملىق ئىزدەيمەن:

بېيىت

مۇيەسسەر بولمىسا ۋەسلىڭ پىلانىي غەيرىي تۈزمەسمەن،
ۋەلى بىلگىل، ھاياتىڭ پېشىدىن قولۇمنى ئۈزمەسمەن.

# تاۋۇت كۆتۈرگەن دىۋانە يىگىت

ئى دەرۋىشلەر، مەن ئۇ ئاپتاپ تەلەت، مەرتىۋە ئىگىسىنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىك ۋەسپىنى ئاڭلاپ شۇئان ئاشىق ـ بىقارار بولدۇم، ھەتتا ئۆزۈمنىمۇ بىلمىگۈدەك دەرىجىگە يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇل دەردمەن كىشىنىڭ قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئى دوستلۇق يولىنىڭ پەرۋىشچىسى، مېھرىبانلىقىڭنى ئايىمىغايسەنكى، پارە ـ پارە كۆڭلۈم فەرەڭ قىزىغا مۇپتىلا بولدى.

بېيىت

ئۇنىڭ ئىشق دەردى كەلتۈردى دىلىمغا كۆپ جاراھەتلەر،
بولۇپ پەجمۇدە ئۇستىخانىم، تېنىمگە يەتتى ھەم دەردلەر.

ئۇ كىشى مېنىڭ پەرىشان ھالىمنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە بۇ

بېيىتنى ئوقۇدى :

بېيىت

ھەقىقىي مۇھەببەت ياسالما بولماس ،
يۇلتۇزغا ئەقىللىق كىشى قول سۇنماس .

بۇنى ئاڭلاپ دېدىم :

— ئى بوۋاي ، بىلىپ قويى ، ساپ مۇھەببىتىم گۇۋاھ بولسۇنكى ، مەقسىتىمگە يەتمىگۈچە ئارام ئالمايمەن ، يا ئۇنى قولغا كەلتۈرىمەن ۋە يا ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمنى بېرىمەن .

بېيىت

نىگارنى تاپمىغۇنچە گەر تەلەپتىن قول كۆتۈرمەسمەن ،
چىقار جان ياكى بۇ تەندىن ۋەيا جانان قۇچار بۇ تەن .

شۇنداق ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋېلىپ ، ئاخىر ئۇنى رەھىم - شەپقەت يولىغا كىرگۈزدۈم . ئۇ كۆپ نەسىھەتلەردىن كېيىن ، ئىشقىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ھەققىدە تەلىم بەردى . ئاندىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ، بىر چاڭگال تىللا ئىنئام قىلدى . ئۇنى ھەميانىمغا سېلىپ ، دىل شەرتىنى بەجا كەلتۈردۈم - دە ، پاراكەندە كۆڭلۈم بىلەن تاغدىن قىياندەك چۈشۈپ كەتتىم . دەشت - باياۋانلارنى كۆزۈمنىڭ نۇرى بىلەن روشەن ئەيلەپ ، كېچە - كۈندۈز دېمەي يولۇمنى داۋام قىلدىم ، مۇساپە - مەنزىللەردە ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆردۈم . ھەددى ھېسابسىز مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بىر دىيارغا يېتىپ باردىم . ھەسرەت - نادامەت ئوتلىرى ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرەر ئىدى ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسكىن بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇيتتىم :



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بېيىت

بۇل چىدامىلىق ، ئۇل نىگار سالغاي نەزەر ،
يالتىيىشتىن ئىشق يولى ئەيلەر ھەزەر .

كۆپ جاپا - مۇشەققەتلىك سەپەرلەردىن كېيىن كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ باردىم . بۇ چاغدا چاچلىرىم بىلىمگە چۇشۇپ ، ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىمدىن سارائغا ئوخشاپ كىشلەرنىڭ ئاتقان تاشلىرىغا نىشان بولدۇم . شۇنداقتىمۇ بىرنەچچە ۋاقىت ئۇل نازىنىننى دېرەكلەش ۋە چە-ۋەندازنى تەكشۇرۇش بىلەن مەجنۇنلۇق دەشتىدە يۈرۈپ ، ھېچ يەردىن ھېدىنى ئالالمىدىم . كېچە - كۈندۈز بىدارلىقتا تارتقان ئاھلىرىمنىڭ تۇ-تۇنلىرى پەلەكنى قاپلىماقتا ئىدى .

بېيىت

يار دىدارىنى كۆرمەك ئاشىق ئۇچۇن ئەڭ زور تىلەك ،
قان - يېشمدىن پۇتتى دەريا جەبرىدىن كۆرمەي بۆلەك .

تاكى بىر يىلغىچە ئۇل ۋىسال دۆلىتىنىڭ ئارزۇسىدا پەرىشانلىق كوچىلىرىدا ئۇششاق باللارغا ئويۇنچۇق بولۇپ يۈردۇم . ئاخىر بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىدىن ئۈككىلىنىپ ، ھاياتىنىڭ ئىبادىتىدىن سەرگەشتە ، پەلەكنىڭ گەردىشىدىن بەختىسىز بولدۇم .

يۈرەك نىدالىرىمنىڭ نىشانى سۈپىتىدە يۈزلىرىمگە تۇپراقلارنى سۈرتۈپ ، ئاجىز ۋە بىچارىلىكىمگە ئۆكۈنۈپ يىغلايتتىم :

مۇناجات

ئىلاھى بىھەق شاھى ئەنبىيا ،
بىھەق ئەلى ئۇل شاھى ئەۋلىيا .

بولدى ھەسەنگە يالغۇزلۇق نېسىپ ،
ھۇسەيىن بولدى شېھىت ۋە غېرىب .

ئىلاھى ياخشىلار ساپا ھۆرمىتى ،
گۈل ، باغ ۋە ئارزۇ ، ۋاپا ھۆرمىتى .

يۇرتتىن ئايرىلغان سەرسان ھۆرمىتى ،
ۋەسىل تاپمىغان ئارمان ھۆرمىتى .

يەتكۈز مەقسەتكە ئۆز پەزلىڭ بىلەن ،
رەھىم قىل ، كۆيدۈرمە تاب - ھىجرىڭ بىلەن .

بۇ مۇناجاتنى تەكرار ئوقۇپ ، ئاخشامدىن سۇبھىگىچە يىغلاپ ، ئاللادىن مۇشكۈلۈمگە ئاسانلىق تىلىدىم . قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ، جاھىللىقىم تۇتۇپ ، ۋەيران بولغان كۆڭۈل دىۋانىسى بىلەن يەنە بازارغا چىقىپ ، تۆت كوچا دوقمۇشىغا باردىم . كۆردۈمكى ، نۇرغۇن ئادەملەر ۋەھشىي يىرتقۇچتىن قورققاندەك قېچىپ يۈرۈشەتتى . بىردەمدە بازاردا ھېچكىم قالمىدى . قارىسام ، ئاجايىپ ھەممەتلىك بىر يىگىت يولۋاستەك ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتاتتى ، ئۇنىڭ يۈزى ئايتاپتەك ، ساقىلى مۇشكناپتەك ، قەددى سەنەۋبەردەك ، كۆزلىرى تورنىڭكىدەك قانلىق ئىدى ، ئېسىل ئىگىنلەرنى كىيىپ ، قىممەتلىك كەمەرنى باغلىغان بولۇپ ، قولىدىكى ئالماس قىلىچىنى ھەريان شىلتىيتتى ، قەھر - غەزىپى تاشقانلىقتىن ئاغزىدىن كۆپۈكلەر چاچرايتتى . يەنە بىر قولىدىكى مۇخرەكلىك گۈرزىسىنى ئايلاندۇرسا ، تاشقى سۇنىڭ شاۋقۇنىدەك « ۋاش ... ۋاش ... » ئاۋاز چىقاتتى . ئارقىسىدىن بىر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان 14 ياشلاردىكى ئىككى يىگىت ، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئۇنىڭ ئىشارىسى بىلەن جىنازىنى يەرگە قويدى .

يىگىت جىنازىنىڭ باش تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ئاھ ئۇرۇپ بۇ ئەبياتنى ئوقۇدى :



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئاھ شاھزادە ، ھەسرىتا ، تەگدى ئاپەت ، ۋاي شىھت ،
زالىملارنىڭ تىغىدا تارتتىڭ كۈلپەت ، ۋاي شىھت .

پارە بولۇپ يۈرىكىڭ كۆزلىرىڭدىن قان ئاقتى ،
ئەلۋىدا ، ئەل ـ قوۋمىڭدا يوقكى تاقەت ، ۋاي شىھت .

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلىرى سەلدەك ئاقتى ، نالە ـ پىغانى كۆككە يەتتى ، ھەسرەتلىك مەرسىيە سۆزلىرى خەلقنىڭ يۈرەكلىرىنى تىترىتىپ ، نۇرغۇن ئادەمنى ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىدى . ئالامان ئۇل جىنازىنى قولمۇقول كۆتۈرۈپ كوچىنى بىرقانچە ئايلانغاندىن كېيىن ، يىگىت تاۋۇتنى يەنە قۇللىرىغا كۆتۈرتۈپ ئېلىپ ماڭدى .

ئى دەرۋىشلەر ، بۇ ھالنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ يۈرىكىم لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتتى .

بېيت

مۇھەببەت جىلۋىسى ئالغاي كۆڭۈلنىڭ قەسرىنى شۇئان ،
چىراغنىڭ بېشىدا تۇتۇن قىلۇر ھاسىل بۇلۇت ـ تۇمان .

بارا ـ بارا ئەس ـ ھوشۇمدىن ئايرىلىپ ساراڭدەك بولۇپ قالدىم . كۆپ ئىزتىراپلار چەككەندىن كېيىن بىردىنلا ئەندىشە قىلدىمكى ، تەجرىبىلىك ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىدە : « ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ، ئەمما تەدبىرنىڭ ئالقىنى ئېچىلمىسا ، ئۆزىدىن تەدبىرلىك كىشىلەرگە ئىلتىجا قىلىپ ، ئىلاجىنى سورىغاي ۋە يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا ئېلىپ ، مەقسەت يولىغا قەدەم قويغاي ، ــ دېيىلگەنلىكى ئېسىمگە چۈشتى،ــ

بېيت

ئەقلۇئىدراك بىرلە ھاسىل بولمىسا مەقسەت ـ مۇراد ،
سەۋر ـ تاقەت قىل داۋاملىق ، تاپقۇچە يول چەكمە داد .

ئەگەر ساڭا بىرەر مۇشكۈلچىلىك يۈزلەنسە، تەدبىرلىك كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلماي بۇ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش تەستۇر. ھەرقانچە ئۇرۇنساڭمۇ بىرەر توغرا يول كۆرسەتكۈچىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىسەڭ، ئامال شۇكى، ئۆزۈڭنى ساراڭ قىياپىتىگە سېلىۋال!»

بېيت

مۇشكۈل ئىشقا يولۇققاندا بولۇۋالغىن يالغان ساراڭ،

شۇندا ئىلماس خەقلەر كۆزگە، مەقسەت ئۇچۇن ئاڭلا پاراڭ.

«ئېھتىمال مۇشۇ ئىشلار ۋەجىدىن غەم پادىشاھىنىڭ لەشكەرلىرى باغلىنىپ، بىرەر توغرا پەتىۋا بەرگۈچى يولۇققاي» دەپ ئويلاپ، يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدۇم. خالايىقلار كۆرۈپ، مېنى بۇنداق قىلىشتىن توستى.

بېيت

ئېھتىيات قىلغىن ستەمگەردىن يېتەر جانغا زۇلۇم،

ئارسلاندىن قاچ نېرى ئۇ كەلتۈرەر شەكسىز ئۆلۈم.

ئۇلار: «ئى غېرىب جاھىل، يىگىت غاپىل، جاھاندىن تويۇپ ھاياتىڭدىن كەچتىڭمۇ؟ بۇ خام خىيال بىلەن ئۆزۈڭنى بالاغا گىرىپتار قىلىسەن» دەپ قانچە مەنئى قىلسىمۇ، ساراڭلىقتا ئېلىپ نەسىھەتلەرگە زادى قۇلاق سالمىدىم. ئەمما ئۇلار ماڭغىلى قويماي توسۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر دەردمەن كىشى بار ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ خاپا بولغىنىچە ئۇلارغا:

— ئى يارەنلەر، ساراڭنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ھەم ساراڭدۇر، نېرى تۇرۇڭلار، ئۇنىڭ كۆڭلىنىمەنئى تىرنىقى بىلەنئاغرىتماڭلار!— دەپ مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتىم.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خالايىق ئۇنىڭ ئالدىدىن قاچار ئىدى ، مەن بولسام ئارقىسىدىن قوغلىماقتا ئىدىم . بۇ ھالنى كۆرگەنلەر ھەيرانلىقتىن بارمىقىنى چىشلەيتتى . ھېلىقى يىگىت كېتىۋاتقاچ مېنىڭ ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭلايتتى ، لېكىن مەن تەرەپكە قارىمايتتى . ئۇ شۇنداق ماڭغىنىچە بىر خىلۋەت ھويلا ئىچىگە كىرىپ كەتتى . مەن دەرۋازا ئالدىدا ھەيرانلىقتا پاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . بىردەمدىن كېيىن بىر غۇلام يىگىت چىقىپ مېنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى . بۇنىڭ ئۇچۇن خۇداغا مىڭ شۈكرىلەر ئېيتتىم . چوڭ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كاتتا ئىمارەت بىنا قىلىنغان بولۇپ ، ئەتراپى ساپ ھاۋالىق باغ ئىدى . غۇلامغا ئەگىشىپ ئالىي دەرىجىدە بېزەلگەن بىر خانىغا كىرسەم ، ھېلىقى جىنازا بىر تەخت ئۈستىگە قويۇلۇپ ، باش تەرىپىگە كافۇر شام ياندۇرۇپ قويۇلۇپتۇ . يىگىت بىر ياندا ئالتە قىرلىق گۆرزىنى تۇتقىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغىنىنى پەملىدىم .

ئەدەپ يۈزىسىدىن سالام قىلىۋىدىم ، ئۇ چۆچۈگەندەك قاراپ شۇنداق دېدى :

— ھەي ئەخمەق ! ئارقامدىن نېمىدەپ ئەگىشىپ كەلدىڭ ؟ قولۇمدىكى گۆرزە بىلەن بىرنى ئۇرسام بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىسەن ! ...

مەن بېشىمنى ئېگىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇردۇم ۋە سەمىمىي ھالدا ئېيتتىم :

— ئى مەردانە يىگىت ، ئاچچىقىڭغا ھاي بېرىپ ، ئۆز دىنىڭنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى بۇ دەردتىن خالاس قىلغايسەن ، بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆمىدنى ئۈزدۈم .

ئۇ گۆرزىسىنى تاشلىۋېتىپ ، مۇشتى بىلەن قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە بىرنى ئۇرغىنىنى بىلىمەن ، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن . ھوشۇمغا كېلىپ بېشىمنى ئۇنىڭ قۇچىقىدا كۆردۈم . ئۇ ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ . شۇ ئان ئۆزۈمنى رۇسلاپ ئولتۇردۇم . ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا غەزەپلىك تۈس ئالدى :

— ئى بىچارە، نېمە دەردىڭ بار ؟ ئەقلىڭ ئىختىيارىڭدىن كېتىپتۇ. قانداق ئىش جېنىڭغا تەگدى، پېچاق ئۇستىخىنىڭغا يېتىپتۇ. جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ ؟ كىشىلەر مەندىن قېچىۋاتسا، سەن قوغلاۋاتىسەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى راستلىق بىلەن ئېيتقىن.
مەن بۇ رۇبائىينى ئوقۇدۇم:

يىغىدىن ئۆز گىنى بىلمەسمەن، نېرى شادلىق خىيال قىلماق،
گۆدەكلەر يىغلىسا ئۆكسۈپ كېرەك ئۇنى خۇشال قىلماق.
پەقەتلا تاپمىدىم دىلكەش كۆڭۈل دەردىنى ئېيتماققا،
ئاشىقلار بولسا سەرسانە ئادىللىقمۇ ئۇۋال قىلماق.

ئارقىدىن شۇنداق يىغلىۋەتتىمكى، ئۇمۇ تەسىرلىنىپ قوشۇلۇپ يىغلىدى. ئاندىن ئېيتتى:
— ئى ھىجران ئوتىدا يانغان يىگىت، ئەمدى يىغاڭنى توختىتىپ ئۆز ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن، ھەرقانداق تەلىپىڭ بولسا ياردەم بېرىپ، مەقسىتىڭنى بەجا كەلتۈرۈش يولىدا جانىنى پىدا قىلغايمەن. شەرتىم شۇكى، مەندىن ھېچ نەرسىنى سىر تۇتمىغايسەن.
مەن روھلاندىم - دە، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى، يەنى فەرەڭ گۈزىلىنىڭ سۈرىتىنى كۆرگىنىمدىن تارتىپ دەشت - باياۋانلاردا باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنى ۋە ئۆزۈمنىڭ نام - نەسەبىمنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىم.
يىگىت ئاگاھ بولۇپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:
— ئول پەتنە قوزغاتقۇچىنىڭ بېشىدىن شۇنداق ئىشلار ئۆتتىكى، بۇ كەمگىچە ھېچقانداق ئىنسان زاتى دۇچ كەلمىگەن. زۇلۇم يەتكەن ئۇ يىگىتنىڭ قېنى سەل بولۇپ ئاقتى، يەنە بىرنەچچە كىشىمۇ ناھەق جېنىد-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دىن ئايرىلدى . ئەمدى سەن ئەقىل تىزگىنىنى قولۇڭغا ئالغىن ، بۇنداق ئىشقا ئاشماس خىياللارنى تاشلاپ ، ئۆزۈڭگە سالامەتلىك ئىشىكىنى ئاچقىن . بولمىسا سېنى مەن ئۆلتۈرۈپ ، غەمدىن بىر يولى خالاس قىلىمەن .

— ئى يىگىت ، ئول ماجىرادا ۋەزىرنى ئوق بىلەن ئاتقان كىم ؟

— مانا مەن ! بۇ جىنازىدىكىسى زۇلۇم يەتكەن شاھزادىنىڭ جەسىتىدۇر . مەن بولسام ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولىمەن . پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن شېھىت بولغان شاھزادىنىڭ پىراقىدا ھوشۇمنى يوقىتىپ ، مۇشۇنداق ساراڭلىق كوچىسىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرىمەن . قېرىندىشىمنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈشىگە سەۋەبكار بولغۇچىلاردىن پادىشاھتىن باشقىلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردىم ، پادىشاھ پۇختا قوغدىنىش ئىلكىدە بولغاچ زەخىم يەتكۈزۈشنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىدىم . ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ جەسىتىنى ھەر ئايدا بىر مەرتە كوچا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈۋاتىمەن ۋە تەزىيە قائىدىسىنى ئورۇنداۋاتىمەن . خالايىقلار مېنى ساراڭ دەيدۇ ، مەن زالىملارنىڭ جازاسىنى بېرىش كويىدا ئاۋارىدۇرمەن . ئەمدى سەنمۇ ئۇ گۈزەلنىڭ پىراقىدا يەتكۈچە جەبىر تارتىپ قېشىمغا كەپسەن . ھەقىقەت ئىسپات ئېتىپ تۇرۇپتۇكى ، سەن ھەقلىقتۇرسەن . ئەمما مەندىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشقا ياردەم بېرەلمەيدۇ . بىر شەرت باركى ، ئۇنى كۆرگىنىڭدە نالە - پەريادلار چېكىپ ئاھ ئۇرمىغايسەن . ئەگەر بۇ قائىدىنى بۇزساڭ ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تېنىڭنى ئىككى پارە قىلىۋېتىمەن .

رۇبائىي

كۆڭۈل بەرگەن ھەر ئاشىق بولغۇسى بىھوش ،
سەۋەب ، سۆيگۈ يولىدا يوقتۇر تاقەت - ھوش .
ئاتەشىنىڭ تىغىدۇر ئاشىق مىجەزى ،
ۋىسالىنىڭ يولىدا ئۇرار دائىم جۇش .

# مۇسبەتلىك مەلىكە

شۇنداق قىلىپ، شەرت بويىچە بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا، يىگىت مىنى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە ماڭا ئاتاپ بازاردىن ئېسىل كىيىملەرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ كىيدۇردى. ئۇ، جىنازىنىڭ بىر بېشىنى ماڭا، يەنە بىر بېشىنى غۇلامغا كۆتۈرتتى، ئۆزى بولسا ئالدىمىزدا ماڭدى. بىز قانچىلىك يول يۈردۇق، بىلمەيمەن، بىردىنلا باغنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدۇق. جىنازىنى ئىشىك ئالدىدا ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريانىڭ بويىغا قويۇشنى بۇيرۇدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ، بىر چەتتە ئولتۇردۇق.
ئول دىلاۋەرجان بار ئاۋازى بىلەن بىر نەرە تارتقان ئىدى، ئەتراپ ۋە باغ ھەممىسى لەرزىگە كەلدى. ئاندىن ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

سەنسىز ماڭا، ئى جانان، گۈل ـ گۈلستان بەرىبىر،
سۇمبۇل چاچمۇ بەرىبىر، سەرۋىرىستان بەرىبىر.

تەئنەلەرىنىڭ دەستىدىن كۆرمىدىممەن يار يۈزى،
بولمىسا گەر كۆڭلى پاك، شەكەرىستان بەرىبىر.

كۆرگىل مانا، ھايىزا، مەردكە مەنزىل بۇ ئەمەس،
ھىجرانىڭدا ساراڭغا ھەممە تامان بەرىبىر.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈلەتتى. مەن بولسام ئول نازىنىننىڭ دىدار مۇلاقاتىغا مۇشەررەپ بولۇش شەۋقىدە مەست ئىدىم، قەدەملىرىنىڭ تېۋىشىنى ئىنتىزارلىق ئىلكىدە كۈتۈپ بىر بۇلۇڭدا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئولتۇراتتىم.

بىردىنلا ئالLاتائالانىڭ فەزلى بىلەن بەختىيارلىق ماڭا يۈزلىنىپ، ئول نازىنىن چىقىپ كەلدى.

نەزم

توزلار مەستتۇركى، كۆر، نەركەسمۇ مەست،
كۆرۈپلا شۇئان بولدۇم مەنمۇ مەست.

كۆز چاناقىدىن تۆكۈلدى گۈلاب،
قىلدى شۇم پەلەك ئۇ رەناغا قەست.

تۇراتتى لېكىن شۇنچىلىك تەمكىن،
خوشلاشتى ھوشۇم ئۇلغايغاچ ھەۋەس.

ئى دەرۋىش ئەزىزلەر، ئۇنى كۆرۈپلا بېشىمدىن تاپىنىمغىچە بىر ئوت تۇتاشتى، پارە كۆڭلۈم مۇھەببەت تىرنىقىدا زىدىلەندى. بېشىمنى تۇتقىنىمچە «ئاھ!» دەپلا ھوشۇمدىن ئايرىلدىم. بىر چاغدا ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئول سەرۋ قامەتلىك گۈزەل چېھرىدىن نۇر تۆكۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ گويا ھاياتلىق سۈيىنىڭ ئۆزى ئىدى، قارىلىق كېيىم بىلەن قارا يېپەك توقۇلما ياغلىقى شۇنچىلىك سۈرلۈك كۆرسەتەتتى. ئۇ تەمكىن قەدەم بىلەن كېلىپ، شەپقەتچىم دىلاۋەر يىگىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇردى. مەردانىلىق دېڭىزىنىڭ بىباھا گۆھىرى — شەپقەتچىم سۆز چىمەنىدىن گۈل تەردى، ئول گۈزەل نازىنىن دىققىتىنى بەردى. ئاخىر گەپمۇ تۈگەپ، گۈل يۈزلۈك نىمىشقىدۇر باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ سەۋەبى ئېنىقسىز يىغىسىنى كۆرۈپ شۇنداق بىئارام بولدۇمكى، ۋارقىراپ كىيىم - كېچەكلىرىمنى تىتما - تالاڭ قىلىشقا تاس قالدىم. ئول شىر سۈپەت يىگىت غەزەپ خەنجىرىنى كۆزۈمگە ئاچچىقى بىلەن سانجىۋىدى،

ئۇنىڭ ۋەھىمىسىدىن بىخۇد بولدۇم .

نەزم

ئاي يۈزىدىن تۆكسە نۇرلار تەڭ كېلەلمەس ئاپتاپ ،
ئول يىگىتنىڭ ۋەھمى بىرلە بولدى ھالىم بىر بىتاب .

ئەي شامال ، ئەكەل ھىدىنى ئەيلىمەي جۇدا مېنى ،
بىر كۆرۈپ كەتتىم ھوشۇمدىن قويدۇما جانىنى ئاتاپ .

ئەلـقـىـسـسـە : شۇ ئەسنادا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنە گەپ باشلاندى . ئول نـازىـنىن تەمكىنلىك بىلەن ئاڭلايتتى ، گاھى تىل بىلەن ، گاھى قول ئىـشـارىـسـى بىلەن ئىنكاس قايتۇراتتى . ئۇلارنىڭ قىزغىن سۆھبىتى كۆڭ-لـۈمـنى غەشلىككە گىرىپتار ئەيلەپ ، رەشك ئوتىدا ياندۇردى . بىردەمدىن كـېـيـىـن ئول دەۋران يىگانىسى قايتىپ كەتتى . يىگىتمۇ ئورنىدىن قوپۇپ كـەيـنىدىن راۋان بولدى . بۇ ھالنى كۆرۈپ يىغلىدىم ، كۆزلىرىمدىن ياش ئورنىغا قان تۆكۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدۇم :

بېيىت

كۆڭۈلنىڭ ئىزتىرابى ئۆگىنتۇر پەرۋاز يولۇمدىن ،
بارۇرمەن تاكى بىر تىنىق تولۇق ، ناساز يولۇمدىن .

نىھايەت بەك ئېگىزدۇر جاي ـ ماكانىم ، ئۇچۇش مۇشكۇل ،
لېكىن يانماققا يوق ئىمكان دېمەي ھەر باز يولۇمدىن .

قايتىش يولۇمدا ئاغزىمنى ئاچماي ، ئىچىمدە « ئاھ » ئۇرۇپ يىغلاپ مـاڭـدىم . ئول يىگىتنىڭ خانىسىغا كىرگەندە خىلۋەت بۇلۇڭنى تېپىپ يال-غۇز ئولتۇردۇم . ھەسرەتتىن قوللىرىمنى چىشلەيتتىم .



ئەۋلاد گـۇرۇپپـىـسـى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

شېئىر

كۆزلىرىمدىن ئاققۇدەك بىر تامچە ياش ـ قان كەلمىدى ،
پارە بولدى خۇن جىگەرىم يار بىر ئان كەلمىدى .
تاخالاس بولسام ، نىگارا ، مەن بۇ غەم بىھۇدىدىن ،
ئەجىلىمدىن ئىلگىرى شۇ باغرى گىريان كەلمىدى .

يىگىت بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن ئويغىنىپ ، مېنى چاقىرتىپ ئەھۋالىمنى سورىدى . مەن بۇ نەزمنى ئوقۇدۇم :

گەر ئۆلۈپ كەتسەممۇ زىنھار ھالىمنى سەن سورىما ،
كۆر ، سېرىق سامان يۈزۈم ۋە قان ـ يېشىم بولۇر گۇۋاھ .

ئۇ ئېيتتى :

— ئەلھەمدۇلىللا شۇكرىكى ، تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ ، ھىجران ئازابىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ ، بەختىڭ ئېچىلىشقا يۈزلىنىپ ، ئۈمىد ئۇرۇقۇڭ بىخ سۈرمەكتە ، ئۇ مېۋە بېرىشى چوقۇم !

بۇنى ئاڭلاپ دېدىم :

بېيىت

تەلىيىم كاج ، ئى يىگىت ، بۇ ئىش مۇمكىن ئەمەس ئاخىر ،
ئەگەر ۋىسال نېسىپ بولسا ، بۇنىڭغا ھەم خۇدا قادىر .

— خاتىرجەم بولغىنكى ، ئىشىڭ پۈتۈش باسقۇچىغا يەتتى ، — دېدى ئۇ ، — بىلدىڭمۇ ، سېنى قارىتىپ قويۇپ ئۇنىڭغا قانداق ئىلتىماس قىلدىم ؟

— خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ، مەن ھېچ ئىشنى ئاڭقىرالمىدىم . پەقەت ئىككى ئىشقا ھەيران قالدىم : دەسلەپ ئۇ نازىنىن

گېپىنى ئاڭلاپ يىغلىدى ؛ ئارقىدىن بىر ئىشنى قوبۇل كۆرگەندەك كۆزلىرى بىلەن ئىشارە قىلدى .

— راست ئېيتتىڭ . ئۇنداق قىلىشىڭ سەۋەبلىرى بار . مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ ئومۇمي ئەھۋالىڭنى تەپسىلىي بايان قىلىپ : « بۇ يىگىت ئۇلۇغ خانىداندىندۇر ، سېنى دەپ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى باياۋانلاردا سەرسانە بولۇپ كۆپ جاپا - مۇشەققەت تارتتى ، دىدارىڭ مۇلاقاتىغا ئېرىشمەكنى ئاسان توختىغىنى يوق . ئىگە - چاقىسىز هالدا شۇنچىلىك جەبىر - جاپالارنى تارتسىمۇ سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن ۋاز كەچمەي ، ماڭا ئۇچرىشىپ ئىلتىجا قىلدى .

بېيىت

راۋا ئەمەس كىشى ئۆلسە غېمىڭدىن ،

ئۆڭۈر رەڭگىڭ هامان بىر كۈن يۈزۈڭدىن .

بىلەمسەن ، سېنىڭ يولۇڭدا كۆپ قان تۆكۈلدى . ئۈمىدىم شۇكى ، بۇ ئاشىق يىگىتنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلساڭ ئىككى دۇنيالىق ساۋاب تاپىسەن ، مەنمۇ ئالەمچە مىننەتدار بولىمەن . بۇ ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىدا هەرقانداق مۇشكۇلاتنى بىتچىت قىلىشقا مەن تەييار ، سىلەرنى جېنىم بىلەن مۇھاپىزەت قىلىمەن » دېدىم . ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىردەم جىمجىت ئولتۇردى . ئاندىن : « ئەمىسە بۇگۈن كېچە ئۇ يىگىتنى ئەۋەتىمەن ، خاتىرجەم بولۇپ مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن قوبۇل قىلغىن ! » دېگەن ئىدىم ، ئۇ ماقۇل كۆرۈپ ، كۆزى بىلەن رازىلىق بىلدۈردى . سەن كۆرگەن « ئىشارە » ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت . ئەمدى ئۇنىڭ مۇبارەكخانىسىنى كۆزلەپ بارساڭ ، باغنىڭ ئىشىكىدىن تاپىسەن . ئەمما يولدا ئېھتىيات قىلغىن . كېيىنكى ئىشلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ماڭا قويساڭ بولىدۇ ، — دېدى .

ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ ، كۆپ دۇئالار قىلدىم . كۆڭنى شادلىق



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئىلكىدە كەچ قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر غۇلامنى ماڭا قوشۇپ يولغا سالدى. غۇلامغا تاپىلاپ مۇنداق دېدى:

— بۇ بىچارە بۇ يۇرتقا مۇساپىر، يول بىلمەيدۇ. شۇڭا، باغنىڭ ئىشىكىگە باشلاپ ئاپىرىپ ئۆزۈڭ بىر چەتتە تۇرغىنىكى، ھېچكىم كۆرمىسۇن، ئىشنى تۈگىتىپ قايتقاندىمۇ يول باشلاپ كەلگەيسەن. بىرەر كىشى ئۇچراپ قالسىمۇ سەندىن گۇمان قىلمايدۇ.

ئى دەرۋىشلەر، يىگىتكە رەھمەتلەر ئېيتىپ غۇلامنىڭ كەينىدىن راۋان بولدۇم. ئازراق يول يۈرگەندىن كېيىن، غۇلام ئالدىمىزدىكى كوچىنى ماڭا كۆرسىتىپ:

— باغقا بارىدىغان يول مۇشۇ، مېنىڭ بۇ يەردە ئازراق ئىشىم بار ئىدى. سەن ئىشنى تۈگىتىپ يانغاندا مېنى مۇشۇ جايدا كۈتۈپ تۇرغىن، — دېدى ـ دە، باشقا بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلەلمىسەممۇ، مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن تەشۋىشتىن خالىي ھالدا باغنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن ئىلھامىم ئەۋجىدە بۇ بېيىتنى ئوقۇدۇم:

بېيىت

ئۆزۈمنى يول بويى ئۇل يارغا تىكتىم،
كۆزۈمنى، ئاسقۇسى ئۇل دارغا تىكتىم.

بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر غوۋغا كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم. دەل يېرىم كېچە بولغاندا ئۇل شەكەر لەۋ، كۈمۈش بەدەننىڭ قۇياشتەك جامالىنىڭ نۇرى كۆز ئالدىمنى ئاپتاپ مىسالى يورۇتتى. ئۇنى كۆرەلىگىنىمنىڭ شۈكرانىسىگە ئاتاپ بۇ مەدھىيە گۆلابىنى تۆكتۈم:

بېيىت

ئاچتى يار جامالىنى يورۇدى قەلبىم ئاشكار،
سەن نېسىپ قىلدىڭ بۇنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار.

ئاندىن خۇشاللىقىمدا يەرگە يىقىلىپ، ئۆمىلەپ بارغىنىمچە ئول نازىنىنىنىڭ پۇتلىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدۇم:

ئىنتىزارلىقتۇر ئەلەم ئۈستىگە ئەلەم،
كۆپ خۇشاللىق ۋەسلىگە باسماق قەدەم.

ئۇ ئېيتتى:

— ئى جاھىل، ئېسىڭدە بولغايكى، بۇ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ۋاقتى ھەم جايى ئەمەس. ئەقىل تىزگىنىڭ قولۇڭدا بولسۇن، مانا مەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ كەلدىمغۇ! ...

ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ قىبلىسى ئول قۇياش تەلەت شۇنداق دېگىنىچە ئارقامدىن ماڭدى.

ئى دەرۋىشلەر، خۇشال بولغىنىمدىن يۈرىكىم كۆكرەك قەپەسىمگە سىغماي قالدى، ئەقىل - ھوشۇم ئىختىيارىمدىن كەتتى. مەردانە يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولنى يىتتۈردۈم، تاكى سۇبھىغىچە يېتىدىغان مەنزىلىمنى ئىلغا قىلالماي مەھەللە ئارىسىدا تەمتىرىدىم. ئول قۇياش تەلەت بۇ ھالدىن نارازى بولۇپ ئېيتتى:

— ئەي بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەتۈر پېشانە، جايىڭ نەددۇر؟ مانا كۈن چىقاي دەپ قالدى. ھېلى بىكاردىن دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ رەسۋايى جاھان، بەتنام سەرگىران بولىمىز. ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق نومۇسلۇق ئىش يوق!

مېنىڭ بۇ تەنلەرگە ئىنكاس قايتۇرغۇدەك ھالىم نەدە دەيسلەر، ساراڭدەك ھەريان پىتراپ يۈگۈرگىنىم يۈگۈرگەن ئىدى. كۆڭلۈمدە بولسا ئاللانىڭ بىر يولغا سېلىشىنى تىلەپ، ئۇنىڭ شەپقىتىگە سېغىنىپ يىغلايتتىم.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## مۇناجات

ئىلاھا، ساڭا يەتسۇن ئەرزىم،
بىھەق جامال، جەلالى ئەزىم.
رەھمىڭنى ئەيلەپ ماڭا يول كۆرسەت،
شاپائەتچى ھەق رەسۇلى كەرىم.

خۇدايا خۇداۋەندا، ئۇنداق قىلمىغايسەنكى، مەن بىچارە دەردمەن
شۇنچە مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئاران تەسلىكتە ۋىسال بوسۇغىسىدىن ئات-
لىغاندا يارنىڭ قولۇمدىكى ئېتەكلىرىنى چىقىرىۋەتمىسەك! مىڭ پارە
كۆڭلۈمنى يەنە پارچىلاپ ھىجران بالاسىغا گىرىپتار ئەيلىمىسەك!...

ئى دەرۋىشلەر، شۇنداق قىلىپ، كۈن چىققۇچە كوچىلاردا تېنەپ
تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئۇل گۈزەلنىڭ ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك
خىجىل بولدۇم. ئىختىيارىم تىزگىنى ئاللىقاچان قولۇمدىن چىقىپ كەت-
كەن، بۇنداق خىجالەتچىلىكتە قالغۇچە ئۆلۈم ئەۋزەل ئىدى. تەڭقىسلىق
بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ دەپ تىت ـ تىتلىق ئىلكىدە نىمتىلىنىپ تۇرات-
تىم، بىردىنلا كۆزۈمگە ئۇزۇن كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى يوغان دەرۋازا
كۆرۈندى. دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشىك
يوق ئىدى. قولۇمنى قولۇمغا ئۇرۇپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي بارمىقىمنى
چىشلىگىنىمچە تۇراتتىم، ئۇل دەۋران يېگانىسى مېنى غەم قاينىمىدىن
سۈزۈپ چىقتى:

— ئى بىلىمسىز، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟

— بىلەلمىدىم، پىدايىڭدۇرمەنكى، بۇ جايدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ
كەلگەن بىر غۇلام بار ئىدى. دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ بىر ياققا
كېتىپ قاپتۇ.

ئۇل پەرى سۈپەت نازىنىن يەردىن يوغان بىر تاشنى ئېلىپ
قۇلۇپنى بىرلا ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. مېنىڭ پۇت ـ قوللىرىم لاغىلداپ تىت-
رەيتتى. ئۆزۈمچە: «بۇ ئىش ياخشى بولمىدى، شۇ تۈپەيلى رەسۋاچىلىق

يۈز بەرسە قانداق قىلغۇلۇق ؟ » دەيتتىم . ئۇل نازىنىن غېمىدە يوق ئە-
شىكنى ئېچىپ ئىچكىرىگە ماڭدى ، مەنمۇ ئىلاجسىز ئارقىسىدىن
ئەگەشتىم . تەمتىرەپ كەتكىنىمدىن ئىشىكنىمۇ ياپماپتىمەن . ئىچكىرىلەپ
كىرىپ قارىسام بۇ جاي كىتابلاردا ئېيتىلغان جەننەتنىڭ ئۆزى ئىكەن .
باغقا جاھاندا بار دەرەخ تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى تىكىلگەن بولۇپ ، سەنەۋ-
بەر ، شەمشاد ، تاغ تېرىكى قاتارلىقلار قەددىنى تىك تۇتۇپ ، ئېگىز
ئاسمانغا بوي سوزغان ئىدى . ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ ۋايىغا يەتكەن ،
رەڭمۇ رەڭ گۈللەر كۆز قاماشتۇرۇپ ئېچىلىپ كەتكەن ، ئېرىقلاردا
سۈپسۈزۈك زۇمرەت سۇلار « ۋىلىق - ۋىلىق » ئاۋاز چىقىرىپ ئاقاتتى .
گۈلسۈرۈخلارنىڭ غۇنچىلىرى ياز مەۋسۇمىدىن سۆيۈنگەندەك تەبەسسۇم
ئەيلەپ ، نازۇك شاخلىرىدا خۇش ئاۋاز قۇشلارنى ئۆز ياراتقۇچىسىغا ھەمدۇ
سانا ئېيتقۇزاتتى . بىناكارلىقنىڭ تەڭداشسىز ھۈنەرلىرى مۇجەسسەملەن-
گەن ئالىي ئۆيلەردە ئېسىل بىساتلار ، ئالتۇن - تىللالاردىن تەييارلانغان
بەزمە جابدۇقلىرى تەل ئىدى . سورۇننىڭ بېزىلىشى ئادەمنى ھەيرانۇھەس
قىلاتتى .

ئۇل گۈل بەدەن بۇ ئالىي ئىمارەتكە زىننەت بېرىپ ، ئۆز
خانىسىدەكلا قورۇنماي كۆلگەن پېتى بېرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى .
يېپيېڭى قىلىق تۇرغان بىر داستىخاننى ئېچىۋىدى ، ئىچىدىن نان ۋە تۈرلۈك
جانىۋارلارنىڭ كاۋاپلىرى چىقتى . ئۇ ناز - نېمەتلەرنى ماڭا كۆرسىتىپ :

— ئى ئەزىز ، گەرچە غۇلامىڭ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئەيش
ئىشرەتنىڭ ئوچۇق ئىكەن ! — دېدى - دە ، ئۆز قولى بىلەن بىر قەدەھكە
شاراب تولدۇرۇپ ئىچتى . ئاندىن ماڭىمۇ بىر قەدەھ تۇتتى . ئۇنىڭ شېرىن
سۆزلىرىنى ئىشتىپ پۈتۈن دەرد - ئازابلارنى تۈگەل ئۇنتۇپ كەتتىم .
ئاي يۈزلۈك نازىنىن ئۈچ قەدەھ شارابنى كەينى - كەينىدىن ئىچىۋېتىپ ،
خىرامان ئولتۇردى . مەن بېشىمنى ئاياغلىرى ئۆزرە قويۇپ ، ئۆز قولۇم بە-
لەن بىر قەدەھ تۇتتۇم . ئۇ شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن
نېمەتلەرگە ئېغىز تەگدى ، ئىچكىرىدىن يەنە بىر داستىخاننى ئېلىپ چە-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قىپ ئالدىغا قويغان ئىدىم، كۆڭلى تارتقان يىمەكلىكلەرنى تارتىنماي يېدى. مەن بىچارە قۇل كەيپلىك تەسرىدە ۋاپاسىز ئالەمنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىدىن بىردەملىككە غاپىل بولۇپ، ئول گۈزەلنىڭ گۈل سۈپەت جامالىدىن ھۇزۇرلانغىنىمچە ئۆزۈمنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ مېھىر سېھرىگە ئا۔ تاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدۇم:

جاھاننى ئاختۇرۇپ شۇنچە، ئۇنى تاپتىم ئىچىمدىن مەن،
كۆڭۈل قەسرىم يورۇپ سۈبھى كەبى كۈلدۈم قىنىمدىن مەن.

ئەلقىسسە: ئول سەنەمنىڭ بىر كېچىدىلا غايىب بولغانلىقىدىن پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزۈلدى. پادىشاھ ئالاقزادە بولۇپ، چاپارمەنلىرىنى شەھەر تامان چاپتۇردى. مۇھاپىزەتچى پاسىبانلارغا ھەم مەكتۇپ ئارقىلىق: «خەۋەردار بولۇڭلاركى، تېزدىن ئاختۇرۇپ تېپىپ ئالدىمغا ھازىر قىلىڭلار!» دەپ پەرمان چۈشۈردى. 40 مەككار خوتۇننى تاپتۇرۇپ كې۔ لىپ، ئۆي ـ ئۆيلەرنى قىدىرىپ ئول گۈل رۇخسارنى ئىزدەشكە بۇيرۇدى. كەنىزلەردىن بىرى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ كوچىغا ئاياغ بېسىپ، مەن يېپىشنى ئۇنتۇغان ھېلىقى دەرۋازىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچكىرىلەپ كىردى. قېرىغىنىدىن دۈمچىيىپ قالغان بۇ خوتۇن بىر قولىدا ھاسىسىنى تايىنىپ، يەنە بىر قولىدىكى تەسۋىنى سىيرىغىنىچە:

— ئىلاھىم ئىككىڭلارنى يامان كۆزدىن ساقلاپ، تېخىمۇ مېھرىبان قىلغاي، دۈشمەنلىرىڭلار ئۆز جازاسىنى تارتىپ، بالا ـ قازاغا گىرىپتار بولغاي! — دەپ دۇئا بەجا كەلتۈرۈپ يېنىمىزدا ئولتۇردى.

نازىنىن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئى ئانا، قەيەردىن كەلدىڭىز، نە سەۋەبتىن كۆزلىرىڭىز ياش، كۆڭلىڭىز پەرىشان؟

— ئى پەرى سۈپەت گۈزەل، — دېدى ئۇ، — مەن قوشناڭدۇر۔

مەن ، ئۆي ـ ماكانىم بار . ئولتۇرسام ـ قوپسام سېنىڭ دۆلەت ـ بەختىڭنى تىلەپ دۇئا قىلىمەن . ماڭا كۈندە بىر لوقما تائام بولسىلا كۇپا- يە ، شۇنىڭ بىلەن كۈننى كەچ قىلسام ، ئۇچام يالىڭاچ قالمىسىلا بولدى . بىر قىزىم بار ئىدى ، ئاي ـ كۈنى توشۇپ ئىككى كۈندىن بۇيان تۇغالماي قىينىلىۋاتىدۇ . بىر كىشىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەگەر كاۋاپتا بۇي سالسا ئۇنىڭغا قۇۋۋەت پەيدا بولۇپ تۇغۇتى ئاسانلىشىدىكەن ، لېكىن ئۇنى ئېلىشقا قۇربىم يەتمىدى . شۇڭا ، دۆلەت خاناڭلارغا كىرىشىم ئىدى . بىچارەڭگە رەھىم ئەيلەپ بىرەر نېمەرسە سەدىقە قىلغايسەن .

ئول نازىنىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ، ئىككى توخۇ بىلەن بىر سان كاۋاپ ۋە بىرنەچچە ناننى بەردى . بۇنىڭغا قوشۇپ بىر قۇر كىيىمنۇ سەدىقە قىلدى . ئاندىن :

— ئى ئانا ، يەنە كەلسەڭمۇ ئاچچىقىم كەلمەيدۇ ، قىزىڭنىڭ قېشىغا تېز بارغىن ! — دەپ ئۇزىتىپ قويدى .

موماي كۆپ رەھمەت ـ دۇئالار بىلەن چىقىپ كەتتى .

كۈمۈش بەدەن گۈزەل ئۇ مومايىنىڭ ھالى ئۈستىدە باش قاتۇرغىنىچە خىيالغا پېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . مەن بولسام ئۆز ئارزۇيۇم ھەلەكچىلىكىدە بىدار ئىدىم . شۇ ئەسنادا سىرتتا بىردىن غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ : « تۇت ، باغلاۋەرگىن ! » دىگەن ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى . ئارقىدىن ئاللىقانداق ئوپۇر ـ توپۇر ، قىقاس ـ سۈرەنلەر ئاڭلاندى . ئىشىككە قارىسام ھېچكىم كۆرۈنمىدى . بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى موماي- نىڭ قاقشاشلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى.

## بەھزادخان باتۇر

ھويلىدىن ئوقتەك يۈگۈرۈپ چىقىپ ، شىرغا ئوخشاش قەھرلىك بىر ياۋۇزنى كۆردۇمكى ، بىلەكلىرى چىنارنىڭ غول شاخلىرىدەك ، يۈز- لىرى ئايدەك ، بېشىغا خوراسان كۇلاھى كىيگەن بۇ پالۋان ئالتۇن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

زەنجىرلەر بىلەن بىزەلگەن بەھەيۋەت كەمىرنى بىلىگە باغلاپ ، دۇمبىسىدە ئوقيا ، يېنىدا قىلىچ ۋە لىق ئوق قاچىلانغان ئوقدان ، پەشلىرى قىستۇرۇلغان ھالدا ، رەڭگىرويى قەھىرلىك تۇستە ئىدى . ئات غانجۇغىسىدا بىر كىيىك ئېسىقلىق تۇراتتى . ئۇ بىر قولىدا نەيزە ، يەنە بىر قولىدا ھېلىقى موماينىڭ گەجگىسىدىن خۇددى سار بىچارە چۈجىنى قاماللىغاندەك تۇتۇپ سۆرىگىنىچە كېتىۋاتاتتى ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ، ئاتتىن چۈشۈپ مومايىنى شىللىسىدىن كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى . موماينىڭ گەۋدىسى بىلەن يەرگە نەقىش چىقىرىپ ، ئاندىن قىلىچ چېپىپ بېشىنى كەستى ـ دە ، بۇنىڭلىق بىلەن يەنە بولدى قىلماي ، بىر پۇتىدىن دەرەخكە ئېسىپ ، ئوتتۇرىدا بويلاپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى . ئىشنى تاماملاپ شۇكرانە سەجدىسىگە باش قويۇپ بولۇپ ، غانجۇغىدىكى كېيىكنى سويۇپ پىشۇرۇپ يېدى . بۇ بىپەرۋانىڭ قورقۇمسىزلىقىنى كۆرۈپ تەنلىرىمگە تىترەك ئولاشتى ـ دە ، جېنىمنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى . ئۆزۈمنى لاغىلداشتىن زادىلا تۇتالمايتتىم .

شۇ چاغدا پالۋان مېنى كۆرۈپ قالدى ـ دە :

— ھەي ئادەمزات ، بۇياققا كەل ! — دەپ ۋارقىرىدى .

« لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ... »نى ئىچىمدە تەكرار ئوقۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم .

— ئى بەختسىز ! شۇنداق پايدىسىز ئىشنىمۇ قىلامسەن ؟ ئەگەر مېھمان بولمىغىنىڭدا گۆشلىرىڭنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتەتتىم ، بۇ بەتامام جاھىللارغا تەنبىھ بولار ئىدى ! — دېدى ئۇ .

بۇ قورقۇنچلۇق سۆزنى ئىشتىپ ئايىغىغا يىقىلدىم ، پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم . ئۇ كۈلۈپ كېتىپ ئېيتتى :

— ئى زالىم ، شۇنداق چوڭ ئىشنى قىلىپ ، دەرۋازىنى ئوچۇق قويامسەن ؟ ئەگەر دەرۋازىنى زەنجىرلەپ قويغان بولساڭ ئول كەمپىر سىرىڭنى بىلمەس ئىدى .

يېنىشلاپ ئۆزرەلەر ئېيتىپ قوللىرىنى ئۆپتۈم .

— ئۆلگەن خوتۇنىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن ؟ — دېدى ئۇ .

— ھېلىلا سەدىقە تىلەپ كەلگەن ، شۇ چاغدا كۆرگەن ئىدىم .

— بىلەمسەن ، مەن نېمە ۋەجىدىن شۇنداق ۋەھشىيلىك قىلدىم ؟

— ياق . بۇنىڭ ئاشكارا ۋە پىنھان سىرلىرى ئۆزىڭىزگە مەلۇمدۇر .

— بەختىڭ مەدەتكار بولدى ، — دېدى ئۇ ، — خۇدا خالاپ مەن دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەپتىمەن . بۇ مەككار جاسۇسلارنىڭ بىرى بولۇپ ، سىلەرنى ئىزدەپ مەھەللىمۇمەھەللە ، ئۆيمۇئۆي قىدىرىپ بۇ شەھەرگە ئوت ياقماقچى ئىدى . بۇنىڭ جەريانىنى بايان قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . مەن شىكاردىن يېنىشىمدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كوچا ئاغزىغا كەلسەم ، ئۇ كەمپىر ئىككى توخۇ ۋە قويىنىڭ بىر سان كاۋىپى بىلەن ئول نازىنىن بەرگەن كىيىمنى ئېلىپ مېڭىپتۇ . بۇلار سىلەرنى تۇتۇشنىڭ يېتەرلىك ماددىي ئىسپاتى ئىدى . كۆرۈپلا قاتتىق ئەنسىرىدىم . كوچىدا مېنىڭ ئۆيۈمدىن باشقا ئۆي يوق بولۇپ ، بۇ كاۋاپلار مېنىڭ جانىۋارلىرىمنىڭ ئىسكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتىم . ئۇنىڭدىن : « نەدىن كېلىۋاتىسەن ، بۇ نەرسىلەرنى قەيەردىن ئالدىڭ ؟ » دەپ سورىۋىدىم ، ئۇ دۇدۇقلاپ : «قىزىمنىڭ تۇغۇتى قېيىن كېلىپ بەك قىينىلىپ كەتتى ، كوچا ئاخىرىدىكى ئاۋۇ ئۆيگە كىرسەم ، بىر خانىم ئىچ ئاغرىتىپ بۇ نەرسىلەرنى بەردى » دېدى . شۇئان گۇمان قىلدىمكى « مەلىكىنى بىرەرسى بۇ يەرگە كەلتۈرۈپتۇ » . شۇنىڭ بىلەن كەمپىرنى ئۇۋ گۆشىگە قىزىقتۇرۇپ گوللاپ قولغا چۈشۈرۈپ ئەدىپىنى بەردىم . ئەمدى خاتىرەڭنى جەم قىلىپ خۇشال بولغىنىڭكى ، بۇ ئۆيدە قانچىلىك ئۇزاق تۇرساڭمۇ مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئى ئوغلۇم ، خەقلەر مېنى بەھزادخان قاراقچى دېيىشىدۇ . قىلىچىمنىڭ زەربىدىن قورقۇپ پادىشاھمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى پالۋان ، — مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى سەن پىراقىدا كۆيگەن نازىنىننىڭ تاغىسىنىڭ خىزمىتىدە مەنسەپ تۇتقان ئىدىم . ئىش ھەقىقەت بويىچە بولغاندا پادىشاھنىڭ ئاغىسىنىڭ ئوغلى شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدى . ئەمما بۇ پادىشاھ ئاغىسى-



ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . شۇ سەۋەبتىن مەن مەنسەپنى تاشلاپ تەركىدۇنياچىلار يولىغا كىرىپ مەملىكەت دائىرىسىدە قاراقچىلىق قىلىپ يۈرىمەن . چەت جايلارغا ئاياغ باسسام ، يول توسۇپ كىشىلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنى-مەن . پادىشاھ سىپاھلىرى تىركىشىشتىن قورقۇپ ئاخىر مەن بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى . ھەر كېچىسى ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇ چۈشۈمدە ئايان بولۇپ ، ماڭا : « قاراقچىلىقتىن قول ئۈزۈپ 〈تووۋا〉 قىل » دەپ پەرمان چۈشۈردى . شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئۆي خۇدانىڭ ئىبادىتىگە باش قويىدىغان جايىم بولۇپ كەلدى . ئىچىم پۇشسا ئوۋ بىلەن كۆڭۈل ئاۋۇندۇرىمەنكى ، كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمايمەن . ئەمدى سەنمۇ ئەھۋالىڭنى بايان ئەيلە ، ئۆزۈڭ زادى كىم ؟ قەيەردىن كەلدىڭ ؟ قانداق جۈرئەت بىلەن بۇ يەرگە ئاياغ بېسىپ ئادەم يوق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىڭ ؟ قېنى بىر باشتىن سۆزلە ، مەن ئاڭلاپ باقاي .

ئى دەرۋىشلەر ، مەن ئۇنىڭ تەلپىگە ئاساسەن « بۇ بېيىت مەز-مۇنى بىلەن ئىشىك قۇلۇپىنى ئاچتىم » دېدىم :

بېيىت

راست سۆزدىن ئىنسانلار تاپارمىش نىجات ،
چۈنكى ئۇ بىرەرمىش تۈگىمەس ھايات .

ئاندىن بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاۋۋىلدىن ئاخىرىغىچە قالدۇرماي بايان قىلدىم . گەپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىش سەۋەبىگە كەلگەندە بارمىقىمنى چىشلەپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، « دەرۋازىدا قۇلۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، غۇلامىم قۇلۇپلاپ قويۇپ بىر ياققا كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ... » دېگەنلەرنى توقۇپ ، قۇلۇپنى قانداق چېقىپ ئۆيگە كىرگەنلىكىمدىن تارتىپ راستى بىلەن بايان قىلدىم . پالۋان ئاڭلاپ بولۇپ ، ئاتىلارچە بېشىمنى سىلاپ ، يۈز - كۆزلىرىمگە سۆيۈپ :

— رەھمەت ساڭا ، خۇدا رەھمەت قىلسۇنكى ، كۆڭلۈمدىكىدەك بايان قىلدىڭ ، سەندىن رازى بولدۇم . مەلىكىگە : ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ دېگەن بولساڭ ، ئەمدى مېنى قۇللۇققا ئالغىنىڭ ، جان - دىلىم بىلەن خىزمىتىڭنى قىلغايمەن ! — دېدى .

مەن خىجالەت ئىلكىدە بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا رەھمەتلىرىمنى ئىزھار قىلدىم .

— بۇرادەر ، ئەمدى ئىشلىرىڭنىڭ رويابقا چىقىشىدىن غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ ، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلدۈرۈپ ، — بۇمۇ ئالەم پەرۋەردىگارىنىڭ ئىنايىتىدۇر .

ئول پالۋان مېھرىبانلىق كۆرسەتكەنسېرى شۇنچە خىجىل بولماقتا ئىدىم . ئۇ بىر كېيىكنى سويۇپ يېرىم ياتىسىنى كاۋاپ قىلىپ ئالدىمىزدا قويدى ، ئۆزى ساھىبخان سۈپىتىدە قول قوشتۇرۇپ تۇردى . نازىنىن ئىككىمىزنىڭ كىرگىنىمىزنى تويۇپ ھېلىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئىدى . ئۇ ئەمدى قوپال سۆزلەر بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى .

پالۋان ئۆزىنى غۇلاملاردەك تۇتۇپ قائىدە بويىچە خىجىللىق ئىلكىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ :

— ئى مەلىكە ، كەمىنەلىرىنىڭ گۇناھى بۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇركى ، ئېغىر جازاغا لايىقمەن . شۇنداقتىمۇ ئەپۇ قىلىپ گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا . ھەرقايسىلىرىغا ھەدىيە قىلاي دېسەم بىر نېمەرسەم بولمىغاچقا ، ئاتايىن شىكارغا چىقىپ بىرەر ئولجا تېپىپ كېلەي دېگەن نىيەت بىلەن دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ جاڭگالغا ئاتلىنىپ ، بۇ كېيىكنى ئوۋلاپ كەلگەن ئىدىم ، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى .

ئى دەرۋىشلەر ، ئول پالۋان يىگىتنىڭ مەردانىلىقىدىن خىجالەتچىلىكتە ئۆلەي دېدىم . ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئالدىمىزغا بىر كوزا شاراب بىلەن توخۇ كاۋىپى كەلتۈردى . ئاندىن ئۆز قولى بىلەن بىر قەدەھكە لىق قۇيۇپ نازىنىنغا تۇتتى . ئول سەنەم ئۇنىڭ ساھىبخانلىق قابىلىيىتىدىن مەمنۇن بولۇپ ، جاۋابەن بىر قەدەھكە تولدۇرۇپ قۇيۇپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كۆكۆل ئىزھار قىلدى . پالۋان بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى . ئاندىن ئۆز ئە-
شىغا تۇتۇندى .

ئى دەرۋىشلەر ، قىسسەنىڭ قىسقىسى ، ئول مەردانە ئادەم ئۈچ ئايغىچە بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە بەل باغلاپ ، ئۆز ئىشىنى قايرىپ قويىدى ۋە بۇنىڭغا رازىمەنلىك ئىزھار قىلىپ : « ئەگەر خۇدا 100 يىل ئۆمۈر نېسىپ ئەتسە ، سىلەرنى مۇشۇ ئۆيدە تۇرغۇزۇپ خىزمىتىڭلارنى قىلسام دەيمەن . مۇبادا ئۆز ۋىلايىتىمگە قايتىمەن دەپ قالساڭ ، بىللە بېرىپ خىزمىتىڭگە جان پىدا قىلىشقىمۇ رازى ئىدىم ، تەۋپىق ئىلاھى بىلەن ئىككىڭلارنى ئارزۇ مەنزىلىگە باشلايتتىم ! » دېدى .

— يىگىتلەرنىڭ مەردانىلىقى ئادەمگەرچىلىكتە ئىپادىلىنىدۇ ، — دېدىمەن ، — قېرى ئاتامنىڭ مەن بىچارە توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋىرى يوق . ھېلىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز ياخشىلىقلارنى قىلدىڭىز .

بۇ سۆزۈمنى ئىشىتكەندىن كېيىن ئۇمۇ سەپەرگە تەييارلاندى . ياخشى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئول نازىنىن بىلەن مەسلىھىتىمىزنى پىشۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىپتىقان ئىدۇق ، پىكرىمىزنى ماقۇل كۆردى . ئۇنىڭ ياردىمى بى-لەن ، يارامىلىق ئۈچ ئات ، ئىگەر - جابدۇق ، ئوق - كامان ، ساۋۇت - قالقان قاتارلىق تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىپ ، يېتەرلىك يېمەكلىكلەرنى خۇرجۇنلارغا قاچىلاپ ، ئۈچىنچى كېچىسى يولۇپ كەتتۇق . ئۇ ئىلگىرىكى قائىدىسى بويىچە ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى قۇلۇپلاپ قويىدى .

بىز ئادەمسىز چۆللەردىن مېڭىپ ، ئېھتىيات ئارقىلىق خەۋپ - خەتەردىن ساقلىنىپ ئەجەم ( تۈرك ئېلى ) گە بارماقچى ئىدۇق ، ئەمما ھېلىقى ئەقىلسىز غايىب بولغان باغقا كەلگىنىمىزدە ، پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ :

— پاسىبانلار كېچىسى يوللارنى قامال قىلسۇن ، شەھەر دەرۋاز-سىنى تاقاپ ھېچ كىشىنى سىرتقا چىققىلى قويمىسۇن ! — دېگەن ئىكەن.

ئەگەر كىم سەپەرگە چىقىدىغان بولسا پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش كېرەك ئىكەن .

بىز بۇ ئەھۋالدىن بىخەۋەر دەرۋازىغا كەلگەن ئىكەنمىز. پالۋان يىگىت ۋارقىراپ دەرۋازىۋەنلەرنى ئويغىتىپ:

— دەرۋازىنى ئاچ! — دېدى.

ئۇلار قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەشكىنىچە ئېيتتى:

— سىلەر كىم بولۇسىلەر، پادىشاھنىڭ پەرمانىدىن خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟

باتۇر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئى ئەخمەقلەر، قارىغۇمۇ سىلەر؟ مەن بەھزادخان بولىمەن، بۇ يىگىت پادىشاھتۇر، يەنە بىرى پادىشاھنىڭ مەلىكىسى. بىز ئەجەم ۋىلايىتىگە ماڭدۇق، — دېدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ دەرۋازا قۇلۇپىنى چېقىۋەتتى، — ئى ئىتلار، بىز بۇ قىزنى ئېلىپ كېتىمىز.سەنلەرنى قىيما - چىيىما قىلىپ جەھەننەمگە ئۇزاتماقچى ئىدىم. بىراق ئول زالىمغا خەۋەر يەتكۈزۈشمىسەڭ بولمايدۇ. ياخشىلىقىڭنى ئايىماي، باشلىقىڭغا مەلۇم قىل، ئارقىمىزدىن كىشى ئەۋەتسۇن. ئېيتىپ قويايكى، ئۆزىنى چاغلاپراق ئىش كۆرگەي!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالغىنىمدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەشكە باشلىدى. ئول باتۇر ئاۋۋال بىزنى دەرۋازىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزى چىقتى. دەرۋازىۋەنلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ شەھەرى بولغار تەرەپكە راۋان بولدۇق. تاڭ ئاتقۇچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئالدىمىزدا بىر چوڭ دەريا كۆرۈندى. بىر توپ لەشكەر دەريانىڭ كۆۋرۈكىنى قورۇقداپ ئولتۇرغان ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ ئەھۋال سورىدى. بەھزادخان دەرۋازىۋەنلەرگە ئېيتقان سۆزنى بۇلارغىمۇ ئەينەن ئېيتتى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ يولىمىزنى توستى. پالۋان بەھزادخان شىردەك ھۆركىرىگىنىچە نەرە تارتىپ قىلىچ شىلتىدى. لەشكەرلەرنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ، پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى، بىرنەچچىسى جېنىدىن ئايرىلدى. بىز دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، بىرەر فەرسەخ ماڭغان ئىدۇق، ئارقىمىزدىن كې-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار كۆرۈندى. چاڭ ـ توزان ھاۋانى قاراڭغۇلاشتۇرغان ئىدى.

بەھزادخان ئېيتتى:

— ئى ئەزىزلەر، قارىغاندا بۇ دۈشمەن لەشكەرلىرىدۇر، بىزنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگىنى ئېنىق. ئەمما ئانچە قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق. ئىككىڭلار ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، خۇدايتائالانىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلغايسىزلەر. لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ، تېگىشلىك جاۋابنى بېرىپ كېلەي!

ئۇ شۇنداق دەپ، ئاستىدىكى خۇرجۇننى بىزگە تاشلاپ بەردى. ئاندىن ئىگەر ـ جابدۇقلارنى مەھكەم چىڭىتىپ، لاچىندەك شۇڭغۇپ ئاتقا مىندى ـ دە، دۇئا بەجا كەلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن دۈشمەن تامان چېپىپ كەتتى.

دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشى بىزگە يېقىنلاپ كەلگەن بولسا، ئاخىرىسى ئۇردىدىن چىقىپ بولالمىغان ئىدى.

بەھزادخان باتۇر خۇدايتائالادىن مەدەت تىلەپ، دۈشمەن قايسى تەرەپتىن كەلسە شۇ ياققا قىلىچ ئوينىتىپ بېرىپ، ئۈچرىغاننى چاناپ ئىلگىرىلەيتتى. دۈشمەنلەرنىڭ بەزىسى قورقۇنچتىن ئۆزلىرىنى ئاتتىن تاشلايتتى. باتۇرنىڭ ھۇجۇمى قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە شۇ ياقتىكىلەر ئالاقزادە بولاتتى. باتۇر شۇ تەرىقىدە ھۇجۇم قىلىپ، ھەربىر نەرە تارتقاندا نەچچىلىگەن لەشكەرنىڭ كاللىسى تېنىدىن ئاجرايتتى. ئۇ توختىماي قان تۆكۈپ، ئاخىر لەشكەرلەر سەردارىنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. ئۇمۇ نامدار پالۋانلاردىن ئىدى. ئۇ فەرەڭلەرنىڭ جەڭ قىلىش ئادىتى بويىچە بەھزادخانغا ھەملە قىلدى. بەھزادخانمۇ بوش كەلمەي، ئاللادىن مەدەت تىلەپ قىلىچىنى كۈچەپ شىلتىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئىت كاللىسىغا شۇنداق تەگدىكى، بېشى تاۋۇزدەك ئىككى كاسا بولغىنىنىڭ ئۈستىگە كۆكرەك قەپەسىگە يېتىپ بېرىپ، يۈرىكىنىمۇ ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى. لەشكەرلەر سەردارىنىڭ پاجىئەسىنى كۆرۈپ يولۋاسنىڭ ئالدىدىن قاچقان تۈلكىدەك

جىنىنى ئىلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. باتۇر يېرىم فەرسەخچە كەيىندىن قوغلاپ ئاندىن بولدى قىلدى.

ئۇ دەريانىڭ بويىغا كېلىپ قوللىرىدىكى قانلارنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن ئېتىنى مىنىپ كۆۋرۈككە چىقتى ۋە بىزگە ئۆزرە ئېيتىپ:

— ئى ئەزىزلەر، بۈگۈن كۆپ جاپا تارتتىڭلار، كەمىنەڭلارنى ئەپۇ قىلىڭلار! — دېدى.

بىز پالۋاننىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن - تەھسىنلەر ئېيتتۇق. ئاندىن ئازراق بىرنەرسە يېۋېلىپ، يەنە يولغا راۋان بولدۇق. كەچ كىرگەن ئىدى، كېچىچە مېڭىپ ئەتىسى بىر بوستانلىققا ئۇلاشتۇق. ئاتلىرىمىزنى يالىڭاچلاپ ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، غىزالاندۇق. ئارام ئېلىۋېلىپ سەپىرىمىزنى شۇ داۋاملاشتۇرغانچە فەرەڭ مەملىكىتى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ بولمىغۇچە توختىمىدۇق. بۇ جەرياندا نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، توققۇز ئايدىن كېيىن ئەجەم زېمىنىغا قەدەم قويدۇق. ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار ئاتامنى قاتتىق سېغىنغانلىقىمدىن خەۋىرىمنى يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇلار يۇرت زېمىنىغا ئاياغ باسقانلىقىمنى ئۇقۇپ، ئوردا قازىلىرىدىن بىرنەچچىسىنى شەھەردىن بەش فەرسەخ يىراقلىقتىكى دەريانىڭ بويىغا بىزنى كۈتۈۋالغىلى چىقارتىپتۇ. ئاتامۇ بىللە چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ دەرھال ئات چاپتۇرغان ئىدىم، بىردەمدە دەريا بويىغا يېتىپ كەلدىم. دەريادىن تېز ئۆتۈپ ئاتام بىلەن قۇچاقلىشىش ئارزۇيۇم ئۇلغىيىپ، ئاتقا قامچا ئۇرۇشۇم بىلەن ئات سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. دەريادىن ئۆتۈپلا ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتامنىڭ ئالدىغا پىيادە يۈگۈردۈم. بۇزرۇكۋارىم بىلەن دىدارلىشىپ بولۇپ ئارقامغا قارىسام، ئول نازىنىن بىلەن پالۋان ئىككىسى ئۇلۇغ سۇغا غەرق بولۇپتۇ. چۈنكى قىزنىڭ مىنگەن ئېتى مەن مىنگەن ئاتنىڭ بالىسى ئىدى. ئۇ بالىسىنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈپ ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن بەھزادخان ئۇلارنى قۇتقۇزىمەن دەپ سۇغا سەكرىگەن ئىكەن، ئۇلۇغ سۇ ئىككىلىسىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئىش ئىنتايىن خەتەرلىك باسقۇچقا يەتكەچكە، پۇت - قولۇمدا جان قال-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مىدى . غەۋۋاسلار يېتىپ كېلىپ ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن
بولسىمۇ ، قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى .

ئى دەرۋىشلەر ، مەن گاڭگىرىغىنىمدىن ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىمنى
ئاڭقىرالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتتىم . سەپەرنىڭ جاپاسى بىر ياندا قېلىپ ،
ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلىمى نەچچە كەررە ئېشىپ چۈشتى . ئىشق ـ مۇھەب-
بەت يولىدا شۇنچە مۇشەققەت ـ جەبىرلەرنى چېكىپ ، مەشۇقنىڭ ۋەسلىگە
تېخى يەتمەي تۇرۇپ بۇنداق كۈتۈلمىگەن بالاغا يولۇقۇش ، بولۇپمۇ
جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان شەپقەتچىم بەھزادخان باتۇرنى ئاتام بىلەن
كۆرۈشتۈرگۈچە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالاك بولۇشى ئەلىمىم ئۈستىگە ئەلەم
قوشقان ئىدى . پەلەكنىڭ ھەممە كېلىشمەسلىكلەرنى بىزگىلا كەلتۈرگەن-
لىكىگە يىغلاپ ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى يىرتىۋېتىپ يالىڭاچ پېتىم
مەجنۇنلارچە دەشتۇچۆللەر تامان يۈزلەندىم . ئاغزىمغا گىياھ سالماي ، يۈ-
رىكىمنى كاۋاپ ، قان ـ ياشلىرىمنى شاراب قىلىپ ، پەرىشانلىق ۋادىسىنى
كېزىپ ، تىرىكلىكتىن كەچتىم . ئۆزۈمنى كىشى كۆرمەس دەشت ـ با-
ياۋاندا ھالاك قىلىپ ، جانىنىڭ جامەسىنى ئۇ ئەزىزلەر ئۈچۈن يىرتقايمەن ،
دەپ ئول تاغنىڭ باغرىغا يەتتىم . بىر چاغدا ، جاھانىنىڭ سىرلىرىنى بىل-
گۈچى بايىقى زات بىزنى كۆرۈپ ، كەلگۈسىدە بولغۇسى ئىشلارنى مەزكۇر
بۇرادەرگە ئېيتقاندەك تەرىقىدە بايان قىلدى . بۇنىئىشىتىپ مۇراد ـ مەق-
سىتىمنىڭ ھاسىل بولۇشىغا قايتىدىن ئۈمىدلەندىم . شۇنىڭ بىلەن مانا
سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ، دەسلەپكى نىشانىمغا يەتتىم . ئەمدى كېيىنكى
ئىشلار قانداق بولار ، يەنە قانداق كۈنلەرنى كۆرەرمەن ، بۇلار ماڭا
قاراڭغۇ .

توققۇزىنچى باب

# رۇم پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، ئىككىنچى دەرۋىش ئۆز ھې-كايىسىنى تاماملىغاندا ، مەزىن بامداتقا ئەزان ئېيتىپ ، جامائەتنى نامازغا چىللىدى . ئازادە بەخت شاھ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردا مەسچىتىگە راۋان بولدى . بەخت مەنزىلىگە يېتىپ بېرىپ ، ھەقتائالانىڭ پەرزىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، كىيىم يەڭگۈشلەپ بارگاھقا باردى . ئىككى ياساۋۇلنى دەرۋىشلەرنى چاقىرىپ كېلىشكە ماڭدۇردى . ئاندىن شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ ، ئۆز خاسىيئاملىرى ( يېقىن ئادەملىرى ) بىلەن دۆلەت ئىشلىرى خۇسۇسىدا سۆھبەت سورۇنى قۇردى .

دەرۋىشلەر بامدات نامىزىنى ئەمدىلا ئادا قىلىپ بولۇپ ئولتۇرۇ-شاتتى ، ياساۋۇللار يېتىپ كېلىپ ، پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى . دەرۋىشلەر ئىنسۇجىنلارنىڭ يارىتقۇچىسى ئاللاغا ھەمدۇسانا ۋە شۈكرىلەر ئېيتقاندىن كېيىن ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا راۋان بولۇشتى . پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ، ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن سەجدىگە باش قويۇپ ، ئاللادىن دۆلەت ئامانلىقىنى تىلىدى ، ئاندىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى :

نەزم

ئىلاھا دۆلىتىڭ مۇستەھكەم بولسۇن ،
بەخت يۇلتۇزى ساڭا باغلانسۇن .



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بۇدۇر ئۇمىدى بىز چاكىرىڭنىڭ ،
زۇھەل ۋە ئاتارۇت بېشىڭغا قونسۇن .

سائادەت بولسۇن يار شاھلىق تەختىڭگە ،
رەقىبىڭ كاللىسى تەندىن ئايرىلسۇن .

دەرۋىشلەر ماختاش - مەدھىيىلىرىنى تۈگىتىپ ، سەپ تۈزۈپ تۇردى . پادىشاھ ئۇلارغا خەير - ئېھسان قىلىش ئۈچۈن چاقىرتىپ كەلگەن ئىدى . شۇڭا تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن ھال - ئەھۋال سوراپ ئېيتتى :

— ئى يوقسۇزلۇق مەملىكىتىنىڭ پادىشاھلىرى ، خۇش كېلىپسىلەر ، ئەمدى قايان بارىسىلەر ؟ بۇنچە غەمكىن تۇرقۇڭلار نېمە ۋەجىدىن ؟

— بەختلىرى زىيادە بولۇپ ، دۆلەتلىرى تېخىمۇ قۇدرەت تاپسۇنكى ، بىز بىچارە دەرۋىشلەر ۋەتەندىن ئايرىلىپ ، جاھان نېمەتلىرىدىن كېچىپ ، يوقسۇزلۇقنىڭ زەھىرىنى پاراۋانلىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئىچىپ ، جۇدالىق يولىغا سالىك ① بولۇپ ، تەركىدۇنيالىقنى ئىختىيار ئېتىپ يۈرىمىز . پايانسىز ھىجران دەشتىنىڭ جەبىر - زۇلۇملىرىنى يەتكۈچە تارتساقمۇ ھېچقاچان بىر ماكاندا تۇرمىدۇق . تىرىكلىك غېمىنىڭ دەرد - ئەلىمى ، ئۈمۈر مۇساپىسىنىڭ چاڭلىرىغا مىلەندۇق .

ئازادە بەخت ئېيتتى :

— ئۇنداق بولسا ئەھۋالىڭلارنى ئوچۇقراق بايان قىلىپ بېقىڭلار .

— ئى شەھرىيار ئېلىنىڭ باشپاناھى ، — دېدى ئۇلار ، — ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولسۇنكى ، بىزدە بۇنى ئېيتىشقا تاقەت يوق ، سىلىدە ئاڭلىغۇدەك قۇۋۋەت يوقتۇر . ئەھۋالىمىز ھەددىسىز ئېچىنىشلىقتۇر .

ئازادە بەخت گۈلدەك چېھرى ئېچىپ دېدى :

① سالىك — يولۇچى مەنىسىدە .

— ئى دەرۋىشلەر ، سۆزۈڭلار راست ئەمەستۇر ، چۈنكى مەن ئۆتكەن كېچە ئىككى كىشىنىڭ سەرگۈزەشتىنى ئاڭلىغان . ئەمدى يەنە بىرىڭلار نىقابىنى ئېلىۋېتىپ ، كەچۈرمىشلەرنى بىرمۇبىر بايان قىلىڭلار .

دەرۋىشلەر پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئىشتىپ ھودۇققىنىچە بىر - بىرىگە قاراشتى . ئۇلار ئەيمىنىش تۇيغۇسى ئىلكىدە تىترەشمەكتە ئىدى . ئازادە بەخت بۇ ھالنى كۆرۈپ ، ئۇلاردا ئىنكاس قايتۇرغۇدەك قۇدرەتنىڭ يوقلۇقىنى سەزدى . شۇنىڭ بىلەن ئىلتىپات كۆرسىتىپ ، ئالاھىدە راسلانغان ئورۇندا ئولتۇرغۇزدى . ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۆز سەرگۈزەشتى ئۈستىدە ئېغىز ئاچتى .

## ناھەقچىلىككە كەتكەن ۋەزىر

— ئى دەرۋىشلەر ، — ئازادە بەخت ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىدىن گەپ ئېچىپ دېدى ، — ئادەم كۆرگەن كۈندىن نومۇس قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز . چۈنكى بۇ سەرگۈزەشتىلەرنى ئىلگىرى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئىشىنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەن ئىدىم . ئەمدى سىلەرمۇ خەۋەر تېپىپ قېلىڭلار .

دەۋىشلەر يەر ئۆپۈپ ، تەڭلا ئېيتتى :

— ئى پادىشاھئالەم ، شاھلارنىڭ شەپقىتى گادايلارغا بەخت ئاتا قىلغايكى ، دېگەنلىرىنى ئەمەلدە كۆرسەتسىلە ، بۇ بىزگە يەتكۈزگەن مېھىر - شەپقەتلىرى بولار ئىدى .

پادىشاھ ئازادە بەخت ئېيتتى :

— دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ مۇقەددىمىسى شۇپىتىدە ئىشىتىڭلاركى ، ياشلىقىمنىڭ ئاۋۋىلىدا ئاتام پانىيدىن باقىيغا كۆچتى . مەن ئۇ بەرپا قىلغان سۇلتانلىق تەختىدە ھۆكۈمران بولۇپ ئولتۇردۇم . رۇم مەملىكىتى پەرمانىمدا ئىدى . شۇ كۈنلەردە بەدەخشان سودىگەرلىرىدىن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بىرسى بۇ ۋىلايەتكە ھەر خىل گەزمال ـ توقۇلما ۋە ئىپسىل جاۋاھىرلارنى ئېلىپ كەلدى . ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدە مەشھۇر بولۇپ ، خەۋىرى بىزگىمۇ يەتتى . بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئوردىغا ئېلىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈردۈم . مۇددىئايىم ئۇنىڭدىن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەھۋالى ، پادىشاھلىرىنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشتا تۇتقان يوللىرى ۋە شەھەر سۇلتانلىرىنىڭ ساپاسى ، لەشكىرى كۈچ ـ قۇدرىتى قاتارلىقلارنى سوراپ مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئىدى . ئۇ سودىگەر پەرمانىمنى ئاڭلاپ ، ھۇزۇرۇمغا رەسمىي يوسۇن بويىچە سوۋغات ئېلىپ كەلدى . بوغچىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېچىۋىدىم ، بىر پارچە لەئىل كۆزۈمنى قاماشتۇردى . ئۇ شۇ قەدەر سۈزۈك ، رەڭلىك بولۇپ ، ئۈچ مىسقالچە كېلەتتى . بۇنداق لەئىلنى ھېلىغىچە كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم . شۇڭا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم . سودىگەرگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن كۆپ ئىنئام ـ ھەدىيىلەر قىلىپ ، شاھانە تون كىيدۈردۈم . ئۇ بىر مەزگىل مېنىڭ قېشىمدا تۇردى . ھېس قىلىشىمچە ، جاھان كۆرگەن ، مەردلەرگە خىزمەت قىلغان ، خۇش مۇئا. مىلە ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق كىشى ئىكەن ، بەلكى پەزىلەتتە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق كۆردۈم . مەن ئۇ سوۋغا قىلغان لەئىلنى ئەتىۋارلاپ ، ئايەملەردە ، بەزمە ـ سورۇنلاردا يېنىمدىن ئايرىماي كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ، ئالاھىدە ئېتىبارلىناتتىم . كۆرگەن كىشىلەرمۇ ماختىنىشىپ كېتىشەتتى .

بىر چاغدا ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن دەرگاھىمغا ئەلچىلەر كەلدى . ئۇلارغا ئاتاپ ئالاھىدە سورۇن تەييارلاپ ، دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ قاتنىششىدا شاھانە بەزمە ئۇيۇشتۇردۇم . كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە خۇشال ـ خۇرام كەيپىيات تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە ، ئادىتىم بويىچە ھېلىقى لەئىلنى ئەكەلدۈرۈپ ماختىنغىلى تۇرۇۋىدىم ، پەرەڭدىن كەلگەن ئەلچىلەر بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ تەبەسسۇم قىلدى . ئەمما ئاتامنىڭ ۋاقتىدا ۋەزىر بول. غان ، كۆپ تەدبىرلىك بىر كىشى بولۇپ ، ئۇ قائىدە ـ يوسۇن بويىچە مۇناسىپ ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈپ ، مەدھىيە ـ ماختاشلارنى تاماملىغان. دىن كېيىن شۇنداق دېدى :

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھ ئالىيلىرى ، رۇم مەملىكىتىنىڭ سەرۋىرى ، شۇ بىر پارچە تاش ھەرقانچە ئېسىل ، مىسلىسىز دەرىجىدە گۈزەل بولسىمۇ ، ئۆزگىلەر ئالدىدا بۇنچە تەرىپلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ۋەھالەنكى ، مېنىڭچە ئۇنىڭ ھېچقانچە قەدىر - قىممىتى يوق . خۇراسان شەھىرىدە بىر سودىگەر بولۇپ ، ئۇنىڭ 12 تال لەئلىسى بار ، ھەر بىرى 70 مىسقالدىن كېلىدۇ . ئەمما ئۇ 12 تال لەئلىنىڭ ھەممىسىنى بىر ئىتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇپتۇ .

بۇ سۆزدىن غەزىپىم ئۆتى پەلەككە يەتتى . خۇراسان سودىگىرى ھەققىدىكى نەقىلنى يالغانغا چىقىرىپ ، ۋەزىرگە ئۆلۈم بۇيرۇدۇم ۋە تەئەللۇقاتىنى تارتىۋالماقچى بولدۇم . فەرەڭ پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ :

— بۇ كىشىنىڭ نېمە تەقسىراتلىقى[1] باركىن ؟ مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەيمەن ! — دەپ تۇرۇۋالدى .

— يالغانچىلىقتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ بولامدۇ ؟ — دېدىممەن .

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى قانداق بىلدىلە ؟

— ئەقىلدىن يىراقكى ، ئۇ بىر سودىگەر ، بىر دىنار ئۈچۈن جانىنى ئالىقانغا ئېلىپ ، گاھى تاغ - دەشتلەردە ، گاھى كېمىلەردە يۈرگەن تۇرۇقلۇق ھەر بىرى 70 مىسقالدىن كېلىدىغان 12 تال لەئلىنى قاراپ تۇرۇپ ئىتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويارمۇ ؟

ئەلچى يەرگە باش قويۇپ تۇرۇپ ئېيتتى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، دۆلەتلىرى زىيادە بولغايكى ، زاماننىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئېگىز - پەسلىكى بىھەد ۋە بىپاياندۇر . قۇلاققا يەتكەن ھەرقانداق ھېكايىنىڭ راست - يالغانلىق ئېھتىمالى باردۇر . ئېھتىمال بۇ ھېكايە راست بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر يالغان دېيىلگەندىمۇ ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئەقلىدۇر . بىراق ، بۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى تىلىگۈچى يوق ئوخشايدۇ . بۇ ھەقتە چىقارغان ھۆكۈمنى ئەمەلدىن

① تەقسىرات — سەۋەنلىكلەر .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قالدۇرغايلا . ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ھەققانىي خىزمەتلىرىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلغايلا ! ئۆتكەن پادىشاھلار زىندانىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياسىغانكى ، ھەرقانداق بىر گۇناھكار پادىشاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەندە ئۇنى زىندانغا تاشلاش ؛ ئاچچىقى ياندۇرغاندا ئۇنىڭ گۇناھىنى ئېنىقلاش ، قىسقىسى ، پادىشاھ ناھەق قان قەرزگە بوغۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر .

ئەلچىنىڭ ئاقىلانە سۆزلىرى بىلەن غەزىپىم ئىشىكلىرىنى تاقاپ ، ھۆكۈمنى ۋاقىتىنچە بىكار قىلدىم . ئۆلۈمنى كېچىكتۈرۈپ ، بىر يىلغىچە زىنداندا توختىتىشقا پەرمان چۈشۈردۈم . ئەگەر ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست چىقسا قۇتۇلغىنى شۇ ئىدى ، يالغان چىقسا قالدىغان بولسا دەسلەپكى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولاتتى .

ئەلچى يېنىك تىنىپ ئورنىدىن تۇردى . ۋەزىر زىندانغا تاشلاندى . بۇ خەۋەر ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا يېتىپ غوۋغا كۆتۈرۈلدى .

# شجائەتلىك قىز

ۋەزىرنىڭ 14 ياشلىق بىر قىزى بولۇپ ، گۈزەللىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە تەڭتۇشلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى . ئاتىسى بۇ قىزنىغا زىيادە ئامراقلىقىدىن ئۆز دەرگاھىنىڭ يېنىدىن بىر ئۆينى مەخسۇس تەييارلاپ ، خىزمىتىگە كېنىزەكلەرنى قويغان ۋە ئويۇن ـ تاماشا ، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەل قىلىپ بەرگەن ئىدى . ئۇنىڭ كۈنلىرى قىزنىقچى ۋە ئەمىرلەرنىڭ قىزلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى . ھېلىقى كۈنىمۇ ئۇ گۈزەللىك شاھى ئادىتى بويىچە ئويۇنغا بېرىلگەن ئىدى ، ئانىسى چاچلىرى چۇۋۇلغان ، كۆز بۇلاقلىرىدىن ئەلەملىك قان ـ ياشلار ئۇقچۇغان ھالدا كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئۆزىنى كاچاتلاپ :

ــ ئىلاھىم بۇنىڭدەك قىزنى تۇغقىنىمغا مىڭ ئىسىت ! ئۇنىڭ چىرايلىق بولغىنىنى قۇرۇسۇن ! سەت بولسىمۇ بىر ئوغۇل بولغىنىدا ، ھازىرقىدەك باشقا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلىپ ئائىلىمىزگە

كەلگەن بالا ـ قازا گۈدرەتلىرىنى خالاس ئەتمەسمىدى !... ـــ دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى .

قىز ئانىسىنىڭ نالە ـ زارىنى كۆرۈپ سورىدى :

ـــ مېھرىبانىم ئانا ، نېمە ۋەقە يۈز بەردى بۇنچە قىلىپ كەتكۈدەك ؟ ئۇ ، سەت ئوغۇلنىڭ قولىدىن كېلىپ ، مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغان زادى قانداق ئىش ئىدى ؟

ـــ بېشىڭغا تاش ـ تۇپراق ياغسۇنكى ، بىزگە بۇنىڭدىن چوڭ دىشۋارچىلىق بولامدۇ ؟ قېرى ئاتاڭنى پادىشاھ زىندانغا سالدى . سەۋەبى : پادىشاھنىڭ ئالدىدا خۇراسان سودىگىرىنىڭ 12 تال لەئلىنى ئىتنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغانلىقنى ھېكايە قىلغانلىق ئىكەن . بۇ ، پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقماي ، ئېيتقانلىرىڭ بىر يىلغىچە ئېنىقلىنىپ راست چىقسا قۇتۇلىسەن ، يالغان بولۇپ قالسا سىياسەت رەھىمسىزدۇر ! دەپ زىندانغا تاشلاپتۇ . ئەگەر سەن ئوغۇل بولغان بولساڭ بۇنىڭ تەدبىرىنى قىلىپ ، بىچارىنى زىندان ئازابىدىن قۇتقۇزاتتىڭ !

ـــ ئى ئانا ، ـــ دېدى قىز تەمكىن ھالدا ، ـــ ئېيتقانلىرىڭىز دەر-ۋەقە راستتۇر . ئەمما ئىلاھىي تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولماس ، بەلكى سەۋر قىلماقلىق كېرەكتۇر . تەقدىرنىڭ قازاسىغا ئۆز رىزالىقى بىلەن سەۋر قىلماقتىن ئۆزگە چارە يوق . سەۋرلا ياخشى كۈننىڭ تۇغۇتتىن بۇرۇنقى تولغىقى . يىغا ـ زار قىلىشتىن ھېچقانداق پايدا چىقمايدۇ . ئېھتىمال دۈشمەننىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن پادىشاھنىڭ غەزىپى چەككە يەتكەندۇر . ئەمدى سەۋر ئارقىلىق خۇدانىڭ خاھىشىنىڭ قانداق بولۇشىنى كۈتەيلى .

قىز شۇلارنى دەپ ، ئويۇن ـ تاماشا ئەسۋابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، بىر چەتتە ئۈندىمەي ئولتۇردى . كەچ كىرگەندە ئاتىسىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىنى خىلۋەتكە چاقىرىپ :

ـــ ئاتامنى زىندان ئازابىدىن خالاس قىلىپ ، ئانامنىڭ تاپا ـ تەنىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سىزنىڭ بىلەن ئەجەم ۋىلايىتىگە بېرىپ، خۇراسان پادىشاھى بىلەن نىشاپورنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن مۆھۈرلۈك خەت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئېلىپ كەلسەم دەيمەن ، شۇنداق قىلسام ئاتام ناھەق جازادىن خالاس تا-
پاتتى ! — دېدى .

ئول خوجا كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ، قىزنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ ، رازىلىق بەردى .

ئۇلار مەسىلىھەتنى پىشۇرۇپ ، شۇنداق قارارغا كەلدىكى ، بۇ ئىشتىن ھېچكىم خەۋەر تاپماسلىق كېرەكلىكى بېكىتىلدى . سودىگەر قىيا-پىتىدە ياسىنىپ ، ئەجەملىكلەر ياخشى كۆرىدىغان تۇرلۇك رەخت ، ئېسىل جاۋاھىرلار ۋە زۆرۈر بولغان غۇلاملارنى ئېلىپ يولغا چىقىدىغان بولۇشتى . قىز ھەممە تەييارلىقنى پۇتكۈزۈپ ، ئوغۇل بالىچە كىيىندى ، ئىسمىنى «جىرزادە ئەمىلى »گە ئۆزگەرتتى . ئاندىن كېلىشكەن بويىچە ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي ، ئەلياتقۇ مەھەلدە خوجا بىلەن ۋەدىلەشكەن جايغا يېتىپ باردى . ئۇلار غۇلام - مۇلازىملار ۋە تەدبىرلىك ئەييارلارغا مال - بېمەكلىكلەر ئارتىلغان ئات - ئۇلاغلارنى ھەيدىتىپ ئەجەم ۋىلايىتىگە راۋان بولدى . بۇ ئىشنى قىزنىڭ ئانىسى ئۇقۇپ قالغان بولسىمۇ ، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ مەخپىي تۇتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار كۆپ مەنزىللەرنى بېسىپ ، نىشاپورغا ئامان - ئېسەن يېتىپ باردى . سودىگەرلەر سارىيىغا چۈشۈپ بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ ، يول رەنجىدىن خالاس تاپقاندىن كېيىن ، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئەتىگەندە نىشاپۇر بازىرىغا چىقىشتى ؛ ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى بىر دۇكانغا كىرىشتى . بۇ خىلمۇخىل لەئل - ياقۇت ، جاۋاھىرلار دۇكىنى بولۇپ ، 40 — 50 ياشلاردىكى دۇكاندار خۇدا بەرگەن راھەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ ، ئالىي ئورۇندۇقتا پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى ، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى بەك ئېسىل رەختلەردىن يارىشىملىق تىكىلگەن بولۇپ ، ئالتۇن كەمىرىلا ئۇنىڭ يېتىلگەن زەردار ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى . ئەتراپىدا ھەر خىل ۋەزىپىدىكى مۇلازىم - چاكارلار قول باغلاپ تۇراتتى . ئەمەلدار سىياقىدىكى ۋە مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ بىرنەچچە كىشى دۇكان ئالدىدىكى

سەندەللەردە ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

قىز بۇ ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ ھەيران قالدى. كۆڭلىدە: «ئاتام ھېكايە قىلغان سودىگەر شۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، خۇدايىتائالادىن ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ھىدايەت تىلىدى.

ئۇلار يەنە بىر كوچىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىر دۇكاننى كۆردىكى، دېرىزىسىنىڭ بىر قاپقىقىنى ئېچىپ، ئىككىنچىسىنى ئاچماپتۇ، ئىككى قەپەستە بىردىن ئادەم سولاقلىق تۇرۇپتۇ. بۇلار كىيىمسىز بولۇپ، چاچ ـ ساقاللىرى بېلىدە، تىرناقلىرى زىيادە ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن قول- لىرى يولۋاسنىڭ چاڭگىلىدەك، يۈزلىرى سېرىق ھەم دەردلىك تۈس ئالغان، تەن ـ ئۇستىخانلىرى يېتىپ ئاشقۇدەك جەبىر ـ زۇلۇم زەخمىنى تارتقان، ئىنسان زاتىنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا گىرىپتار بولغىنىنى بۇ كەمگىچە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. قەپەسلەرنىڭ يېنىدا تۇرقى دەھشەتلىك، كالتەك تۇتقان ئىككى زەڭگى پاسىبانلىق قىلىشىۋاتاتتى. بۇ ھال قىزنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرغان بولسا كېرەك، ئىچىدە «تۇۋا» دېگىنىچە باشقا تەرەپكە يۈزلەندى.

ئۇلار ئۈچىنچى بىر دۇكاننى كۆردىكى، ئەبرىشىم ۋە قەلەمپۇر سېتىلىدىكەن. دۇكانغا ئاجايىپ ئېسىل زىننەتلەنگەن بىر سەندەل قويۇ- لۇپتۇ. ئۈستىگە زەر يىپتا توقۇلغان جۇل يېپىلغان، بوينىغا تىللادىن ياسالغان نەپىس زەنجىر باغلانغان بىر ئىت سەندەل ئۈستىدە يېتىپتۇ. ئالتۇن ئاياقتا سۇ قويۇپ بېرىلىپتۇ. ئىككى غۇلام ئۇنىڭ خىزمىتىگە بەلگىلەنگەن بولۇپ، بىرى زەر ياغلىقتا چاڭ ـ توزانلارنى سۈرتسە، يەنە بىرى يەلپۈگۈچنى توختاتماي يەلپۈۋاتاتتى. خوجا بىلەن ۋەزىرنىڭ قىزى تېخىمۇ سەپسىلىپ قاراپ، ھېكايىگە سەۋەب بولغان لەئىللەرنى ئىتنىڭ بوينىدا كۆردى. قىز خۇدايىتائالاغا مىڭ شۈكرىلەر ئېيتىپ: «ئەمدى بۇنى قانداق تەدبىر بىلەن قولغا كىرگۈزۈپ ئاتامنى قۇتقۇزارمەن» دېگەن ئوينى قىلىپ تۇراتتى، بازاردىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ھۆسن ـ جامال شولىسى خۇسۇسىدا غوۋغا، كۆڭۈللەر ئوچىقىدا ئوت ـ ئاتەش



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

پەيدا بولغىنىنى سېزىپ قالدى. خالايىق ئول گۈلچىرايىنىڭ ھۆسن تاما-شاسىغا مەشغۇل بولۇپ توپلىشىۋېلىش سەۋەبىدىن بىردەمدىلا يول توسۇلدى. خالايىق ھەسەل ھەرىلىرى گۈلگە ئۆزىنى ئۇرغاندەك ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئىدى. جاۋاھىرپۇرۇش دۇكاندار بىر غۇلامنى ئۇنى چاقىرىشقا ئەۋەتتى. غۇلام خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردى.

ئى دەرۋىشلەر، تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جاۋاھىرپۇرۇش خوجىنىڭ كۆزى ئوغۇلچە ياسانغان ۋەزىر قىزىنىڭ جامال نۇرىغا چۈشۈپ، قىزنىڭ قاش كامانىدىن چىققان ئىشق ئوقى خوجازادە بىچارىنىڭ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىگە تەگدى. كۆتۈلمىگەن «ھۆ-جۇم»غا دۇچ كەلگەن جاۋاھىر پۇرۇش خوجا ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرۇپ، ئەقىل تىزگىنىنى قولدىن چىقىرىۋەتتى.

شېئىر

ئىككى ئالەم كۆيگىنى ئول ئىشقى نەيرىڭى ئىرۇر،
ھەم شاھادەت ئىپتىداسى ئىشقىنىڭ جېڭى ئىرۇر؛
ھەر بالا ۋە دەرد ـ ئەلەملەر ئىشقتىن پەيدا بولۇپ،
بۇ پەلەك ستەم قىلىپ ئاشىقنى مىڭ ۋەيران قىلۇر.

جاۋاھىر پۇرۇش خوجا ئەھۋالى خاراب، پەرىشان ھالدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بېيىت

رەڭگىرويىمدىن نىرى قان، زەئىپ يۈرەكىنىڭ سىلىشى،
ئىشقىنىڭ گۇۋاھچىسى رەسۋايىئالەم قىلىشى.

ئى دەرۋىشلەر، مەشۇقىنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەن نەرسە ئاشىقنىڭ قولىدا ئىدى. جىزادە ئەملى شەۋق يۈزىسىدىن ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشنى ئىختىيار ئەيلەپ ئىلدام ئالدىغا بارغان ئىدى، جاۋاھىرپۇرۇش خوجا ئۇنى

بىر يانغا تارتىپ خۇددى شېرىن جېنىنى ئەزىزلىگەندەك ئاتلارچە يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى . ئاندىن قىزغىن ئەھۋاللىشىپ ، سورىدى :

ــ ئى ئوغۇل ، ئۆزۈڭ قايسى گۈلىستاننىڭ گۈلى ، قايسى بوستاننىڭ سەرۋىرى ، قايسى سەدەپنىڭ دۇرىسەن ؟ نەدىن كەلدىڭ ، نەگە بارماقچىسەن ؟

ــ ۋەتىنىم ئىستانبۇلدۇر . ئاتام ياشلىق دەۋرىنى تىجارەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى ، ھازىر يېشى 70 كە يەتتى ، كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ ، خەلق بىلەن بېرىش ـ كېلىش ئىشىكى يېپىلدى . شۇنىڭ بىلەن ماڭا سەپەر قىلىش ئىجازىتى بەردى . ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىستىكى بىلەن ئەجەم ۋىلايىتىگە كېلىشنى ئىرادە قىلدىم . ئاندىن بۇ ئىقلىمغا ئاياغ بېسىپ ، يۇرتۇڭلارنىڭ داڭقىنى ئاڭلىدىم . كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسى بىلەن خۇراسانغا كەلدىم . خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قولۇڭنى سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم .

بېيت

ئەمەلدە بىز ئۇلۇغلارنىڭ توزانىغا يېتەلمەسمىز ،
ۋەلېكىن ئاڭا ئەگەشمەي ئۇياق ـ بۇياق كېتەلمەسمىز.

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، ئول دىلرەبا ( جىزادە ئەمىلى ) ناھايىتى شېرىن سۆزلەر بىلەن جاۋاھىرپۇرۇش خوجىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى قوزغاپ ، بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى .

ــ ئى ئوغلۇم ، جەبىر ـ جاپا تارتىپ شەھىرىمىزگە كەپسەن ، ــ دېدى ئۇ ، ــ كەلگىنىڭگە ناھايىتى خۇشال بولدۇم .

رۇبائىي

قەدىمىڭ يەتتى يۇرتۇمغا ، غەمكىن ئى جان ،
پىدا بولسۇن بۇ كۆڭۈل تەمكىن ، ئى جان ؛



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كۆزلىرىڭ راۋاقتۇر ، قەددىڭ ئاستانە ،
كەرەم ئەيلەپ ئۆيۈمگە چۈشكىن ، ئى جان .

ئى ئوغلۇم ، خىزمەتكارلىرىڭ قەيەردىدۇر ؟ بۇيرۇق قىلساڭ ، ئۇلار ھەم قۇلۇڭنىڭ ئۆيىگە كەلسە ئىكەن . ئۇلارنىڭ مۇساپىرخانىدا تۇرۇشى جايىز ئەمەستۇر . كەمىنەڭنىڭ ھەممىڭلارنى كۈتۈشكە ئىمكانىيىتى بار . تەئەللۇقاتىنى ياخشىلىق يولىدا سەرپ ئېتىشنى بىلدۇ . شۇڭا ئىلتىماسىمنى ماقۇل كۆرۈپ ، مۇبارەك قەدىمڭنى تونۇشۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسى يۈزىسىدىن كۆز قارىچۇقۇمغا قويساڭ ، پېقىر ئالەمچە خۇشال بولار ئىدى .

جىزادە ئەملى سەمىمي ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن رازى بولۇپ ، غۇلاملاردىن بىرسىنى « كارۋان سارايدىكى مۇلازىملار ھەممە يۈك - تاقلارنى ئېلىپ كەلسۇن » دېگەن بۇيرۇق بىلەن ماڭدۇردى .

جاۋاھىرپۇرۇش خوجا ئۆز تىجارىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، كەچ كىرگەندە ئۆيىگە راۋان بولدى . غۇلاملىرىدىن بىرسى ئىتنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرسە ، يەنە بىرسى سەندەلنى ئېلىپ ماڭدى . ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئىككى زەڭگى بىردىن قەپەسنى باشلىرىغا ئېلىۋالغان ئىدى . خوجا ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ ، مەنزەرلىك پېشايۋاندىلا ئولتۇردى . ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بار ئىدى . ئىتنىڭ ھالدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېلىقى غۇلاملار كۆلنىڭ بويىغا يىپەك گىلەمنى سېلىپ ، ئۈستىگە سەندەلنى جايلاشتۇردى ، ئاندىن ئالىي يوپۇقلارنى يېپىپ ئىتنى ئاۋايلاپ قويۇشتى .

جاۋاھىر پۇرۇش خوجا كۆپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاندىن كېيىن ، جىزادە ئەملىگە ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئالدىغا شاراب كەلتۈردى - دە ، ئالدى بىلەن ئۆزى بىر قەدەھ ئىچىپ ، ئاندىن ئۇنىڭغا تۇتتى . ئۇلار كەيپ سۈرگەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . بىر چاغدا تائام تارتىلدى .

جاۋاھىر پۇرۇش خوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن سەندەلنىڭ يېنىغىمۇ زەر داستىخان سېلىنىپ، ئوخشاش تائام كەلتۈرۈلدى. ئىت سەندەلدىن سەكرەپ چۈشۈپ خالىغانچە يەپ - ئىچىپ تويغاندىن كېيىن يەنە سەندەلگە چىقىپ ئولتۇردى. غۇلاملاردىن بىرى ئىتنى يەلپۈسە، يەنە بىرى ئاغزىنى ئېرتماقتا ئىدى. زەڭگى غۇلاملار بولسا ئىت غىزالانغان لېگەننى ئېلىپ قەپەسنىڭ يېنىغا قويغاندىن كېيىن، خوجىسىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئاندىن قەپەستىكى بىچارىلەرنى چىقىرىپ قامچا بىلەن ھارغۇچە ئۇرۇپ بولۇپ، ئىتتىن ئاشقان تائامنى يېدۈردى - دە، يەنە قەپەسكە سولاپ، ئاچقۇچنى خوجىسىغا بەردى. جاۋاھىر پۇرۇش خوجا پەقەت شۇ چاغدىلا تائامغا قول ئۇزاتتى.

جىزادە ئەملىغە جاۋاھىر پۇرۇش خوجىنىڭ بۇ قىلىقلىرى ياقماي، قاتتىق ئۆكۈندى. ئەمما مەزھەپ غەيرىيلىكنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇندىمەستىن داستىخاندىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. جاۋاھىر پۇرۇش خوجا ھەرقانچە زورلاپمۇ يېقىن كەلتۈرەلمەي ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن تائام يېمەيسەن؟

— بۇنداق تائامنى يېيىش دۇرۇس ئەمەستۇر. نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىساڭ، ھەرقانداق مەزھەپتە ئىت نىجىس سانىلىدۇ. مۇبادا پەرەڭلەرنىڭ مەزھىپىدە ئىتنى پەك نىجىس ھېسابلىمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىچىۋالا ئەتىۋارلاپمۇ كەتمەيدۇ. سەن ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە ئەتىۋارلاپ پەرۋىش قىلىدىكەنسەن، ئادەمنى بولسا كېچە - كۈندۈز قەپەسكە سولاپ ئېچىنىشلىق تۇردە ئازابلايدىكەنسەن. ئېخىمۇ يامىنى ئىتتىن ئاشقان تائامنى ئۇلارغا يېدۈردۈڭ. ئىنساپ بىلەن ئېيتقىن، سەن زادى قايسى مەزھەپتىن؟ ھەر بەندىنىڭ قىلغان - ئەتكىنى خۇداغا مەلۇمدۇركى، مۇشۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىۋاتساڭ سېنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن؟ مېنىڭچە بۇنداق يامان ئىللەتلەر ھەرقانداق مەزھەپتە دۇرۇس ئەمەس!

— ئېيتقانلىرىڭ بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالدى، — دېدى جاۋاھىر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

پۇرۇش خوجا جاۋابەن ، — بىلىمەنكى ، بۇنداق ئىشلارنى قىلىش توغرا ئەمەس . ئەمما بۇنىڭدىن ئۆزگە چارە يوق . چۈنكى زاماننىڭ تەقەززاسى مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدى . بۇ ئىشىم مېنى خېلىدىن بېرى «ئىتپەرەس » دېگەن مەشھۇر نامغا مۇشەررەپ قىلدى . خۇدايىم مۇشرىكلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت ياغدۇرغاي !

ئۇ شۇلارنى دەپ ، كەلىمەتەييەنى ئوقۇپ ئىمان كەلتۈرۈپ ، جىزادە ئەمىلىنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرغاندىن كېيىن ئېيتتى :

— ئى ئوغۇل ، مېنىڭ « ئىتپەرەس » دېگەن نامغا قانداقچە ئىگە بولۇپ قالغىنىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، مەنمۇ بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمايمەن . بۇ قىسسىنى ئىشىتكەنلەر غەم - قايغۇغا پاتماقتىن ، يۈرىكى قانغا تولماقتىن ئۆزگە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ . شۇڭا سەنمۇ بۇنىڭدىكى سىرنى بىلىش-تىن ۋاز كېچىپ ، ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولغىن ، مەندە بۇ قىسسىنى بايان ئەيلىگۈدەك ماجال يوق ، سەندىمۇ ئاڭلاشقا ئىختىيار يوقتۇر .

جىزادە ئەمىلى بۇنى ئاڭلاپ تىلىنى تەقسىراتتىن توستى . مەق-سەتنى قىسقىچە ئاشكارىلاش تەلىپىدىن كېچىپ ، تائام يېدى .

ئۇ ئىككى ئاي چامىسىدا جاۋاھىر پۇرۇش خوجا بىلەن ئاتا - بالىدەك يېقىن ئۆتتى . بۇ جەرياندا جاۋاھىر پۇرۇش خوجىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ، ھۆسن - جامال ۋە ئەدەپ - ئەخلاقى بىلەن ئاشىق - مەپتۇن قىلدى . قولىدىن كەلگەن بارچە ھىيلىلەرنى ئىشلىتىپ ، بىردەم كۆرمىسە ھايات چىرىغى ئۆچكەندەك بولىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى . ئاندىن بىر كېچىسى مەست بولۇۋېلىپ ، يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغلىدى . جاۋاھىر پۇ-رۇش خوجا ئۇنىڭدىن يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدى ، ئۇ جاۋابەن ئېيتتى :

— ئى ئاتا ، خىزمىتىڭگە كەلمىگەن بولسام بۇنداق يالغۇزلۇق دەر-دىنى ، بۇگۈنكىدەك ئايرىلىش خورلۇقىنى تارتماس ئىدىم . كېيىنكى تەقدىرىمنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيمەن ، ئەگەر ھاياتلا بولسام يەنە بىر نۆۋەت خىزمىتىڭدە بولۇپ ، ئايىغىڭدا جان بەرسەم دەيمەن !

جاۋاھىر پۇرۇش خوجا ئاشىق بىچارە تەسىرلىك سۆزنى ئىشتىپ كۆڭلى بىر قىسما بولغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ بۇ ئەبياتنى ئوقۇدى :

قانچە لاپ ئۇردۇمكى ئەمما ئاخىرىدا مۇپتىلا بولدۇم ،
ۋەلى بىگانىلىق قىلما ساڭا چىن ئاشنا بولدۇم .
بۇ ھالدىن بولمىساڭ ئاگاھ جىنىمنى قويما تەن ئىچرە ،
سۆزۈمنى دىمىگىن چاقچاق ، ماماتىمغا رىزا بولدۇم .

ئى كۆڭۈل كۆزۈمنىڭ نۇرى ، نىمە ۋەجىدىن بەندەڭنى بۇنداق ئازابقا قويۇپ ئالدىراپ ئايرىلماقچى بولدۇڭ ؟

بېيىت
جامالىڭ كۆرستىپ ئالدىڭ كۆڭۈلنى ،
ئالدىراپ توختاتما بۇ تاتلىق كۈينى .

خۇدايىتائالا ئۆزى گۇۋاھتۇركى ، تىرىكلا بولىدىكەنمەن قولۇمنى ئېتىكىڭدىن ئاجراتمايمەن . ئى كۆز نۇرۇم ، بۇنداق خىياللارنى قىلما . قېرى قۇلۇڭ سەندىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ . ئەجەم ۋىلايىتىمۇ ناھايىتى خۇش ھاۋالىق جايكى ، رۇمدىن قېلىشمايدۇ . ئەگەر تۇرۇپ قېلىشنى ئىختىيار ئەيلىسەڭ ، خىزمەتكارلىرىڭدىن بىرنەچچىنى يۇرتۇڭغا ئەۋەتكىن ، ئۇلار ئاتا ـ ئاناڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تىز پۇرسەتتە خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ . ئى ئوغۇل ، جاھاننىڭ تىرىكچىلىك مۇشەققىتىنى كۆپ تارتىپ ، شەھەر ئارىلاپ يۈرۈپ ، ئۆمرۈم قېرىلىق مەزگىلىگە يەتتى . مال ـ دۇنيا ، تەئەللۇقاتلىرىم ھېسابسىز ، لېكىن ئالەمدىن ئۆتسەم چىرىغىمنى يورۇتۇپ ، پەرز ـ سۈننەتلەرنى بەجا كەلتۈرگۇدەك پەرزەنتىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆكۈنىمەن . خالايمەنكى ، سەن ئۆز ئوغلۇمنىڭ ئورنىدا بالا بولۇپ ، ماڭا ھەقتائالادىن ئەجەل يەتكەندە ئۆز قولۇڭ بىلەن دەپنە قىلىپ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمنى بەجا كەلتۈرسەڭ ،



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كېيىنكى ئىشلار ئۆز ئىختىيارىڭدىدۇر .

— ئى ئاتا ، سەندىن ئايرىلغۇم يوق ، — دېدى جىزادەئەملى،— ئەمما ئاتىنىڭ رازىلىقى خۇدايىتائالانىڭ خۇشنۇدلۇقىدۇر . ئاتىنى رازى قىلغان پەرزەنت ھەر ئىككى ئالەمدە بەختلىك بولىدۇ . ئاتا - ئانىلىرىم ئاجىز ، شۇڭا بىر يىلدىن ئارتۇق رۇخسەت بەرمىگەن ئىدى . ئۇلار ئىنتىزارلىق كۆزى بىلەن يولۇمغا قاراشلىقتۇر . ئۇلارنى نارازى قىلىپ قو- يۇشتىن قورقىمەن . ئەگەر مالال كۆرمىسەڭ ، ماڭا شەپقەت ئەيلەپ ، ھەمراھ بولۇپ بىللە بارغايسەن . قەسەم قىلىمەنكى ، ھاياتلا بولىدىكەنمەن سىنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن .

مۇشۇ تەرىقىدىكى بىرمۇنچە تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن ، جاۋاھىر پۇرۇش خوجا بىچارە ئۆزى ئاشىق بولغاچقا ، بىللە بېرىشقا كۆندى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار رۇمغا ئاتلانماقچى بولدى . سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى پۇتكۇزۇش جەريانىدا بۇ ئىشتىن خۇراسان ، ئىراق سودىگەر- لىرىمۇ خەۋەر تاپتى . خوجا ئىتپەرەس ياخشى سائەتنى تاللاپ ، تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ ، داقا - دۇمباق بىلەن قول - ئىلكىدىكى نۇرغۇن مال ، ئۈنچە - جاۋاھىرلىرىنى ئات - ئۇلاغلارغا ئارتىپ، بەرلىك مۇلازىم - غۇلاملارنىڭ قورۇقدىشدا نىشاپۇر شەھرىدىن ئايرىلدى . كارۋان شەھەر سىرتىدا بارگاھ - تۇرالغۇ قۇرۇپ ، ئۇزىتىپ قويغۇچىلار بىلەن خوشلاشتى . تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆز ھالىغا يارىشا تەييارلىغان سوۋغا - سالاملىرىنى قوبۇل قىلدى . ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندىن كېيىن خەيرلىك سائەتتە يولغا چىقتى . خوجا ئىتپەرەس 100 تۆگىگە ئالتۇن - كۈمۈش ، 100 تۆگىگە يىپەك رەخت ، يەنە 100 تۆگىگە ئۈنچە - جاۋاھىر ۋە ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنى ئارتقان بولۇپ ، قورۇقداپ مېڭىشقا قورال لانغان باھادىر ھەم مۇلازىم - قۇللاردىن 500 كىشىنى بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىدى . جىزادە ئەملى بىلەن خوجىنىڭ ئادەملىرىمۇ بىللە ئىدى . خوجا ئىتپەرەس بىر تۆگىگە سايىۋەنلىك تەختىراۋاننى جايلاشتۇرۇپ ، ئۈستىگە ئىتنى ئولتۇرغۇزدى ، قەپەستىكى ئىككى مەھكۇمنى يەنە بىر تۆگىگە ئارتتى .

ئۇلار شۇ يۇرگەنچە ئۇزۇن يول ـ مەنزىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئاخىر رۇمغا ئۇلاشتى . جىرادە ئەمىلى خوجا ئىتپەرەستىن ئىجازەت تىلەپ :

— ئالدىدا بىرىپ كارۋاندىكى سەپەرداشلار ئۇچۇن چۇشكۇن تەييارلاپ تۇراي ، — دىدى .

ئۇنىڭ مۇددىئاسى شەھەردىكى ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ، ئەھۋالدىن ئۆيدىكىلەرنى خەۋەرلەندۇرۇش ئىدى . ئويلىمىغان يەردىن كىشىلەر ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى مەنئى قىلدى . لىكىن ئۇمۇ بوش كەلمەي ھىيلە ـ نەيرەڭ ، ئۇستىلىق ئىشلىتىپ ئۆيىگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى .

— خۇدايىتائالا ھەممىنى بىلگۇچىدۇركى ، — دىدى ئۇ ئانىسىغا گىرە سىلىپ ، — بۇ ئىشتا مىنى ئەيىپ قىلىڭ ، ئانا ! ئاتامنى زىندان ئازابىدىن خالاس قىلىش ئۇچۇن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم . ئاخىر غەم كىچىسى شادلىق تاڭىغا ئورۇن بەردى . دۇئايىڭىزنىڭ بەركاتى بىلەن مۇددىئايىمغا يىتىپ ، خوجاجاۋاھىرپۇرۇش سودىگەرنى بويىنىغا لەئل ئىسىلغان ئىتى بىلەن قوشۇپ بۇ يەرگە ئىلىپ كەلدىم . يەنە ئىككى كۇن تەخىر قىلىڭلار ، ئاندىن ئىشنى پۇتكۇزۇپ ، ئاتامنى ناھەق ئۆلۇم ۋە زۇلۇم زىندانىدىن قۇتقۇزىمەن !

دەردمەن ئانا قىزىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئاللاتائالاغا مىڭ شۇكرىلەر ئىيتتى ۋە يۇرەك پارىسىنى قۇچاقلاپ يۇز ـ كۆزلىرىگە سۆيۇپ ، ھەققىگە يىنىشلاپ ـ يىنىشلاپ دۇئالار قىلىپ ، رۇخسەت بەردى . ئول كۇمۇش بەدەن دىلرەبا شۇ سائەتتىلا « خوجا ئىتپەرەس » سودىگەرنىڭ ئىشىغا يىتىپ باردى . ئەمما خوجا ئىتپەرەس سودىگەر جىرادە ئەمىلىگە زىيادە ئىچىكىپ كەتكەنلىكتىن ، ئايرىلىشقا بەرداشلىق بىرەلمەي ، تۇرۇۋاتقان جايىدىن كىتىپ قالغان ئىدى .

مىسرا

دوستىنىڭ ئول جىلۋەگاھى ، مۇشكۇل ئەمەس كۆرمىكى .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

جىزادە ئەمىلى ئۇنى شەھەردىن بىر فەرسەخ يىراق يەردىن تېپىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار شەھەرگە يېقىن، خۇش ھاۋالىق، سۇلىرى ئەلۋەك، پاكىز بىر يەرنى بارگاھ قۇرۇشقا مۇۋاپىق كۆرۈپ ئورۇنلىشىپ، ئىستراھەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە: ئوردىدىن شىكارغا چىققانلا نامازدىگەردە قايتىپ كېلىۋېتىپ، كارۋان چۇشكۈنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شىكارچىلار باشلىقى قارىسا جىزادە ئەمىلىلەر نۇرغۇن كىشىلەرنى بارگاھقا جەم قىلىپ ئارام ئېلىۋېتىپتۇ. خوجا ئىتپەرەس سودىگەر ئۆزى يالغۇز بىر ئېرىقنىڭ بويىغا سەندەلنى قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ، باشقىلارمۇ ئۆزلىرى خالىغانچە سۆھبەت ـ پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

شىكارچىلار باشلىقى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئىچىدە: «نېمە ئادەملەردۇ بۇ؟ پادىشاھ ئەمرلىرىنى بىر يەرگە ماڭدۇرغاندەك قىلمىغان، باشقا پادىشاھلىقتىن ئەلچىمۇ كەلمىگەن ئىدى ...» دەپ ئويلاپ، بىرەيلەننى ئايغاقچىلىققا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئادەم چۇشكۈنلەرنىڭ قېشىغا بېرىشىغا، خوجا ئىتپەرەس سودىگەر ئۇنى چاقىرىپ ئەھۋاللىشىپتۇ. ئۇلار بىر دەمدىلا تونۇشۇپ كېتىشىپتۇ. ئۇ كىشى خوجا ئىتپەرەس سودىگەرنىڭ جاي ـ مەنزىلىنى ئۇقۇپ ھەيران بوپتۇ.

خوجا ئىتپەرەس ئېيتىپتۇ:

— ئەگەر مالال كۆرمىسەڭلار پېقىرنىڭ بارگاھىنى مۇبارەك قەدىمىڭلار بىلەن ئاۋات قىلىپ، بىردەم ئارام ئالغاچ ھەمسۆھبەتتە بولساڭلار.

شىكارچىلار باشلىقى ئەۋەتكەن كىشىسىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۇلارغا قىزىقىپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال يېتىپ كېلىپ قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ. سالام ـ سەھەت، تەكەللۇپلاردىن كېيىن، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپتۇ. شىكارچىلار باشلىقى ئىتپەرەس خوجا بىلەن ئاپتاپ تەلەت ۋەزىر زادە (جىزادە ئەمىلى) نى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئىت ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان سەندەلنىڭ كارامەت ئالىيلىقىنى كۆرۈپ ئاغزىنى

ئېچىپلا قاپتۇ ، ئۇ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەپتۇ . ئىتپەرەس خوجا ئۇلارغا مېھماندوستلۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ھەر بىرىگە نەچچە قۇردىن تون ـ سەرپاي ۋە نەپىس رەختلەرنى ھەدىيە قىپتۇ . ئۇلار ئىتپەرەس خوجا باشلىق چۈشكۈندىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، شەھەرگە قايتىپتۇ .

ئەتىسى شىكارچىلار باشلىقى ئوردىغا كېلىپ ، ماڭا ئىتپەرەس خوجىنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . بۇنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇم غەزەپتىن تىترەپ ، ئىتپەرەس خوجا مۇشرىكلاردىن بولسا كېرەك دەپ جەزم قىلدىم ۋە ئۇنى جازالاش قارارىغا كەلدىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ياساۋۇللارنى ئەۋەتتىم .

ئى دەرۋىشلەر ، مەن ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرغاندا ، ھېلىقى چاغدا ۋەزىرگە شاپائەت كۆرسەتكەن ئەلچىمۇ يېنىمدا بار ئىدى . ئۇ مېنىڭ ھۆكمىمنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى . بۇ ھالدىن غەزىپىم تېخىمۇ ئۆرلىگەن بولسىمۇ ، ئۆزۈمنى بېسىۋالمىسام بولمايتتى . ئۇستازلار ئېيتقانكى :

بېيىت

كۈلكىنى تولا كۈلۈش نادان ئىشى ،

يىغلىغان ياخشى ئۇنىڭدىن ھەر كىشى .

— ئى نادان ، نېمە سەۋەبتىن كۈلىسەن ؟ — سورىدىم ئەلچىدىن . ئۇ ئېيتتى :

— كۈلۈشۈمدە ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بار : بىرىنچىسى ، ۋەزىرنىڭ « ھېكايە »سىنىڭ راستلىقى جانابلىرىنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاندى . دېمەك ، ئۇ گۇناھسىز كىشى زىنداندىن قۇتۇلىدۇ ، پېقىر گەرچە ئىقتىدارسىز بولسامۇ ، مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن جانابلىرىنىڭ تەختلىرى گۇناھسىز ئىنسانىنىڭ قېنى بىلەن بۇلغانمايدۇ ؛ ئىككىنچىسى ، بىر كىشى يەنە بىر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كىشىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلسا، ئۇنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە دېگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلىمايلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ئادىللىقمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ باقماق لازىم.

نەزم

ئېيتسا سۆز بىھۇدە قۇل، سالما قۇلاق،
بۇزغۇسىدۇر ئالدىراپلا دەزنى ئۇرماق.

راست دېسەڭ گەر، بولسا ئۇ يالغان بايان،
كەلتۈرەر ئەپسۇس ساڭا، چىقار چاتاق.

كەلسە ئالدىڭغا بىراۋ مېھمان بولۇپ،
جايىز ئەمەس تەكتىنى ئۇقماي قوغلىماق.

كۈتمىگەندە دوست بولۇپ چىقسا ئەگەر،
قاقشىساڭمۇ ئورنىغا كەلمەس بىراق.

ئالدىراپ كاللا كېسىش زالىم ئىشى،
ئادىللىقمەس بىر تەرەپنى ئاڭلىماق.

نە دۇرۇس بولسۇن خۇدانىڭ ئالدىدا،
بىگۇناھنى دار تۈۋىگە ھايدىماق.

بولسا لىللا ئول كىشىنىڭ سۆزلىرى —
سەن ئىشىت، ئادىللىق دادخا تىڭشىماق؛

ئىككى ياقىنىڭ ئەرزىنى تەھقىق قىلىپ،
راست بىلەن يالغاننى ئادىل ئايرىماق.

تۇتسا مەنسەپلا كىشى دانا ئەمەس ،
غاپىللىقتۇر ئۆزىن ئاقىل چاغلىماق .

چۈشسە ئەلنىڭ نەزىرىدىن ھەر كىشى ،
خار بولۇر قاچار ئۇنىڭدىن قۇت يىراق .

پاتسا پاتقاققا ئىشەكمۇ ئۇنتۇماس ،
قايتا كەلسە دەسسىمەي قاچار يىراق .

خەقنى قاقشاتقان ، قەبىل قىلغان كىشى
خەلقئالەم نەزىرىدەدۇر مازاق .

ئى دەرۋىشلەر ، ئەقىللىق ئەلچى بۇ سۆزلىرى بىلەن مېنى ئاگاھلاندۇردى . شۇنىڭ بىلەن مەن ۋەزىرگە :

— ئول سودىگەرنى « ئوغلى » ۋە قەپەستىكى ئىككى مەھبۇس ھەم ئىتى بىلەن قوشۇپ ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار ! — دەپ پەرمان چۈشۈردۈم .

پەرمانىم بويىچە ئۇلار ھازىر قىلىندى . ئىتپەرەس خوجا بىلەن «خوجىزادە » ئالىي لىباسلارنى كىيگەن بولۇپ ، « ئوغۇل »نىڭ ھۆسن شولىسىدىن كۆزلىرىم چاقاردى ، ئەس - ھوشۇمدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم . ئول تەگداشسىز قۇياش تەلەتنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە قويۇلغان ئالماس - جاۋاھىر كۆزلەرنىڭ ھەر بىرى بىر خەزىنىنىڭ قىممىتىدە ئىدى .

ئىتپەرەس خوجا ماڭا ئىسىل ئالماس - جاۋاھىرلاردىن ھەدىيە قىلدى . ئاندىن تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، نېرىراق بېرىپ تۇردى ۋە پادىشاھلىق شەنىمگە بىر تالاي ماختاش - مەدھىيىلەرنى ياغدۇرۇپ بولۇپ ، ئۆزى ھەققىدە ئىغىز ئاچتى . ئۇنىڭ يېتۈك پاساھەت ئىگىسى ئى-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كەنلىكنى جەزملەشتۈردۈم .

— ئى ئادەم سۈرەتلىك شەيتان ! — خىتاب تەرىقىسىدە ئۇنىڭغا دېدىم ، — ئىنسان زاتىغا قۇرغىنىڭ قانداق تۇزاق ، بۇنىڭغا ئىلىنغانلار كىم ؟ دىنىڭ قايسى ، پەيغەمبىرىڭ كىم ؟ بۇ كويغا كىرىشتىكى مۇددىئايىڭ نېمە ؟

ئۇ ئېيتتى :

— ئى شەھرىيار ، ئۆمرۈڭ ئۇزاق ، دۆلىتىڭ ئەبەدىي بولغاي ، ئۆزۈم خۇدانىڭ بەندىسى ، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن ، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر . 12 ئىمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستىدۇرمەن ، ناماز ۋە روزىنى ئادا قىلۇرمەن . ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى ، بىر تۆھمەت تۇپەيلىدىن بىر گۇناھسىز ئەسىرگە چۈشتى . بۇنى زاھىر ئەتمەي مەخپىي تۇتماق زۆرۈردۇر . مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئىتپەرەسلىكنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرۈپ ، « خوجا ئىتپەرەس » دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدۇم . ئەمدىلىكتە بېشىمنى ئاستانەڭگە قويۇپ تۇرۇپتىمەن . قالغان ئىشلار سېنىڭ ئەمرىڭ بويىچە بولۇر .

— ئى جاھانگىر ، سېنى جاھىللاردىن كۆردۈمكى ، بىھۇدە سۆزلىرىڭگە ئالدانمايمەن . ئەگەر دەلىل - ئىسپاتلار كەلتۈرۈپ راست گەپ قىلمىساڭ قۇتۇلۇشۇڭدىن ئۈمىد كۈتمە ، قازاغا رىزا بولغىن ، باشقىلار قىسمىتىڭدىن ئىبرەت ئالغاي ! — دېدىم .

ئۇ ئېيتتى :

— ئى شەھرىيار ، ئۆز كىشىلىرىڭنىڭ قېنىدىن كەچكەيسەن . ئىلكىمدىكى تەئەللۇقاتىنىڭ ھېسابىنى ئېلىشقا جاھانمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ . شۇنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ماڭا ئىجازەت بەرگىن .

— خالاس بولمىقىڭنىڭ يولى قىساس ئېلىشتۇر !

سۆزۈمنى ئاڭلاپ ، دەردمەن كىشى ئاھ ئۇردى . ئاندىن « خوجا زادە » گە :

— ئى ئوغۇل ، مەن ھاياتلىقتىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم . ئەمدى سېنى كىمگە تاپشۇرارمەن ؟ — دەپ ھەسرەت چەكتى .

ئۇنىڭغا ئېيتتىم :

— ھەي ئەخمەق ! باھانە كۆرسەتمەي ئىلدام بولغىن ، بىھۇدە سۆزلىرىڭنى يىغىشتۇر !

ئۇل دەردمەن دەرمانىنى يىغىپ قەدىمىنى ئاخىرەت سەپىرىگە قويدى ۋە ئالقىنىنى ئېچىپ ئېيتتى :

— ئىلاھا ، پادىشاھ سالامەت بولغاي . ئەگەر جانىنىڭ مۇئامىلىسىدىن جانانىنىڭ يىراقلىقى يامان بولمىسا ئىدى ، ھېچكىم مەندىن بۇ سۆزنى ئىشىتمىگەن بولاتتى . ۋەھالەنكى ، ئەمدى ئىش بۇ يەرگە يەتتى . ئادەملىرىڭگە پەرمان قىلغىن ، قەپەستىكى ئىككى ئادەمنى كەلتۈرسۇن . دۆلەت - ئىقبالىڭ بىلەن بىردەم سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن . ئەگەر سۆزۈمدە يالغان بولسا ، ئۇلار مېنى يالغانچىلىقتا قانداق ئەيىبلىسە مەيلى .

ئۇنىڭ ئىلتىماسى بويىچە پەرمان قىلىپ ، قەپەستىكى ئىككى ئادەمنى مەھكۇملۇقتىن قۇتقۇزۇپ ، ۋەزىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىرىنى ، سول تەرىپىدە يەنە بىرىنى ئولتۇرغۇزدۇم . خوجا ئىتپەرەس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى .

## ۋاپاسىز قېرىنداشلار

خوجا ئىتپەرەس ئۆز سەرگۈزەشتلىرىنى شاھزادە ئازادە بەختكە بايان قىلىپ ئېيتتىكى :

— ئى شەھرىيار ، ۋەزىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغىنى چوڭ ئاكام ، سول تەرىپىدە ئولتۇرغىنى كىچىك ئاكام بولىدۇ . مەن ئوغۇللارنىڭ كىچىكى بولۇپ ، بىز پارس مەملىكىتىدىندۇرمىز . ئاتام سودىگەر ئىدى ، 20 مىڭ تىللا دەسمايىسى بار ئىدى . يېشىم 30 غا يەتكەندە ئاتام باقىيغا سەپەر قىلدى . ئۆلۈم - نەزىرلىرىنى تۈگىتىپ 10 كۈن ئۆتكەندە ئاكىلىرىم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ماگا : « ئىشەنچلىك دەپ قارىغان كىشىلىرىڭدىن كىمنى خالىساڭ بىرسىنى باشلاپ كەلگىن . ئۇ ساگا ئىگە بولۇپ ئاتىمىزدىن قالغان مىراسنى تەقسىملەشكە قاتناشسۇن ، ھەرقايسىمىز ئۆز تېگىشلىكىمىزنى ئالايلى » دېدى . مەن ئاكىلىرىمنىڭ سۆزلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ : « ئى جان - جىگەر قېرىنداشلىرىم ، نېمە دەۋاتىسىلەر ؟ مەن سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار بولۇشقا رازى . گەرچە خىزمەتكار مۇلازىملىرىڭلار كۆپ بولسىمۇ ، مەن شۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېقىنراقى ھېسابلىنىمەن . ئاتام ئالەمدىن ئۆتتى . ئەمدى سىلەر ئاتىمىزنىڭ ئورنىدا ماگا ئاتىدارچىلىق قىلىڭلار . مەن بالاغەتكە يەتكۈچە سىلەرنىڭ باشپاناھ بولۇشىڭلارغا موھتاجمەن . بىز كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ھېچكىمگە موھتاج ئەمەسمىز » دېدىم .

— ئەندىشە قىلما ! — دېدى ئۇلار ، — مۇشۇ ھىيلە بىلەن بىزنى پات پۇرسەتتە زەبۇن ۋە موھتاجلىقتا قالدۇرماي قويمايسەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېچنېمە دېمەي بولۇمغا بېرىپ يىغلاپ ئولتۇردۇم . ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ : « ئاكىلىرىم مېنى سىناش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتقان ئوخشايدۇ » دەپ گۇمان قىلدىم .

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئاكىلىرىم ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . چۈش مەھەلدە شەرئى ھاكىمنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ، مېنى شەرئەت مەھكىمىسىگە ئېلىپ باردى . قارىسام ئاكىلىرىم شۇ يەردە تۇرۇپتۇ . ئۇلار ماگا ئېيتقان مۇددىئالىرىنى ئېيتقان بولسا كېرەك ، شەرئى ھاكىمى كۆزۈمگە تىكىلىپ جىددىي تەلەپپۇزدا :

— شەرئەت ھۆكمىدىن نېمىشقا باش تارتىسەن ؟ — دېدى .

ئالدىنقى كۈنى ئاكىلىرىمغا ئېيتقانلىرىمنى تەكرارلىدىم . ئاكىلىرىم دېدى :

— ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا ، تىلىڭدىن خەت بەرگىن . بۇنىڭدىن كېيىن ئاتا مىراسى توغرىلىق دەۋا قىلساڭ ، دەۋايىڭ شەرئەت ئالدىدا باتىل بولۇپ تىڭشالمايدۇ .

— خوپ ! — دېدىم ـ دە ، ئاكىلىرىمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك خەت پۈتتۈرۈپ ، شەرئەت مۆھرىنى باستۇرۇپ بەردىم . ئاندىن كۆڭلۈم غەش هالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، بىرنەچچە كۈننى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزدۈم .

بىر كۈنى ئاكىلىرىم باشقا بىر كىشىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق : «هويلىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن !» دېگەن گەپنى قىلدى . بىلدىمكى ، ئۇلار ماڭا دۈشمەنلىك ئىشلەتكەن ئىكەن . هەممىنى خۇدايىتائالاغا قويۇپ ، تەۋەككۇل قىلىپ بىر ياققا كېتىش قارارىغا كەلدىم ۋە ئۆزۈمگە تەئەللۇق نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى كۈنلۈك مۆهلەت سورىدىم .

ئى پادىشاهىئالەم ، جاهان بېزەش ئۈچۈن جانابىي ئالىيغا مەخپىي قالمىغايكى ، ئاتام ئۆز ۋاقتىدا هەر قېتىم سەپەردىن قايتاردا ماڭا ئاتاپ هەر خىل نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالغاچ كېلىپ سوۋغا قىلاتتى . مەن كېيىنرەكىم ئارقىلىق ئۇ سوۋغاتلارنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇپ مىڭ تىللا توپلىغان ئىدىم . ئۇنىڭغا مۇۋاپىق جايدىن بىر ئۆي ـ هويلا سېتىۋالدىم ـ دە ، تۇرمۇشۇمغا زۆرۈر نەرسىلىرىمنى ئېلىپ ئاتامدىن قالغان جايدىن چىقىپ كەتتىم . بۇنىڭدىن ئاكىلىرىم ناهايىتى خۇرسەن بولۇشتى .

قايسىدۇر بىر چاغدا ئاتام سەپەردىن قايتىشىدا بىر قانجۇق ئىتنى ئالغاچ كېلىپ ئاتخانىنىڭ بۇلۇڭىغا باغلاپ باقتى . ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئىت كۈچۈكلىدى . شۇ كۈچۈكلەردىن بىرسىنى ئۆز قولۇم بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان ئىدىم . ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغاندا ، باققىنىمنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزۈمگە هەمراھ قىلىۋالدىم .

بېيىت

بولما تۈزكور بىرلە هەمدەم هەم قاياش ،
ئىت ئېرۇر ياخشى ئۇنىڭدىن ، هەي ئاداش .

ئاكىلىرىم خۇدانىڭ غەزەپ قىلىشىدىن قورقماي ئۆز قېرىندىشىدىن يۈز ئۆرىگەن بولسا ، ئىت هايۋان ئىكەنلىكىگە قارىماي ماڭا هەمراھ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولدى . مەن سېتىۋالغان جايىمغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ، خىزمەتكار غۇلامنى ۋە قالغان پۇللىرىمنى دەسمايە سىلىپ ، قەيسىرىيە پارسىدا بىر دۇكاننى ئىجارە ئېلىپ ، كۆڭلۈمنى خۇدايىتائالانىڭ لۇتفىغا باغلاپ تىجارەتكە كىرىشىپ كەتتىم . گەرچە ئاكىلىرىم يولسىزلىق بىلەن مىراستىن ۋاز كەچتۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ ، خۇدايىتائالا مېھرىبانلىقى بىلەن ھىدايەتكە باشلاپ ئورنۇمنى كۆتۈردى . ئىككى يىلغا قالماي ئېتىبارلىق كاتتا ئائىلىدىن ئۆيلەندىم ، 4000 تىللاغا ئىگە بولۇپ ، سودىگەرلەرنىڭ خېلى مۆتىۋەرلىرىدىن بىرىگە ئايلاندىم . شەھەردىكى ئەمەلدار ۋە ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلارنىڭ قايسىبىرى ھاجىتى چۈشۈپ ئالدىمغا كەلسە ئاللاتائالانىڭ كەرىمى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلىپ ، كۈندىن ـ كۈنگە ئىناۋەت ـ ئابرۇي تاپتىم . تىلىمنى بۇنىڭ شۈكرانىسىگە جارى قىلىشنى ئۇنتۇمىدىم .

رۇبائىي

ملك شۈكرى ، خۇدايىم ماڭا يار بولدى ،
« توققۇزۇم تەل »لىنىپ ، يوقۇم بار بولدى .
خۇدادىن ئۆزگىدىن تىلىمەي مەدەت ،
سودىدا قۇت تېپىپ خەزىنەم تولدى .

شۇنداق قىلىپ ، تۆتىنچى يىلغا قەدەم قويغان بىر جۈمە كۈنى غۇلامنى بىر ئىش بىلەن بازارغا ئەۋەتكەن ئىدىم ، يىغلاپ قايتىپ كەلدى . يىغلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىسام « ئىشىڭنى قىل ! » دېگەندىن باشقا گەپنى دېگىلى ئۇنىمىدى .

— ئى قارا قورساق كالۋا ، ئوچۇقىنى ئېيت ، بىرەر بالاغا ئۇچرىدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىغان ئىدىم ، ئۇ دېدى :

— بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىش بولامدۇ ؟! ئاكىلىرىڭنى يەھۇدىيلار ئادەم توپلاشقان بىر مەيداندا پۇل ئۇچۇن ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئۇرغىلى

تـۇرۇپتۇ . سەن بولساڭ پۇل ـ مالىڭنىڭ تولىلىقىدىن كىرىلىپ خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرىسەن !

ئى پادىشاھىم ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى . قاتتىق بىئارام بولۇپ كەتتىم . ئالدىراپ ئۆيدىن تالاغا چىقىپ غۇلاملارغا : « ئالـتۇن ـ تـىـللالارنـىـڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىڭلار ! » دېدىم ـ دە ، ۋەجـىمنى ئېلىپ ھېلىقى مەيدانغا يېتىپ باردىم . قارىسام ، راست دېگەندەك ئىككى ئاكامنى باغلاپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ . يەھۇدىيلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ : «ھەرقـانـچـە ئۇرغـىـنـىـمىز بىلەنمۇ جاۋاھىرلارنى ئىككىڭدىن تىرىلدۇرۇپ ئالالـمـايـمـىـز . ئۇنـىـڭدىن كۆرە بىراقلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، بايلىقنىڭ گېپىنى كۆڭلىمىزدىن چىقىرىۋەتكىنىمىز تۈزۈك » دېيىشىۋېتىپتۇ . ھېچكىم ئۇلارنى بۇ ياۋۇزلۇقتىن توسۇپ قالالماپتۇ .

يـەھۇدىـيلارنـىـڭ ئاغـزىـدىـن چـىـقـىـۋاتقان ۋەھشىيانە گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئىـچىم ئېچىشىپ كەتتى ، كۆزلىرىمدىن ياش ئورنىغا قان ئاقتى . ھاكـىمنىڭ ئادەملىرىدىن ئۆزۈمگە ياردەم ـ مەدەت تىلەپ ، ئۇلارنى ھەمراھ قىلىپ يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا باردىم ـ دە :

ـــ ئى نـاكـەسـلـەر ، ئىـسلام دىـنـىـدا بـۇنـداق زۇلـۇم قـىـلـىـش چەكلەنگەن ! ـــ دېدىم .

ئۇلار ئېيتتى :

ـــ ئەگـەر بۇلارنى ھىمايە قىلماقچى بولساڭ ئالتۇن چىقار ، بولمىسا ئارىلاشماي يولۇڭغا ماڭ !

ـــ قانچىلىك ئېلىشىڭ بار ؟ قېنى ھۆججىتىڭنى كۆرسىتىش !

ـــ 100 تىللا بەرسەڭ بولىدۇ ، ھۆججەت ھاكىمدا .

دەرھال 100 تـىـللانـى بـېـرىـپ ھۆجـجەتنى ئېلىۋالدىم . ئۇ ئىككى ئەزىـزىـمـنـىـڭ پۇت ـ قوللىرى مەجرۇھلانغان ئىدى . ئۇلارنى غۇلاملارغا كـۆتـۈرتـۈپ ئۆيـگـە ئېـلـىـپ كـەلـدىـم . جـاراھەتلىرىگە مەلھەم سۈرتۈپ سـاقـايـتتىم . ئاندىن ھاممامدا يۇيۇندۇرۇپ ئېسىل لىباسلارنى كىيدۈردۈم . قـېـرىـنـداشـلـىـق مېھىر دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ ، خىزمەتلىرىگە ھىممەت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كەمرىنى چىڭ باغلىدىم . شەرمەندە بولمىسۇن دەپ ، ئاتامنىڭ مىراسىدىن
مەھرۇم قىلىپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى ھېچقاچان يۈزىگە سالمىـ
دىم .

ئەلقىسسە : بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خىيالىمغا : « بۇلار
بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ مېنىڭدىن رەنجىپ قالمىغاي » دېگەن
ئوي كەچتى ـ دە ، سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتتىم :

— ئى ئاكىلىرىم ، مېنىڭچە بىرنەچچە كۈن سەپەر قىلساڭلار ،
چۈنكى سودىگەرنىڭ رىزقى ـ ئېتىبارى سەپەر بىلەندۇر .

ئۇلار سۆزۈمنى ماقۇل كۆردى . مەن خۇشال بولۇپ ، سەپەر لازىـ
مەتلىكلىرى ۋە غۇلاملاردىن بىرنەچچىنى تەقلەپ ، ئات ـ تۆگىلەرگە مال
يۈكلەپ بەردىم ، ھەر بىرىگە 100 تىللادىن تۇتقۇزدۇم . يالغۇزلۇق تارتـ
مىسۇن دەپ كارۋانلارغا قوشۇپ يولغا سالدىم . بەرگەن پۇللىرىم ئۇلارنىڭ
يېمەك ـ ئىچمەك ، يول خەج ـ خىراجەتلىرىگە يېتىپ ئاشقۇدەك ئىدى .

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن « خۇدايىم سالامەت كەلگىلى نېسىپ
قىلغاي » دەپ كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يەپ يولغا ئىنتىزار بولدۇم . ئارىـ
دىن بىر يىل ئۆتكەندە بىللە كەتكەن كارۋانلار قايتىپ كەلدى ، ئەمما
ئاكىلىرىم يوق ئىدى . ئۇلاردىن كوچىلاپ سوراۋەرسەم ، بىرەيلەن راسـ
تىنى ئېيتتى :

— ئاكىلىرىڭىزنىڭ بىرسى بۇخارا شەھرىدە ماللىرىنى قىمارغا
سېلىپ بەردى ، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ ، قىمارخانىدا نۆكەرچىلىك
قىلىۋاتىدۇ ؛ يەنە بىرى بىراۋغا ئاشىق بولۇپ ماللىرىنى تۈگەتتى ، ئەمدى
ئۇنىڭغا چاكار بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . كارۋانلاردىن سورىساڭمۇ خىجالەت
بولۇپ بۇ ھېكايىنى دېمەيدۇ .

بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بىتاقەتلىكىم كۈچەيدى ، قولۇمنى يېمەك ـ
ئىچمەكتىن يىغدىم . ئىشلىرىمنى خۇدايىتائالاغا تاپشۇرۇپ ، ئالتۇن ـ
جاۋاھىرلىرىمنى ئات ـ ئۇلاغلارغا يۈكلىدىم ـ دە ، دەرھال بۇخاراغا راۋان
بولدۇم . مەنزىلگە يېتىپ ئۇلارنى تەستە تاپتىم ، ھامامدا يۇيۇندۇرۇپ

يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈردۈم . خىجالەت بولمىسۇن دەپ قىلغان ئىشلىرىنى يەنىلا يۈزىگە سالماستىن ، ھەر بىرىگە 50 تىللالىقتىن رەخت ئېلىپ بەردىم . سەپەر جابدۇقلىرىنى تەل قىلىپ يۇرتىمىزغا راۋان بولدۇق . شەھىرىمىزگە يېقىنلىشىپ ، ئىككى مەنزىل يىراقلىقتىكى بىر كەنتتە ئۇلارنى قالدۇرۇپ ، ئۆزۈم ئۆيگە كېلىپ دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە : « ئاـ غىلىرىم سەپەردىن كەپتۇ » دەپ ئالدىغا كۈتۈۋېلىشقا ماڭدۇردۇم . ئىككىنچى كۈنى ئۆزۈم ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشنى ئويلاپ تۇراتتىم ، سەھەردىلا سەھرالىق بىر كىشى ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئېيتتى :

— ئاغىلىرىڭ كەنتىمىزگە چۈشمىگەن بولسا ئوبدان بولار ئىدـ كەن ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى دەپ بىر توپ ئوغرى كەنتكە ھۇجۇم قىلىپ ، ماللارغا قوشۇپ بار ـ يوقىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى !

— ئاكىلىرىمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلەمسەن ؟

شەھەرگە يېقىن بىر جايدا قىپيالىڭاچ يىغلىشىپ ئولتۇرىدۇ .

دەرھال كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنى كىيىندۈـ رۈپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدىم . قولۇم ـ قوشنىلار ئۇلارنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆرۈشكىلى كىرىشتى . 20 كۈنگىچە ئوبدان كۈتۈپ ، قېرىنداشلىق مېھرىمنى ئايىماي يەتكۈزدۈم ، ئىلتىپاتىمدىن ھېچ نەرسىنى كەم قىلمىدىم . ئاكىلىرىم خىجالەت بولغىنىدىن قازناقتىن چىقماي ئولتۇـ رۇشتى .

ئۈچ ئاي ۋاقىت مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى . كۆڭلۈمدىن : « بۇلار كىيىنكى تۇرمۇشى ھەققىدە غەم يەيدىغاندۇ ، قايغۇسىنى ئازايتىش ئۈچۈن بىرەر ئىش تېپىپ بېرەي » دېگەن خىيال كەچتى ـ دە ، بىر كۈنى ئۇلارغا مەسلىھەت سالدىم :

— ئى ئەزىزلىرىم ، مەن قۇلۇڭلار سىلەر بىلەن بىللە سەپەرگە چىقسام دەيمەن ، بۇنىڭغا قانداق پەرمانىڭلار بار ؟

— سەن نېمە دېسەڭ ئاغزىڭغا قارايمىز ! — دېيىشتى ئۇلار .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن سەپەر تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدىم . ھىندىستانلىقلارغا باب كېلىدىغان رەختلەر ۋە باشقا ماللاردىن يېتەرلىك تەقلەپ ، ئايالىمنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارماقچى بولدۇم . بىز دەريا بويىغا يېتىپ كېلىپ ، سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى بىر كېمىگە جايلاشتۇرۇپ يولىمىزغا راۋان بولدۇق . قىرغاقتىن ئانچە ئۇزىمايلا كۆردۇمكى ، ئۆيىمىز-دىكى ئىت يۇگۈرگىنىچە دەريا بويىغا كېلىپ ، ھەر تەرەپكە چېپىپ قاۋاپ ، ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى . ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كېمىچىگە ئېيتقان ئىدىم ، كېمىنى كەينىگە قايتۇرۇپ ئۇنى چىقىرىۋالدى . بىچارە ھايۋان ئۆزىنى پۇتلىرىمغا سۈركەپ قىلمىغىنى قالمىدى . ئاخىرى بىر ئايلىق يولدا ھەمراھ قىلىۋالدىم . خۇدايىتائالاغا شۈكرىكى ، ئۇ سەپىرىمىزنىڭ بىخەتەر بولۇشىدا تېگىشلىك رول ئوينىدى .

ئى شەھرىيار ، چوڭ ئاكام ئايالىمغا ئاشىق بولغان ئىكەن ، ئوتتۇرانچى ئاكامغا مەسلىھەت سېلىپ ، مېنى يوقىتىشنى ئېيتىپتۇ . ئوت-تۇرانچى ئاكاممۇ يول كۆرسىتىپ ، ئارىمىزدىن بۇنى يوقاتساق ئاندىن خاتىرجەم بولاتتۇق ، ئۇنىڭ بىزگە قىلغان مېھرىبانلىقى بېشىمىزنى كۆ-تۈرگۈسىز ئۇياتقا قالدۇردى ، دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تىلىنى بىر قىلىپ ، مېنى دەرياغا تاشلاش قارارىغا كېلىشىپتۇ .

بىر كېچىسى ئايالىم بىلەن تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىم ، ئوتتۇرانچى ئا-كام مېنى چاقىرىپ ، « سەيلە قىلايلى » دەپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى . بۇ چاغدا ئىت ئويغاق ئىدى . ئوتتۇرانچى ئاكامنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كې-مىنىڭ قىرىغا كەلسەم ، چوڭ ئاكام سۇغا قارىغىنىچە « تاماشا » قىلغىلى تۇرۇپتۇ . مەن ئۇنى كۆرۈپ :

— ئى ئاكا ، نېمە تاماشا ئىكەن ؟ — دېدىم .

— قارا بۇنىڭغا ، شۇنداق تاماشانى كۆرسەڭكى ، سۇ خەلقى باش-لىرىغا مارجاندىن مۇڭگۈز تاقاپ ، سۇدا ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ .

ئەگەر ئاكامدىن باشقا ئادەم بۇ گەپنى دېگەن بولسا ئىشەنمەيتتىم . ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىم بىلەن ئېگىشىپ قارىسام ھېچنېمە كۆرۈنمىدى . ئوت-

تۇرانچى ئاكام ئىككى پۇتۇمدىن تۇتۇپلا دەرياغا ئىتتىرىۋەتتى . كېمە دولقۇن يېرىپ تېز ئىلگىرىلەۋاتاتتى . سۇ قايناملىرى مېنى بۇژغۇنلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خالىغانچە ئايلاندۇرۇپ ئوينايتتى .

شېئىر

گاھى ئاستىن ، گاھىدا ئۈستۈن بولدۇم ،
گاھى بۇژغۇن ، گاھىدا دولقۇن بولدۇم .

شۇنداق قىلىپ ، جان قۇشى تەن قەپىسىدىن چىقىپ كېتەي دەپلا قالدى . ئاللادىن نىجاتلىق تىلەپ نالە قىلماقتا ئىدىم . بىر چاغدا قولۇمدىن بىر نەرسە تارتىپ سۇ يۈزىدە غۇلاچلىغاندەك قىلدى ، كۆزۈمنى تەستە ئېچىپ قارىسام ئىت ئىكەن . ئاكىلىرىم مېنى سۇغا تاشلىغاندا ئىتمۇ تەڭلا ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپتۇ - دە ، ئۈزۈپ مەن تەرەپكە كەپتۇ . ھەقتائالانىڭ قۇدرەت - كامالى بىلەن بۇ ئالەمدە رىزقىم تۈگىمەپتىكەن ، نەدىندۇر بىر پارچە تاختاي قولۇمغا ئۇرۇندى ، ئىت بىلەن ئۇنىڭغا چىقىۋالدۇق . توپتوغرا يەتتە كېچە - كۈندۈز بۇ « قانخور » دەريادا ۋاپادار ئىت بىلەن ساناقسىز دولقۇنلارنىڭ ئىتتىرىشى نەتىجىسىدە قىرغاق تەرەپكە بېرىپ قالدۇق . سەككىزىنچى كۈنى بىر لايداڭغا ئۇلىشىپ ئۆملەپ دېگۈدەك قۇرۇقلۇققا چىقتىم - دە ، ھوشۇمدىن كەتتىم . ئەتىسى ئىتنىڭ ئېچىنىشلىق قاۋاشلىرىدىن سەگىپ ھوشۇمغا كەلدىم . خۇدايىتائالاغا شۈكرىكى ، خەتەردىن ئامان قالدىم ، ئەمما ئاچلىق ، مۇشەققەت رەنجىدىن تېنىمدە كۈچ - قۇۋۋەتتىن ئەسەر يوق ئىدى ، مېڭىش تۈگۈل ئۆرە بولۇشقا كۆزۈم يەتمەيتتى . يانتۇ يېتىپ سىنچىلاپ قارىۋىدىم ، يىراقتا بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى . ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن نىمجان چۈمۈلىدەك ھەرىكەتلىنىپ ، شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم . تىنماي يۈرۈپ ئاخىر شەھەرگە يېقىنلاشتىم . بىر كېچىنى شەھەر سىرتىدا تۈنەپ ئۆتكۈزۈپ ، تاڭ ئېتىشى بىلەن شەھەرگە كىردىم . ناۋاينىڭ پەشخۇنىدىكى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

نالار كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمما ئېلىشقا پۇل يوق ئىدى، تىلەشكە ئۇياتتىم. ئىچىمدە ئاھ ئۇرۇپ ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازى ئىدىمكى، تىلەمچىلىككە رايىم قويمايتتى. ئاخىر پەقەت ئامال بولماي، تىلسەممۇ تىلەپ جېنىمنى ساقلاپ قالاي دېگەن يەرگە كەلدىم. لېكىن بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئالدىمدىكىسىدىن تىلەي دەپ نەچچە دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن بولسامۇ ھېچقايسى ناۋايدىن نان سورىيالمىدىم، قىسقىسى، يۈزۈم چىدىمىدى. ئاچلىق، ماغدۇرسىزلىقتىن ئىچ ـ ئىچىمدىن ئوت كۆيگەندەك بولدى. ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەندە روھ قۇشۇم دان شەۋقىدە پەرۋاز قىلدى. ئويلىمىغاندا كۆز ئالدىمدا كىيىملىرى ئاكىلىرىمنىڭكىدەك ئىككى ئەجەملىك كىشى پەيدا بولدى. ئۇلار قوللىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ بوينىغا سېلىشىپ كۈلگىنىچە كېلىۋاتاتتى. ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «خۇداغا شۈكرى، مېنى ياتلاردىن نان تىلەشتىن ساقلاپتۇ. بۇ ئىككىيلەن مەن بىلەن بىر يۇرتلۇقتەك قىلىدۇ. ئۇلارغا قول تەگلىسەم يەيدىغان نەرسە بەرسە ئەجەب ئەمەس» دەپ، يېقىن كەلگەندە قارىسام ئاكىلىرىم ئىكەن. كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ، ئىتتىك بارغىنىمچە ئالدىغا يىقىلدىم. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە چىرايلىرىنى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەئەججۇپ ئىپادىسى ئىگىلىدى. ئوتتۇرانچى ئاكام غەزەپلىنىپ يۈزۈمگە بىر كاچات سالدى. كۆتۈلمىگەن زەربىدىن كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۆملەپ بارغىنىمچە چوڭ ئاكامنىڭ ئېتىكىگە قول ئۇزاتقان ئىدىم، ئۇمۇ بىرنى تەپتى. ئىككىسى مېنى كىگىز پىشۇرغاندەك يۇمۇلىتىپ يۇرۇپ شۇنداق ئۇردىكى، خۇدايىتائالانى شېپى كەلتۈرۈپ ھەرقانچە يالۋۇرسامۇ ئىچى ئاغرىمىدى. ئۇلار مېنى ئۇرۇۋېتىپ:

— ئى زالىم! ئەمدى بىزنىڭمۇ جېنىمىزنى ئالماقچىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرايتتى.

ئەھۋالىنى كۆرۈپ خالايىقلار يىغىلدى. ئۇلار مېنىڭ گۇناھىمنى تىلىگەن ئىدى، ئاكىلىرىم ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغلاپ:

— بۇ بەتبەخت ئىنىمىزنىڭ چاكىرى ئىدى. ئىنىمىز

بـولـسـا دەپـنە ـ دۇنياسى ھەددى ھسابسىز كىشى ئىدى ، بۇ زالىم ئۇنى سـۇغـا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋىتىپ پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى ئىگىلىۋالدى . ئۇزاقتىن بـۇيـان بـىـز بـۇنى ھىندى دىياردىن ئىزدەپ يۈرەتتۇق . بۇگۈن بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالدۇق ! ـــ دېيىشتى .

شۇ ئەسـنـادا ھاكـىـمـنـىـڭ ئادەملىرى يېتىپ كېلىپ مېنى تۇتۇپ ھاكـىـمـنـىـڭ ئالـدىـغـا ئېلىپ باردى ۋە بايا ئاڭلىغانلىرىنى ھاكىمغا مەلۇم قـىـلـدى . ئاكـىـلـىـرىـمـمۇ ئارقامدىن تاپىپسىپ كەلدى ـ دە ، ياقا يىرتىپ يـىـغلاپ ھاكـىـمغا ئۇستۈمدىن ئەرز قىلدى . ئۇلارنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ، قـان قـىـسـاس ئالـمـىـغـۇچە توختىمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇلار ئىشنى تېز ۋۇجـۇدقا چىقىرىشقا ئالدىراپ بىرقانچە تىللا پارا بېرىپمۇ ئۈلگۈردى . ئۆلۈم بـېـشـىـمـغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . ھەر نېمە دېسەممۇ ئاقمايدىغانلىقىنى بـىـلـىـپ ، بېشىمنى تۆۋەن سالغىنىمچە زۇۋان سۈرمەي تۇردۇم . بۇنىڭدىن ھاكىم ئەرزنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى ـ دە ، پەرمان چۈشۈرۈپ ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن مېنى دارغا ئېسىشنى بۇيرۇدى .

## ۋاپادار ئىت

ئى شـەھرىـيار ، مەن 100 تىللا بېرىپ ئاكىلىرىمنى يەھۇدىيلارنىڭ زۇلـمـىـدىن قۇتۇلدۇرغان ئىدىم . ئەمدى ئۇلار بىرقانچە تىللا پارا ئارقىلىق مېنى دارغا ئاستۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى . بىر كەمدە ئۆزۈمنى داردا كۆردۈم . ئەتـراپـقـا نـەزەر سـالـسـام ئاكـىـلـىـرىـمـدىـن باشقا بىرەرمۇ تونۇش ئادەم كـۆرۈنـمـىـدى . ئۇلار مېنى تېزراق ئۆلتۈرۈشنى ئىستەيتتى . مەن ئاللادىن بـاشـقـا ھېـچـكـىـمـدىن مەدەت تىلىمىدىم . بىچارە ئىتىم بولسا كىشلەرنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپ يالۋۇرماقتا ئىدى .

ئى شەھرىيار ، ئادەملەردىن رايىم قايتىپ ، جانابىي ئاللاغا :« يائاللا، يـائاللا ، يـائاللا ، پـەرىيادىمغا قۇلاق سالغىنكى ، سەندىن ئۆزگە ھېچ پاناھىم يـوق ! » دەپ « كـەلـىـمـە شـاھادەت »نى تەكرار ئوقۇغىنىمچە ھوشۇمدىن



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كەتتىم .

نەزم

ھەر كىشىدىن ئۈمىد كۈتمە ئۆمۈرۋات ،
بىر خۇدادىن ئۆزگىدىن كەلمەس نىجات .

ئى شەھرىيار ، خۇدايىتالانىڭ پەزلى بىلەن ئول شەھەر پادىشاھى قولىنچ كېسەللىكىگە گىرىپتار بوپتۇ . ھەكىم - ھۆكۇمالار ھەرقانچە ئىلاجىنى قىلسىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى كۆرۈلمەپتۇ ، ئەكسىچە بارغانسېرى ئېغىرلىشىپتۇ . دۆلەت ئەركانلىرى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا ، ئەقىللىق ۋەزىرلەردىن بىرى :

— قۇربانلىق ۋە سەدىقە قىلماقتىن ئۆزگە چارە يوقتۇر ، شۇڭا ، مەملىكەت مىقياسىدا ئاق - قارىنى ئايرىماي بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن قاتتىق ساقلانماق ، زىنداندىكىلەرنى زۇلۇمدىن خالاس تاپتۇرماق كېرەك . شۇلارنىڭ دۇئاسى بەرىكاتىدىن كېسەللىك شىپالىق تاپقۇسىدۇر ! — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ .

شۇ گەپ بىلەن سۇلتاننىڭ خاس كىشىلىرىدىن بىرى زىندانغا كېتىۋېتىپ كۆزى ماڭا چۈشۈپ ، يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى خالايىقنى قوغلىۋېتىپ ، قىلىچى بىلەن ئارغامچىنى كېسىپ مېنى داردىن چۈشۈردى . پادىشاھقا يارلىق چۈشۈرگۈزۈپ گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلدى . ئاكىلىرىم بۇ ھالنى كۆرۈپ ، مېنىڭ تىرىك قالغىنىمدىن قورقۇشتى ۋە «ئەمدى رەسۋا بولىدىغان بولدۇق !» دەپ تۆت پۇتلاپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، مەندىن قىساس ئېلىشتا چىڭ تۇردى .

ھاكىم پارا ئېلىپ قويغانلىق سەۋەبىدىن :

— بۇ كىشىنى ھازىر ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ . ئەمما سىلەرنىڭ يۈزۈڭلاردىن ئۇنى « زىندانى سۇلايمان »غا سولايمەن . ئۇ يەردە ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئۆلىدۇ . بۇنىڭ سۈرۈشتىسىنى ھېچكىم قىلمايدۇ ، ئۇ قانچە

قىلسىمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ ، ـــ دەپ ، مېنى ئۆز ئادەملىرىگە كۆتۈرتۈپ ئاپىرىپ « زىندانى سۇلايمان »غا تاشلاتقۇزۇپتۇ . بۇ جاھان زىندانى بولۇپ ، ھەزرىتى سۇلايماننىڭ ئەمرى بىلەن دىۋىلەر قازغان ئىدى . كىمكى ياسىق ـ بەتكارلىق قىلىپ پادىشاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرسە شۇئان تۇتۇپ كېلىنىپ تاشلىناتتى . ئۇلار ئاچلىق ـ تەشنالىقتىن ئۆلەتتى . مەن بىتەلەيىنى ئاشۇ زىندانغا تاشلاپتۇ . ئاكىلىرىم مەندىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ ئۆز ئىشىغا كېتىپتۇ .

ئاللاتائالانىڭ كاراماتى بىلەن ھېلىقى ئىتىم مەن زىندانغا سولانغاندىن تارتىپ زىندان ئاغزىدا يېتىپتۇ . مەن بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدىم . يېرىم كېچىدە ھوشۇمغا كېلىپ ئۆزۈمنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆردۈم . ئەسلىدە دارغا ئېسىلغانلىقىم ئېسىمدە ئىدى . « قانداق جايدۇر بۇ ، ئېھتىمال گۆر بولسا كېرەك » دەپ ئويلاپ « كەلىمە تەييىبە »نى ئوقۇپ ھەرىكەت قىلدىم . بىر يەردىن يۇلتۇز كۆرۈندى . « بەلكىم ئاللاتائالا پانىي ئالەمدە زۇلۇمنى يەتكۈچە تارتقانلىقىمنى كۆزدە تۇتۇپ گۆر ئازابىنى كەچۈرۈم قىپتۇ » دەپ ، تەكبىر ـ ئىستىغپار ئېيتىپ تۇراتتىم ، بىردىنلا ئىككى كىشىنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى . شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالادىن پاناھ تىلەپ جاۋابقا ئىنتىزار بولدۇم . ئاۋۋال ئارغامچىنىڭ شەپىسى ، ئاندىن شالاپلىتىپ بىر نېمە يېگەننىڭ تىۋىشى ئاڭلاندى . ھەيرانلىقىم ئېشىپ ، ئەتراپىمنى سىلاشتۇرۇۋىدىم ، قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغان سۆڭەكتىن باشقا نەرسە ئۇرۇنمىدى .

قورقۇنچتىن ۋارقىرىۋەتتىم :

ـــ ھەي ناكەسلەر ، سىلەر زادى كىم ؟ بۇ قانداق جاي ؟

ئۇلار كۇلۇشۇپ ئېيتتى :

ـــ بۇ « زىندانى سۇلايمان »دۇر . بىز زىنداندىكىلەرنى باقىدىغانلاردۇرمىز !

ـــ مەن تىرىكمۇ ؟

ـــ بىلمەيمىز .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— يەيدىغان نەرسەڭلاردىن ماڭمۇ بەرسەڭلار قانداق ؟

ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ يەنە كۈلۈشتى . ئاندىن ماڭا ئاچچىقلاپ يامان سۆزلەر بىلەن تىللاشتى ۋە تائاملىرىنى يەپ بولۇپ ئۇخلاپ قېلىشتى . مەن زەئىپ بىچارە ناتىۋانلىقىمدىن يىغلاپ خۇداغا نالە قىلدىم .ئى شەھرىيار ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئالتۇننىڭ تەمەسىدە دەريادا يۈرۈپ ، دولقۇنلار قامچىسىنى يەتكۈچە يەپ ، ھەر تەرەپكە ئېقىپ ، ئاخىر دەريانىڭ قىرغىقىنى تېپىپ ، ئاپەت دېڭىزىدىن سالامەتلىك قىرغىقىغا چىقىپ ، ئاچلىق ـ تەشنالىق ، يېلىڭ ـ يالىڭاچلىق شەۋقىدە ئۆزۈمنى ئاغىلىرىمنىڭ باغرىغا ئېتىپ ، ئۇلاردىن مېھرىبانلىق ئورنىغا پەشۋا يەپ ، زۇلۇم ـ سىتەم تارتىپ ، پارا كۈچى بىلەن دارغا ئېسىلدىم ، ئاندىن زەئىپ ۋۇجۇدۇمنى «زىندانى سۇلايمان »دا كۆردۈم . ئەمدىلىكتە تىرىكلىك نېمىتىدىن كۆرە ، ئەجەل شەربىتىنى كۈتۈپ يېتىپتىمەن . ئى ئاللا ، مۇشۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنى پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى بولغان ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم . بەندەڭنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن ... دەيتتىم .

ئى شەھرىيار ، مېنى زىندانغا تاشلىغاندا بۇ ئىت زىندان ئاغزىدا ياتقان ئىكەن . يېرىم كېچە بولغاندا بىر كىمنىڭ داستىخاندا نان ، كوزىدا سۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ ئارغامچا بىلەن باغلاپ زىندانغا چۈشۈرۈپ ، ئارقىدىن ئارغامچىنى تارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ . تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئىت شەھەرگە كىرىپ بىر ناۋاينىڭ دۇكىنىغا بېرىپتۇ ـ دە ، پەيت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . ناۋاي تونۇردىن بىر ناننى قومۇرۇپ بولۇپ يەنە بىرىنى قومۇرۇش ئۈچۈن تونۇرغا ئېڭىشىشىگە ئىت ناننى ئېلىپلا قېچىپتۇ . ناۋاي ئارقىسىدىن قوغلاپ تاش ـ چالمىلارنى ئاتسىمۇ تاشلىماي ئۇدۇل زىندانغا ئېلىپ بېرىپ تاشلاپتۇ . مەن ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلاپ ، بايا توككىدە قىلىپ بىرنەرسە چۈشكەن يەرنى سىلاشتۇرۇپ ناننى تېپىۋالدىم . يۇقىرىغا قاراپ يۇلتۇزچىلىك يورۇقلۇقنى كۆرۈپ تاڭ ئاتقىنىنى پەملىدىم . بىر چىشلەم ناننى يېيىشىم بىلەن ئۇسسۇزلۇق دەھشىتى قىينىدى .

ئى شەھرىيار، ۋاپادار ھايۋان ناننى ماڭا يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، سۇنىڭ ئىلاجىنى قىلماق ئۈچۈن ھەريان چېپىپتۇ. ئاخىر شەھەر ئەتراپىدىكى تاغنىڭ ئېتىكىدە ئولتۇرۇشلۇق بوۋاينىڭكىگە بېرىپ، ئۆيدە كوزىلارغا قاچىلانغان سۇ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بوۋاينىڭ كەينىدىن ئاستا ئۆيگە كىرىپ كوزىدىن بىرنى چىشلەپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا بوۋاي قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئاچچىقى بىلەن ئۇرۇپتۇ. لېكىن ئىت زادىلا چىققىلى ئۇنىماپتۇ ھەم كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ بوۋايغا يېلىنغاندەك قاراپتۇ. بوۋاينىڭ رەھىمى كېلىپ سۇنۇق كوزىغا سۇ قۇيۇپ بەرگەن ئىكەن، ئىچمەستىن بېشىنى بوۋاينىڭ پۇتلىرىغا سۈركەپ، ئېتىكىنى چىشلەپ سىرتقا تارتىپتۇ ۋە تاغ تەرەپكە قاراپ قاۋاپتۇ. بوۋاي كۆڭلىدە: «بۇ ئىتنىڭ بۇنداق قىلىشىدا بىرەر سىر بولسا كېرەك، كەينىدىن ئەگىشىپ بېرىپ باقاي!» دەپ ئويلاپ، كەينىدىن مېڭىپ زىنداننىڭ ئۈستىگە كەپتۇ. «ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ بوۋاي ئىچىدە، — زىنداندا بۇ ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا كېرەك، شۇنىڭغا تاشلاپ بېرىش ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىپتۇ». ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن بوۋاي ئىتنىڭ بۇنچىلىك ۋاپادارلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزى بىر كوزا سۇنى ئەكېلىپ ئارغامچا بىلەن زىندانغا ساپتۇ. ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلاپ كوزىنى ساڭگىلاتقان جايغا بېرىپ تۇتۇۋالدىم. شۇنداق قىلىپ تەشنالىقىممۇ قاندى، قورسىقىممۇ ئارام تاپتى. ئاندىن بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردۇم.

ئى شەھرىيار، ئىنسۇجىندىن تارتىپ پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە ئالەمنى ياراتقان خۇدانىڭ ئەمر - كارامىتى بىلەن ئىت جېنىدا شۇنداق ياخشىلىقلارنى قىلىپ، ھەر كۈنى قارارلىق ھالدا نان - سۇ يەتكۈزۈپ بەردى. ناۋايلارمۇ ئىتنىڭ ھەرىكىتىدىن بىرەر ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن بولسا كېرەك، ئىت كەلسىلا نان بېرىشتىن ئايانماپتۇ. ئۇلار نان بەرمەي قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بۇ ئەقىللىق ھايۋان ناۋايخانا ئالدىغا كېلىشىگىلا بىر ناننى تاشلاپ بېرىشكە ئادەتلىنىپتۇ. بوۋايمۇ كۈنلۈكى بىر كوزا سۇ ئەكېلىپ بېرىشنى توختاتمىدى. ئىت ماڭا قىلىدىغان شەپقىتىنى يەتكۈزۈپ بولغان-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دىن كېيىن، ئۆزى تاشلاندۇق ئۇستىخانلارنى نەدىندۇر تېپىپ كېلىپ، كورۇسلىتىپ يېگىنىچە زىندان بېشىدا ياتاتتى، بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيتتى.

مەن زىنداندا تويىتوغرا ئالتە ئاينى ئۆتكۈزدۇم. تېنى ھەرقانچە مۇستەھكەم، جېنى پولاتتىن پىششىق ئادەممۇ زەي ـ مەينەت زىنداندا شۇنچە ۋاقىت ياتسا قايسى دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈن يېرىمدا ئىچ ـ ئىچىمدىن زار ـ زار يىغلاپ، قان ـ ياش تۆككىنىمچە ياراتقۇچى ئاللاغا سېغىنىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدۇم:

ئى خۇدا، قۇتقۇز مېنى بولدى چىرايىم زەپىران،
رەھىم ـ شەپقەت تۈپرىقىڭغا باش قويارمەن ھەر زامان.
سەن ئۆزۈڭنىڭ لۇتفى بىرلە خەستىگە رەھىم ئەيلىگىن،
ھەممە سىرنى بىلگۈچىسەن، يوقكى پىنھان خانىمان.

# زىنداندىكى شاپائەتچى

تاكى ئۈچ كۈنگىچە شۇ تەرىقە يىغلاپ ئىلتىجا قىلدىم. ئۈچىنچى تۈن سۈزۈك تاڭغا ئورۇن بەرگەن خاسىيەتلىك سائەتتە ئىلتىجايىم ئىجابەت بولۇپ، نىجاتلىق دەرۋازىسى ئېچىلدى. بىر ئارغامچا زىندانغا ساڭگىلىتىلىپ، ئاستا چاقىرىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھەي غېرىب بالاكەش، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى بېلىڭگە مەھكەم باغلىغىن، زىنداندىن قۇتۇلىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى!

ئى شەھرىيار، شۇ چاغدا بىردىنلا كۆڭلۈمدىن: «خۇداغا شۈكرى، ئاكىلىرىم ئاخىر ھالىمغا رەھىم قىلىپ، زىنداندىن قۇتۇلدۇرماقچى ئارغامچا تاشلاپتۇ!» دېگەن خىيال كېچىپ، ئارغامچىغا ئېسىلىپ

خـۇشـاللىقىم ئىچىمگە سىغمىغان ھالدا يورۇقلۇققا چىقتىم . كۆزۈمنىڭ كۆ-رۈش قۇۋۋىتى زىيادە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن قۇتقۇزغۇچىنىڭ كىملىكىنى دەماللىـقـقا پـەرق ئېتـەلـمـىـدىـم . نـىجاتـچـىممۇ مېنىڭ كىملىكىمنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئارغامچىنى بېلىمدىن بوشىتىپ يولغا راۋان بولدى .

— ئىـلدام ماڭ ، بۇ ھاڭۋېقىپ تۇرىدىغان جاي ئەمەس!— دېدى ئۇ.

مەن كۈچ - قۇدرىتىمنىڭ بارىچە كەينىدىن ئەگەشتىم . بىر يەرگە بـارسـاق ، سـەپەرگە تەييارلانغان ئىككى ئات تۇرۇپتۇ . ئـىـكـكـىـمـىـز يـەنـە گـەپ - سـۆزسـىـز بـىـردىـن ئاتـقا مـىـنىپ يۈرۈپ كەتتۇق . شۇ مـاڭغانچە شەھەرنىڭ چېتىدىكى جەزىرىگە يېتىپ باردۇق . ئاڭغۇچە يەر - جـاھان يـۇتـۇنـلـەي يورۇدى . قارىسام قۇتقۇزغۇچۇم باشتىن - ئايىغىغىچە قـوراللانـغان تەگداشسىز بىر رەنا ئىكەنكى ، ھۆسن - جامالىدىن ئاپتاپتەك نـۇر يـېـغىپ تۇراتتى . كۈتۈلمىگەندە ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە سۇ-غۇرۇپ مـاڭـا شـۇنـداق شـىـلـتـىـغـان ئىـدى ، چاققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى تاشلىۋالدىم - دە ، ئېيتتىم :

— ئى گـۈزەلـلـەر شـاھى ، تـونـۇشـمـاي تۇرۇپ مەن دىلى خۇنغا بۇنداق ئېغىر چاقچاق قىلغىنىڭ نېمىسى ؟

بېيىت

لۇتفى ئەيلەپ ئىلگىرى ، ئەمدى قىلامسەن ، يار ، زۇلۇم ،
بەر نىجاتلىق ئىنتىها① بولسۇن راۋان ھايات يولۇم .

— ئى شـور پـېـشـانە ، قەيەرلىك بەتبەختسەن ؟ — دېدى ئۇ ، — قانداق بولۇپ ماڭا يولۇقۇپ قالدىڭ ؟

— ئى سـەرۋ قـامەت ، ھاياتىمنىڭ ۋەسىل ئاپتىپى ، نىجاتلىق تېپى-شـىـمـنـىـڭ سەۋەبچىسى ئۆزۈڭدۇرسەن . مېنى سورىساڭ ، ھىجران پىراقتا يۈرىكى قانغا تولغان غېرىب دەردمەندۇرمەن .

---

① ئىنتىها — ئاخىرى ، ئاخىرىغىچە



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نەزم

بىكار كەتتى ئۆمرۈم ، ھەۋايى ھەۋەس ،
يۈرەك ـ كۆزۈم خۇنابلىقتۇر ، بولدى بەس !

ئۇ ، سۆزلىرىمدىن تەسرلەندى بولغاي ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى ، كۆڭلى يۇمشاپ مىنى ئۆلتۈرمەس بولدى .

ــ ئى پەلەكنىڭ زۇلۇملىرىدىن زەرداب بولغۇچى ، قىنى ماڭايلى ، ھازىر ئارتۇقچە پاراڭ قىلىشىدىغان چاغ ئەمەس ! ــ دىدى ئۇ .

بىز يەنە يولىمىزغا راۋان بولدۇق ، بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق . ئەمما ئۇ بىر ئىشتىن قاتتىق پۇشايمان يىگەندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى .

بىيىت
كۆڭۈلنىڭ خاھىشى تىزگىنىدە تۇرماس ،
خۇدانىڭ ھۆكمىدە ھىچ نۇقسان بولماس .

بىر يايلاققا بارغاندا ئىككىمىز ئاتتىن چۈشتۇق .

ــ خۇرجۇن ـ قاچىلارنى ئىلىۋىتىپ ، ئاتلارنى ئوتلاشقا قويۇۋەتكىن ، ــ دىدى ئۇ ماڭا تۇنجى قىتىم سىپايىلىق بىلەن سۆزلەپ . ئۆزىمۇ قىلىچ ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى ئىلىپ بىر چەتكە قويۇپ ئازادە ئولتۇردى . ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، ــ ئى دەردمەن كىشى ، ئەھۋالىڭنى تەپسىلىي بايان قىلغىن . ئۆزۈڭ زادى كىم ؟ نىمە ۋەجىدىن بۇنداق بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ گاڭگىراپ يۈرۈيسەن ، بىلىپ باقاي ؟

مەن بىشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قالدۇرماي ئىيتتىم . ئۇ ، تارتقان جەبر ـ جاپالىرىمنى ئاڭلاپ ، كۆڭلى پەرىشان بولغان ھالدا ئىيتتى :

ــ سەنمۇ بىلىپ قالغىنكى ، مەن بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىسىنىڭ مەلىكىسى بولىمەن . ئاتام مۇشۇ دىيارنىڭ پادىشاھىدۇر . بەھرۇز ئىسىملىك بىر يىگىت « زىندانى سۇلايمان »غا تاشلانغان بولۇپ ، ئاتىسى ئاتامنىڭ

ۋەزىرى ئىدى . بىر كۈنى پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ : « ئەمىرزادىلەر ئوردا ئالدىدىكى مەيداندا چەۋگانبازلىق قىلسۇن . تامام ھەرەم ئەھلى قەسىر تېمىغا چىقىپ تاماشا كۆرسۇن ! » دېگەن ئىدى ، بىزمۇ رۇخسەت بىلەن زەرپەردىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ، ھەممە غەم ـ قايغۇلاردىن خالاس ھالدا كۆڭۈل كۆزىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ تاماشا كۆرۈۋاتاتتۇق . تۇساتتىن بىر كارامەت يۈز بېرىپ ، بىر قارچىغا پەرۋاز ئەيلىگىنىچە بالا ساقىيىسىنىڭ جامىنى لىپمۇلىق تولدۇرۇپ جان دەرىخىمنىڭ يىلتىزىغا قۇيدى . بىر كۈنى بەھرۇزنىڭ باشقا ئەمىرزادىلەر بىلەن مەرتىۋىلىكلەر ساياھىتىگە چىققانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆڭلۈم مۇھەببەت شەۋقىگە مايىل بولدى . شۇندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ھىجران پىراقىدا ئۆرتىنىپ تاقىتىم تۈگىدى ، بۇنداق شەيدالىق،ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ جېنىمنى قاقشاتتى . ئەمما ھېچبىر ئامالىنى قىلالماي ئىنىكئانىغا كۆپ ئىنئاملارنى بېرىپ ئاخىر مەدەتكارلىقىغا ئېرىشتىم . ئۇ كۆڭۈل خاھىشىمنى چۈشىنىپ ، يىگىتنى خىلۋەتخانىغا باشلاپ كىردى . قاغجىرىغان قەلب ئېتىزىم تەشنالىققا قاندى . يىگىتمۇ مېنى كۆرۈپلا جانپىدالىق بىلەن ئاشىق ـ شەيدا بولدى . شۇنداق قىلىپ ، مەلۇم مۇددەتكىچە ئاشنالىق ئىشىكى ئېچىلىپ ، يىگىت مېنىڭ خىلۋەتخانامغا كېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى ، بىر كېچىسى قاراۋۇللۇق لىباسى كىيگەن پاسىبانلار قان تۆككۈچى قورالىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىرىپ ، كۆرگەنلىرىنى ئاتامغا بايان قىپتۇ . بۇ ، شەھەر خەلقى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاغ ئىدى . ئاتام غەزىپىگە پايلىماي يىگىتنى ئاتىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلۈمگە بۇيرۇدى . باشقىلار ئارىغا چۈشۈپ نۇرغۇن سالا ـ سۆلھىلەر ئارقىلىق ھۆكۈمنى « زىندانى سۇلايمان »غا تاشلاشقا ئۆزگەرتكۈزدى . مانا شۇندىن بۇيان ئۈچ يىل ئۆتتى . ئۇنىڭ تىرىك قالغىنىغا مىنىڭ شۈكرىكى ، ھېلىغىچە ھېچكىم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئىدى . ھەپتىدە بىر قېتىم يەتتە كۈن جان ساقلىغۇدەك يېمەك ـ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇۋاتاتتىم . بۈگۈن كېچە ئۇنى ئويلاپ يېتىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىشۇىدى ، غايىبتىن بىر سادا قۇلىقىمغا كىرىپ : « ئى مۇھەب-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بەت ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى، ئات بىلەن زۆرۈر لازىمەتلىكلىرىڭنى ئېلىپ تاغ تامان قەدەم قويغىن. يۈسۈپنىڭ كەمەندىنى زىندانغا تاشلاپ ئاشىقىڭنى قۇتۇلدۇرغايسەن. ئاندىن ئۇنى باشلاپ غۇربەت دەرياسىغا راۋان بول!» دېدى. «يا ئەلى!» دەپ چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھىممەت كەمىرىنى بېلىمگە مەھكەم باغلىدىم. چۈشۈمدە ئايان بولغان نەرسە - كېرەكلەرنى تەييارلاپ ساندۇقچىغا قاچىلاپ، غايىبتىن كەلگەن بېشارەتنىڭ ئىلھامى بىلەن ۋۇجۇدۇمدىن غەپلەتنى نېرى قوغلاپ: «ئەگەر تەقدىر - قىسمەت شۇ تەرىقىلىق بولسا ھېچكىم ھېچنېمە قىلالماس!» دەپ ئاللادىن كۈچ - مەدەت تىلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېنى زىنداندىن تارتىۋالدىم ...

ئۇ شۇلارنى بايان ئەيلەپ، خۇرجۇنىدىن نان، توخۇ گۆشى قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى چىقىرىپ، مۇشك ① سېلىنغان گۈل سۈيىگە قەنت قوشۇپ شەربەت تەييارلاپ ئالدىمغا قويدى. ئىككىمىز نازۇ نېمەتلەردىن يەپ - ئىچىپ قورساقلىرىمىزنى تويغۇزدۇق. ئاندىن مەن بۇلاقنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ يۈز - كۆز ۋە چاچلىرىمنى يۇدۇم، تېنىمنى سۈرتتۈم، تىرناقلىرىمنى ئالدىم، پاكىزلىنىپ ئۇ بەرگەن شاھانە لىباسلارنى كىيدىم. ئەمدى كاساپەت قاراڭغۇلۇقتىن پاراغەت يورۇقلۇقىغا يەتكەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن پاكلانغان روھىم ئۇرغۇپ، قىبلىگە سەجدە قىلىپ شۈكرى بەجا كەلتۈردۈم. ئول مەلىكە قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىمدىن ھەيران بولۇپ سورىدى:

— بۇ قانداق ئىش؟

— قۇدرەت ئىگىسىگە قۇللۇق بىلدۈرۈش ئىبادىتىدۇر! — دېدىم جاۋابەن، — ئۇ شۇنداق خىسلەتكە ئىگىكى، ھەممىنى ياراتقۇچى ھەم بېلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ ئاللا بىردۇر، ھەممە ئاللاغا موھتاجدۇر. ئاللا بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ. ئۇ پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ شۇنداق مېھرىبان ۋە رەھىم -

---

① مۇشك — قارا رەڭلىك خۇش پۇراق نەرسە.

شەپقەتلىككى، لۇتفى كەرىمى بىلەن سەندەك ھۆر سۈپەت گۈزەلنى ماڭا غەمخور قىلدى. مانا، سېنىڭ غەمخورلۇقۇڭ بىلەن دەرد - ئەلەمنىڭ زۇل- مەتلىك قارا داغلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلۈك بالقىغان ياخشى كۈنگە ئېرىشتىم.

ئۇنىڭغا ياراتقۇچى قادىر ئىگەمنىڭ پەزلى - كەرىمىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن كۇفر داغلىرى كۆتۈرۈلۈپ، تەڭدىشى يوق، يەككە - يېگانە ئاللانىڭ بارلىقىغا ئىشەن- دى. ئاندىن بىز ۋۇجۇدىمىزنى چىرمىغان پۈتكۈل غەم - ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ، كېچە - كۈندۈز دېمەي مېڭىپ، تاغ - دەشتلەردىن ئېشىپ، فەرەڭ بىلەن ۋەزىر ئابادنىڭ ① ئارىلىقىدىكى مىسىرغا يېقىن بىر شەھەرگە يەتتۇق.

بېيىت

ئورۇس، ئىسپىھانمۇ يېتەلمەس ئاڭا،
كۆرۈندى ئۇ گۈزەل بىر نەرگەس ماڭا.

ئۇل شەھەرنىڭ پادىشاھى ئادالەت، خەلقپەرۋەرلىك بابىدا تەڭداشسىز ئىدى. بۇ شەھەرنى ئۆز ۋەتىنىمگە ئوخشاش كۆرۈپ، ئۆزۈمگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالدىم. شەھەردە ئەجەملىكلەردىن بىر- قانچىسى ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر سودىگەر ۋە مەنسەپدارلاردىن ئىكەن، ئۇلار بىلەن تو- نۇشۇۋالدىم. ئاندىن سەپەر رەنجىدىن خالاس تېپىپ، توي تەييارلىقىنى قىلىپ مەلىكىنى شەرىئەت ئەھكامى بويىچە نىكاھىمغا ئالدىم. نازىنىننىڭ بىر ساندۇقچىدا قىممەت باھالىق ئۈنچە - جاۋاھىرلىرى بار ئىكەن، ئۇنى دەسمايە سېلىپ جاۋاھىرپۇرۇشلۇق دۇكىنى ئاچتىم. بۇ دىياردا ھۆرمەت - ئېتىبارغا ئېرىشىپ، ئۇلۇغ ئەربابلار ۋە كاتتا سودىگەرلەر بىلەن مۇناسە-

① ۋەزىر ئاباد — جاي ئىسمى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ۋەت ئورناتتىم . ئۈچ يىلغا يېتەر ـ يەتمەيلا كەسپداشلارنى ئاغزىمغا قاراتقۇدەك ئابروۋي ـ ئىناۋەتكە نائىل بولۇپ ، ئۇلارنىڭ سەردارىغا ئايلاندىم . ھال ـ ئەھۋالىم بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، بەخت ـ ئامەت يۇلتۇزۇم ئىززەت ئاسمىنىدا تېخىمۇ چاقناماقتا ئىدى . گۆھەر ـ جاۋاھىر تىجارىتى بىلەن بايلىقىم ئاشقانسېرى بۇ كۈنلەرنى نېسىپ ئەتكەن خۇدايىتائالاغا شۈكرىلەر ئېيتىشنى ئۇنتۇمىدىم .

بىر كۈنى ئەمىرلەر دەرگاھىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوردىغا يېقىن مەيداندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەندىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىۋىدىم ، « ئەجەملىك ئىككى كىشى ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىش ئالدىدا تۇرۇۋېتۇ » دېدى .ئى شەھرىيار ، بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ھەر خىل خىياللار كۆڭلۈمدىن كېچىپ : «ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىغان قايسى بىچارىلەردۇر ؟ » دەپ ، خەقلەرنى ئۈيان ـ بۇيان ئىتتىرىپ قارىسام ، ئۇ ئىككىسى ئاكىلىرىم ئىكەن . ئۇلارنى باش ـ كۆزلىرى يېرىلغان ، پۇت ـ قوللىرى سۇنۇق ، ئىمجان ھالەتتە سۆرەپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ .

ئۇلارنىڭ قانداقلا بولمىسۇن قېرىنداشلىرىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ، ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى ، ئاھىمنىڭ ئىسلىرى پەلەككە يەتتى ، قان ـ ياشلىرىم يۈزلىرىمنى ئېقىن ئەتتى .

شۇنىڭ بىلەن ھاكىمنىڭ ئادەملىرىنى چەتكىرەك تارتىپ ، ھەر بىرىگە بىر چاكىگالدىن تىللانى بېرىپ :

— بۇلارغا بېرىلىدىغان جازانى بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت كېچىكتۈرسەڭلار ! — دەپ ئىلتىماس قىلدىم .

ئاندىن ھاكىمنىڭ دەرگاھىغا كىرىپ ، 100 تىللاغا ساتىۋالغان بىر پارچە ئېسىل ياقۇتنى قولىغا تۇتقۇزۇپ ، ئاكىلىرىمغا شاپائەت تىلىدىم .

— بۇ ئىككىسى كىشىلەرگە نۇرغۇن زىيان سېلىپ ، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ ئۆلۈمگە بۇيرۇغان ، شۇڭا ئۇلارنى

قـۇتۇلدۇرماق تەس . ئەگەر زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنى ئالتۇن ئارقىلىق رازى قىلساق ، ئاندىن قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولۇرمىكىن ! ـــ دېدى ھاكىم .

مەن بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن ، ھاكىم زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنى چاقىرتىپ مەندىن بەش تىللا ئېلىپ بېرىپ تىلخەت ئالدى . شۇنىڭ بىلەن ئاكىلىرىم بالادىن قۇتۇلدى . ئۇلارنى ھاممامغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدۇردۇم ، ئۆز ئۆيۈمدىن پاناھلىق بېرىپ « يەنە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ يامانلىق قىلارمۇ » دېگەن ئويىمۇ خىيالىمغا يېقىن يولاتماستىن ، ئۇلارغا قۇللۇق بىلدۇرۇپ بېشىمنى ئايىغىغا قويدۇم ، نېمە تەلەپى بولسا بەجا كەلتۈردۈم . ئۇلار ئىجازەت بەرگەندىن كېيىنلا ئۆز ھەرەمىمگە قايتىپ ئارام ئالدىم .

تۇپتوغرا بىر يىل مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى . بۇ جەرياندا كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمىدى .

ئى شەھرىيار ، « بۆرە ھامان بۆرىلىكىنى قىلار » دېگەندەك ، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرمەس تەبىئىتى ۋە جاھىل ئەپت ـ بەشىرىسى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن يەنە باش كۆتۈردى . باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى ئايالىم ھاممامدا يۇيۇنۇپ كەلگەندىن كېيىن ، ئېھتىياتسىزلىقتىن يۈزىدىكى نىقابىنى ئالغان ئىكەن ، بەچچىغەرلەرنىڭ شەھۋانىي نۇر چاقنىغان كۆزلىرى ئۇل دىلئارامنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا چۈشۈپتۇ . شۇئان ئىشق ئوتى ئوتتۇرانجى ئاكامنىڭ سىنەسىگە تېگىپ نەچچە ۋاقىتلارغىچە ھىجران ئوتىدا كۆيۈپتۇ . ئاخىر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈپ ۋەسلى قۇچۇش نىيىتىگە كېلىپ ، چوڭ ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ . بۇنىڭ ئەپچىل چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ، سەپەر ئۈستىدە مېنى ئۇجۇقتۇرۇشنى پىلانلاپتۇ . مەن ئۇلارنى ئۆز ئاكىلىرىم چاغلاپ « ئازمايدىغان ئىنسان يوق ، ياخشىلىق قىلىۋەرسەم تەسىرلىنىپ يامان يولدىن يانار » دېگەن غەمدە يۈرۈپتىمەن . ئۇلار مېنى پاتراق ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋەسۋەسىسىدە كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمەپتۇ .

بىر كېچىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ، چوڭ ئاكام ئۆز يۇرتىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى ، ئوتتۇرانچى ئاكام يىغلاپ سالدى ؛ ئوتتۇرانچى ئاكام



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئەجەم ۋىلايىتىنىڭ كەم تېپىلىدىغان ياخشى تەرەپلىرى ئۈستىدە ئېغىز ئېچىۋىدى ، چوڭ ئاكام كۆز يېشى قىلىپ ھەسرەتلەندى .

مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق بىر نىيەتكە كېلىۋالغانلىقىنى ئۇقماي :

— ئى كۆزۈمنىڭ گۆھەرلىرى ، ئىككىڭلاردىكى ۋەتەن تۇيغۇسى مەندە سەپەر قىلىش ھەۋىسىنى تۇغدۇردى . كۆڭلۈڭلارنى خۇشال تۇ-تۇڭلاركى ، خۇدا خالىسا پات - پۇرسەتتە يۇرتىمىزغا باغرىمىزنى ياققايمىز ! — دېدىم .

ئاكىلىرىمنىڭ يۇرتقا قايتىش تەلەپلىرىنى ئاپتاپ تەلەت ئايالىمغا ئېيتقان ئىدىم ، ئۇ رازىمەنلىك بىلەن :

— قانداق قارار قىلغان بولساڭ ، پەرمانىڭنى ئاڭلايمەن ! — دېدى .

شۇنداق قىلىپ ، قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ، سەپەرگە ئاتلىنىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىغا كىرىشتىم . ھازىرلىقلارنى تەل قىلغاندىن كېيىن شەھەردىن چىقىپ سەھراغا چېدىر تىكتىم . سەپەرنى ئىختىيار قىلغان سودىگەرلەر تائىپىسىدىن بىر جامائە كىشى چېدىرغا جەم بولۇپ ، مېنى ئۆزلىرىگە ئاقساقال قىلدى . ياخشى سائەتنى تاللاپ غەم - قايغۇلاردىن خالاس تاپقان ھالدا يولغا راۋان بولدۇق . قېرىنداشلىرىمدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدىم . ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ نېمە سەۋەبتىن غەش ۋە پەرىشان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم ، يۇرت پىراقىدا ئۆرتىنىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم .

سەپەر ئۈستىدە توپتوغرا بىر ئايىنى ئۆتكۈزۈپ ، مەلۇم مەنزىلگە يەتكەن بىر كېچىسى ئۆزئارا پاراڭ ئارىلىقىدا ئاكىلىرىمدىن بىرى :

— ۋا دەرىخ ، ئەگەر يۇرتقا ئالدىرىمساق بۇ جايدا 1 — 2 كۈن تۇرۇپ تاماشا قىلساق قانداق ياخشى بولار ئىدى ! — دېدى .

— بۇ يەرنىڭ نېمە تاماشا قىلغۇچىلىكى بار ؟

— بۇ يەرگە قايسىدۇر بىر نۆۋەت كەلگەندە نەچچە كۈنگىچە تاماشا قىلغان ئىدۇق ، ئۇكام ، — دېدى ئۇلار گېپىدە چىڭ تۇرۇپ ، —

ئوڭ تەرەپتىكى مەيداننىڭ ئۈستىدە باغلار ، چىمەنلىكلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ نېرىسىغا بىر فەرسەخ ماڭساق بىر دەريا ـ ئېقىن بار ، ئەتراپىدا ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ جەننەتتىن نىشانە بېرىدۇ .

ــــ ئى قېرىنداشلىرىم ، ئۇنداقتا ئەتە شۇ يەرگە چۇشەيلى .

كارۋانلارغا تائام يېۋېلىشنى ئېيتتىم . تېخى تاڭ يورۇمىغان ئىدى ، ئاكىلىرىم مېنى چاقىردى . كىيىملىرىمنى كىيىپ بولۇپ ، ئاتلارنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدۇم . ئەمما ئۇلار : « ئاتقا مىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ، ياناـ شىمىزدا ئاتقا مىنىپ قايتىمىز ! » دېيىشتى .

بىز ئىككى كىشنى نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆتۈرۈشۇشكە ھەمراھ قىلىۋالدۇق . ئاكىلىرىم بىلەن مەن ئوقيالىرىمىزنى ئېلىپ مەنزىلگە راۋان بولدۇق . سۇبھى يورۇغاندا تەرانە ① بىلەن خۇشال ـ خۇرام كېتىۋاتاتتۇق ، ئاكىلىرىم سائادەتلىك قەدەملىرىنى ئەركىن بېسىپ ، گاھ ئالدىمدا ، گاھ ئارقامدا ماڭاتتى . ئازراق يول يۈرگەندىن كېيىن ، ئۇلار مەلۇم ئىشنى باھانە قىلىپ بىر كىشىنى كارۋانلار تۇرۇشلۇق جايغا ئەـ ۋەتتى ، ئۆزلىرى مېنى ھېكايىگە جەلپ ئېتىپ ماڭدى . ئەمما بىز بارغانسېرى ئوت ـ چۆپسىز ، قاغجىراق جەزىرىگە چىقىپ قېلىۋاتاتتۇق . يەنە بىرەر فەرسەخ يۈرگەندىن كېيىن تەرەت سىندۇرۇش ئۈچۈن دۈمبەمدىن ئوقيانى ئېلىۋېتىپ ، بىر دالدىدا ھاجەتكە ئولتۇرغان ئىدىم ، ئاكىلىرىمنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىپ قالدى . ئۇلار مېنى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپ قىلىچ ـ خەنجەرلىرىنى چاپاننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ يۈرگەن ئىكەن . شۇڭا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ماڭا قاراپ يۈگۈرۈشتى . تۇيۇشتىن چۆچۈپ ئارقامغا قاراپ بۇ شۇملۇقنى سېزىپ ئۈلگۈردۈم . ئاڭغۇچە چوڭ ئاكام قىلىچىنى شىلتىغان ئىدى ، بېشىمنى سىيپاپ ئۆتۈپ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە توختىدى . يەنە بىر چېپىۋىدى ، ئوڭدامغا يىقىلدىم . كۆڭلۈم ھالاكەتنى تۇيۇپ ، قازاغا رىزا بولدۇم . ئىككى تاش يۈرەك قېرىندىشىم بىرەھىملىك بىلەن تامام ئەزالـ

---

① تەرانە ــــ پارسچە ناخشا ـ كۈي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

رىمغا تىغ ئۇردىكى، تىتما - تىتما بولۇپ ياتتىم. بىچارە ئىت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ چاپانلىرىنى چىشلەپ يىرتقىلى تۇردى. ئۇلار ئىتقىمۇ تىغ ئۇرغان ئىدى، ۋاپادار جانىۋار غىڭشىپ يىقىلدى. ئاندىن ئۇلار كىشىلەرنى ئالدىماق ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ھەم زەخىم يەتكۈزۈپ، يالغاندىن مەجرۇھ بولۇۋالدى - دە، كىيىملىرى ۋەيرانە، يالىڭاياغ ھالدا كارۋانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئى يارەنلەر، تېز بولۇڭلار! بۇ يەردىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالايلى، قاراقچىلار ئىنىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككىمىزنى يارىدار قىلدى، تېز بولايلى، تېز ... — دەپ ۋارقىراشتى.

«قاراقچى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان كارۋانلار ئالاقزادە بولۇشۇپ بۇ يەردىن جېنىنى ئېلىپ قاچتى. ئايالىم ئاكىلىرىمنىڭ ئۆتكەنكى ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۆزىگە خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلۈۋالدى! — دەپ خوجائىتپەرەس ئۆز ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

ئى دەرۋىشلەر، ئول ئىتپەرەس خوجا — پاراسەت ئىگىسىنىڭ سۆزى شۇ يەرگە يەتكەندە ئاڭلاپ تۇرغان ھەممەيلەن ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ كەتتۇق. ئۇ بىزنىڭ يىغىمىزنى كۆرۈپ قوللىرىنى ياقىسىغا ئاپىرىپ زەرب بىلەن ئىككى تەرەپكە بىرلا تارتقان ئىدى، تون ئىككى پارە بولۇپ يالىڭاچ تېنىدىكى زەخىملەر ئاشكارىلاندى. بۇنى كۆرگەن مەجلىس ئەھلى قاراشقا پېتىنالماي كۆزلىرىنى ئېتىۋېلىشتى.

## شكاردىكى مەلىكە

بېيىت

جاھان تىغلىرى گەر ھۇجۇم قىلسىمۇ،<br>تەقدىردىن بىئىزنى كەسمەس موينىمۇ.

ئەقىللىق خوجا ھېكايىسىنى داۋام ئەتتى:

— شۇنداق قىلىپ، نادانلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان ئاكىلىرىم شەيتانىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن مېنى يېرىم جان ھالەتتە باياۋانغا تاشلاپ كەتتى. بۇ تىلسىز ھايۋان ئۆزىمۇ ئېغىر يارىدار تۇرۇقلۇق ھالىمغا ئېچىنىپ ياش تۆكمەكتە ئىدى. بەدىنىمدىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە ھوشۇمنى بىلمەيتتىم. بۇ زەخىملەرنى ساقايتىپ جېنىمنى ساقلاپ قېلىشقا كۆز يەتمەيتتى.

نەزم

قىلما غەم، ھەق لۇتفى ساڭا يار ئىرۇر،
بىر سەۋەب بىرلە ساڭا ياردەم چىقۇر.

نەسلى پىنھان چىن گۈزەلدۇر گۆھىرى،
دۇر سائادەت ئەۋجىنىڭكى ئەختىرى.

قەددى سەرۋىدۇر، يۈزى ھەم ئاي تامام،
ئىدى ئالەم خەلقى ئۇنىڭغا غۇلام.

ئى شەھرىيار، ئۇل قانخور باياۋانغا فەرەڭ دىيارىنىڭ بىر شەھرى يېقىن ئىدى. مۇقەددەس جاي ھېسابلانغان بۇ شەھەردە فەرەڭلەرنىڭ بۇتى بار ئىدى. فەرەڭ پادىشاھىنىڭ ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق، گۈزەل بىر قىزى بولۇپ، مەملىكەت دائىرىسىدىكى تامام شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇنىڭ داڭقى يېيىلغان ئىدى، شاھلار ۋە شاھزادىلەر ئۇل لەتاپەت شاھىنشاھىنىڭ ھۆسن پىراقىدا كۆيەتتى. قىز بولسا ھەر كۈنى كۈمۈش بەدەن گۈزەل قىزلاردىن بىرمۇنچىسىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ شىكار ۋە سەيلە - تاماشادا كۆڭۈل ئاۋۇندۇرۇپ يۈرەتتى.

پادىشاھنىڭ سەيلىگاھىغا يېقىن يەردە كاتتا بېغى بار ئىدى. مەلىكە ئاتىسىدىن 40 كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن شىكارغا رۇخسەت ئېلىپ، باغنىڭ ئىچىگە چېدىر - بارگاھ قۇرغۇزدى. ئاندىن خاس كىشىلىرى ۋە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

كېنىزەكلىرى بىلەن بوراندەك يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنىپ شىكار ئۈچۈن دەشتكە راۋان بولدى. ئۇلار بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇل گۈزەللەر سەردارىنىڭ كۆزى ماڭا چۈشۈپتۇ. ئۇ يېنىدىكى تېۋىپىغا: «ئەگەر بۇ زۇلۇم تارتىپ زەخىملەنگۈچىنى داۋالاپ ئازابتىن قۇتقۇزساڭ، ئەجرىڭگە مەندىن كۆپ ئىنئام ۋە شەپقەت - مېھرىبانلىقلارغا ئېرىشىسەن!» دەپتۇ. ئۇل تېۋىپ مەلىكىنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلىپ، مىنى ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن كىشىلەرگە كۆتۈرتكۈزۈپ باغقا ئېلىپ باردى. بىچارە تىلسىز ئىتىمۇ زەئىپ تېنىنى سۆرەپ ئارقىمىزدىن كەلدى. باغدا فەرەڭ دوختۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئۇستىلىرىدىن بىرى بار ئىكەن. ئۇ مېنىڭ جاراھەتلىرىمنى داۋالاشقا تۇتۇش قىلدى. ئاۋۋال مېنى قان - ياتقاقلاردىن خالاس تاپتۇرۇپ، ئاندىن يارىلىرىمغا مەلھەم سۇركەپ تاڭدى. فەرەڭلەرنىڭ زەئىپ تەننى ماغدۇرلاندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە سۇ ئورنىغا تازىلانغان گۈل شەربىتىنى ئاغزىمغا تېمىتتى. پەرى سۈپەت نازىنىن بولسا يېنىمدىن نېرى كەتمەي ھالىمغا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلاتتى. مەن ھەرىكەت قىلىپ بېقىشقا ئۇرۇنغان بولسامۇ، ماغدۇرۇم يەتمەسلىك تۈپەيلى ياتماقتىن ئۆزگە ئامالىم يوق ئىدى. ئۇل گۈزەلنىڭ مەندەك تەكتىنى ئۇقمايدىغان بىر نىمجانغا شۇنچىۋالا مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن تەسىرلەنگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، قالدۇق كۆز ياشلىرىم سەلدەك قۇيۇلاتتى.

ئۇ ئەھۋالىمنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سوراپ بىلگەندىن كېيىن، قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ:

— ئەمدى غەم - غۇسسىنى نېرى ئىتتىرىپ، خۇشال بولساڭ بولىدۇ. گەرچە زالىملار سېنى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا گىرىپتار قىلسىمۇ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىڭ! — دېدى.

ئى شەھرىيار، خۇدا ھەققىكى، تەقدىر - قىسمەت بىلەن ئاشۇنداق زەخىم - پەرىشان ھالدا تۇرۇپ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئاپتاپ تەلەتكە ئاشىق - بىقارار بولۇپ، ئەقىل - ھوشۇم تىزگىنى ئىختىيارىمدىن كەتتى. پەملىدىمكى، پەلەك ئۇل ئارامجاننىڭ كۆڭلىگىمۇ خەۋەر يەتكۈزۈپ،

ئىشىق ئوتىنى تۇتاشتۇرغان ئىدى .

— ئى شەھرىيار ، ھېكمەت ئىلاھىنىڭ بۇ قىسسەسىدە شۇنداق ئىشلار بايان ئەيلەندىكى ، ئول قۇياش سۈپەت باياۋاندا ئىگىسىز قالغان چېغىمدا شەپقەتچى ، مەجرۇھ ۋاقتىمدا ھەمشىرە بولدى . تەقدىر ئەسلىدە بۇ بىر پارچە ساپ ئەينەكنى كۇفرىلىق قاراڭغۇلۇقنىڭ رەڭگىدە بويىغان بولسىمۇ ، مەن بىچارىنىڭ ۋۇجۇد كۆلى ئۇنى بېسىپ چۇشۇپ ، ئىمانىنىڭ نۇرى ئول قاراڭغۇلۇقنى روشەن قىلغۇسىدۇر . 20 كۈن ئازابلىنىش ، پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتكەندىن كېيىن ، تېۋىپىنىڭ داۋا ـ ئەملىرى تەسىرىنى كۆرسىتىپ ، سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى . ئول مەلىكە ھەر كېچىسى خىزمەتكارلىرى ئۇخلىغاندا ئاستا يېنىمغا كىرىپ ، شاراب تۇتۇپ كۆڭلۈمنى كۆتۈرەتتى ۋە مېھرىبانلىق سۆيى بىلەن قاغجىرىغان دىلىمنى سۇغىراتتى .

بىر ئاي ئۆتكەندە زەخىملىرىم تولۇق ساقىيىپ ، ماغدۇرۇمغا كەلدىم . مەلىكە ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ تېۋىپقا دېگىنىدىن ئاشۇرۇپ ئىنئاملار بېرىپ شاپائەت يەتكۈزدى . ئۇنىڭ ئەمدىكى خۇشاللىقى مەن بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش ئىدى . ئۇنىڭ سىنەسىگىمۇ مۇھەببەت ئوقى تەگكەنلىكى روھىي ھالىتىدىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى ، بۇنى دوستلۇق پەردىسى بىلەن نىقابلاپ ، سەزدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى .

مەن كېسەللىك ئاسارىتىدىن پۈتۈنلەي خالاس تاپقاندىن كېيىن ، ۋۇجۇدۇمنى جاراھەت پاسكىنىچىلىقلىرىدىن تازىلاپ ـ يۇيۇنۇپ ، مەلىكە بەرگەن شاھانە لىباسلارنى كىيدىم ـ دە ، ئۇنىڭ خاس مەھرەملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم .

بىرقانچە كۈن مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى ، ئاللانىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ، ئول نازىنىنىنىڭ ھۆسن ـ جامال ئاپتىپىنىڭ تەپتى ، ياخشى تائام ـ شارابلارنىڭ قۇۋۋىتىدىن بارغانسېرى ئەسلىي ھالىتىمگە كېلىشكە باشلىدىم . مەست بولۇپ كەيپىم كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەتتىم .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىمنى ئاڭلىغان مەلىكە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ :

— ئى يىگىت ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، مەن شۇنداق مېھرىبانلىقلارنى كۆرسىتىمەنكى ، تەقدىر بېشىڭغا كەلتۈرگەن بالا - قازالارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىسەن ! — دەيتتى .

— ياخشىلىقلىرىڭ ھەققىگە پىدادۇرمەن ! — دەيتتىم جاۋابەن .

بېيىت

ناز - كەرەشمە ، جىلۋەڭ بىرلە ئەيلىدىڭ نىمجان مېنى ،
قانچە قىلساڭمۇ يەنە ھېچ ئۇنتۇمايمەن ، يار ، سېنى .

ئىلاھىنىڭ لۇتفى كەرىمىنىڭ سايىسى ۋە ئول نازىنىنىنىڭ ھەددى ھېسابسىز مېھرىبانلىقى ۋەجىدىن ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىۋاتاتتىم . شېرىن سۆھبەتلىرىمىز تاڭ ئېتىپ كەتسىمۇ تۈگىمەيتتى . ئۇنىڭ ئىشقىغا بولغان گىرىپتارلىقىم بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى .

ئاخىر قىز شەھەرگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن شاھ ئاتىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن مېنى ئۆزىنىڭ مۇلازىملار قوشۇنىغا نەۋكەر قىلدى ، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كۈندە نەچچە ۋاخ ئېسىل تائام ۋە شارابلارنى كىرگۈزۈپ تۇردى . كەچ بولۇپ ئەل ئۇيقۇغا پاتقاندا غىمىسىدە يېنىمغا كىرەتتى - دە ، تاڭ ئاتقۇچە تۇرۇپ ئاندىن قايتىپ كېتەتتى . مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە بۇ ئىشتىن ئىنىكئانا خەۋەر تېپىپ قېلىپ ئۇمۇ بىللە كېلىدىغان بولدى . مەن پۇرسەت تاپسامىلا ئىبادەتكە مەشغۇل بولاتتىم .

بىر كېچىسى مەلىكە ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە كەتكەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تەرەت ئالدىم - دە ، ئادىتىم بويىچە ئىبادەتكە كىرىشتىم . يېرىم كېچە بولغاندا مەلىكە ئاتىسىنىڭ قېشىدىن چىقىپ ، ئۇخلايدىغان خاس ھۇجرىسىغا كېتىۋېتىپ ئىنىكئانىسىغا :

— يۈرگىن ، ئەجەملىكنى كۆرۈپ كېلەيلى ، ئۇ ئۇخلاپ قالدىمۇ ياكى بىدار بولۇپ بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتامدۇ ؟ — دەپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىپ مېنى تاپالماپتۇ .

مەلىكە بۇ ھالدىن ئەجەبلىنىپ : « بۇ قانداق ئىش ؟ يا بۇگۈن يالغۇز قالغان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بىرەر كېنىزەك بىلەن خىلۋەتتە ئەيش پەيزىنى سۈرۈۋاتقانمىكىن ؟ » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، باغنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپتۇ . ئىبادەت قىلىۋاتقىنىمغا كۆزى چۈشكەندىن كېيىن بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىلمەي ھەيرانلىقتا بىر بۇلۇڭغا بېكىنىپ پۈتكۈل ھەرىكەتلىرىمنى كۆزىتىپتۇ ، سەجدە قىلىپ بېشىمنى يەرگە قويغىنىمدىن تارتىپ نامازدىن پارىغ بولۇپ قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈرگىنىمگىچە « تاماشا » ئەيلەپ ، مېنى « ساراڭ بولۇپ قاپتۇ » دەپ ئۈستۈمدىن كۈلۈپتۇ .

مەن تۇيۇقسىز چىققان كۈلكىنى ئاڭلاپ دەرھال مەلىكىنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىشىمگە :

— ئى ئەزىز ، نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

مەن ئېغىز ئاچالماي ، ھەيران - ھەس بولۇپ تۇرۇپ قالدىم . چۈنكى مۇسۇلمانچىلىق خۇسۇسىدىكى گەپ - سۆزلەر فەرەڭلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى . ئاغۇچە ئىنىكئانا ئېيتتى :

— ئى مەلىكە ، بۇ ئەجەملىك مۇسۇلمان ئىكەن ، مۇسۇلمان دېگەن لات - مىناتنىڭ بۇتلىرىغا دۈشمەندۇر . ئۇلار كۆرۈنمەيدىغان خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ .

مەلىكە ھەيرانلىقتىن قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ، ئارقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەپ :

— ئۇلۇغوار بۇتنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىماپتىمۇ ؟ ئۇنىڭ بىزنىڭ خۇدالىرىمىزنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرماي بىھۇدە قۇتقۇزۇپتىمەن !— دەپ ئاچچىقلاندى .

مەلىكە بىلەن ئىنىكئانا خاپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆزۈمنى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

يوقتىپ يىغلىدىم. شۇ يىغلىغانچە سۈبھى يورۇغىچە توختىمىدىم. پەقەت
تاڭ ئاتقاندىن كېيىنلا ئۆز ھۇجرامغا كىرىپ ئىشىكنى ياپتىم ـ دە،
بۇلۇڭغا تىقىلىپ ھەسرەت ـ نادامەتلەر چەكتىم، ئاھىمنىڭ ئىسلىرى پە-
لەككە يەتتى. شۇنداق قىلىپ، توپتوغرا ئىككى كېچە ـ كۈندۈزنى ئول
نىگارنىڭ ھىجر ـ پىراقىدا نالە ـ پەرياد چېكىپ ئۆتكۈزدۈم. ئۈچىنچى
كېچىسى تۈن نىسپىدە ئول ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ قىبلىسى شارابىنىڭ
كەيپىدىن مەستخۇش بولۇپ ئىنىكئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرامغا يې-
قىنلاپ، دەرەخ تۈۋىدىلا ئولتۇرۇپ ئىنىكئانىدىن شاراب تەلەپ قىلدى.
ئىنىكئانا دەرھال جامنى تولدۇرۇپ ئۇنىڭغا تۇتتى. مەن بولسام بىقارارلىق
شارابىغا تەلمۈرەتتىم، بەدەنلىرىم كۆيۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار 2 —
3 جامدىن ئىچىشكەندىن كېيىن، مەلىكە ئىنىكئانىسىدىن سورىدى:

— ئول يىگىت ئۇلۇغۋار بۇتنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغانمىدۇ ياكى
تىرىكمىدۇ؟

— تېخى تىرىككەن! — جاۋاب بەردى ئىنىكئانا.

— كىرىپ ئېيتقىنكى، تاشقىرىغا چىقىپ ماڭا كۆرۈنگەي!

ئىنىكئانا بوسۇغىدا تۇرۇپلا مېنى چاقىردى. مەن تاقەتسىزلىك
ئىلكىدە يۈگۈرۈپ چىقتىم. ئول قۇياش تەلەت نازىنىن كۆزۈمنى چاقنىت-
ۋەتتىكى، تەپتىدە ئېرىپ سۇغا ئايلىناي دېدىم. دەرھال ئالدىغا يۈكۈنۈپ
يەر ئۆپۈپ، ئاندىن بىر چەتكە بېرىپ لەۋز تەمەسىدە تۇردۇم. ئۇ بىرەر
ئاش پىشىمغىچە قاراپمۇ قويمىدى، ئاندىن:

— ئى ئىنىكئانا، مەن دىنىمىزنىڭ دۈشمىنىگە غەزەپ ئوقلىرىنى
ياغدۇرۇشۇم كېرەككى، بولمىسا ئۇنى قۇتقۇزغان گۇناھىمنى بۇت بۈز-
رۈكۋارلىرىم كەچۈرمەيدۇ! — دېدى.

— بالانى توسقۇچۇڭ بولغايمەنكى، سېنىڭ ھېچبىر گۇناھىڭ
يوقتۇر! — دېدى ئىنىكئانا، — ئۇنىڭ دوست ياكى دۈشمەنلىكىنى بىر
قاراپلا بىلگىلى بولماس. ياخشىسى، ئۇنىڭ جازاسىنى بۇت ـ
بۈزرۈكۋارلارغا قويغايسەن.

— ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغىن ، — دېگەن سۆز بىلەن ، ئىنىك-ئانا ماڭا ئىشارەت قىلدى .

ئولتۇرغىنىمدىن كېيىن ، مەلىكە بىر جامنى تولدۇرۇپ ئىچىۋېتىپ ، ئىنىكئانىغا :

— ئىچكۈسى بولسا ئۇنىڭغىمۇ قۇيۇپ بەرگىن ، كۆڭلى كۆتۈرۈلسۇن ، كېتەر ۋاقتىدا ئازار يەتمىگەي ! — دېدى .

ئىنىكئانا جامنى تولدۇرۇپ ماڭا تۇتتى ، بىر سۇمۇرۇپلا ئىچىۋېتىپ ، مەلىكىگە يەر ئۆپۈپ يېلىندىم . ئەمما ئۇ مەن تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى . پەقەت خۇشى تۇتۇپ قالسا ئىنىكئانا بىلەنلا سۆزلىشەتتى . دېدىمكى :

بېيت

مەن دىلىڭدىن چىقمىدىم ھەردەمدە ئاھ - زارىڭ بولۇپ ،
قارىساڭچۇ بىر قېتىم دىلخەستىگە كارىڭ بولۇپ .

مەلىكە بۇ بېيتنى ئىشتىپ مىيىقىدا كۈلدى . ئاندىن چاندۇرماس-لىققا تىرىشىپ ئىنىكئانىدىن قەستەن سوراپ قويدى :

— ئى ئانا ، ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ ؟ دۇشمەننى ھېچ چاغلىيالمايۋاتىسەن .

ئىنىكئانا بۇ سۆزدىن پەملىدىكى :

مىسرا

ياخشى ئىشتا ئۇخلىغانلار ھاجەت ئەمەس ئېھتىياج .

ئىنىكئانا ئورنىدىن قوپۇپ ياتاق ئۆيى تامان يۈردى . مەلىكە بىرەر ئاش پىششىمچە ئۆتكەندىن كېيىن شاراب تەلەپ قىلدى . چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ قەدەھنى تولدۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن تۇتتۇم . ئۇ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ جامنى ماڭا ئۇزاتقاندا قولىغا سۆيۈپ ، ئايىغىغا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

يىقىلىپ كۆپ يالۋۇردۇم .

قۇياش تەلەت نازىنىن قولىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ :

— ئى بىئەقىل جاھىل ، بۇت - بۇزرۇكۋارلاردىن نېمە يامانلىق كۆردۇڭ ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق گۇمراھ بولۇپ ، كۆرۈنمەيدىغان خۇداغا ئېتىقاد قىلىسەن ؟ — دەپ چالۋاقىدى .

جاۋابەن ئېيتتىم :

بېيىت

مېنى گۇمراھ دېمەك توغرا ئەمەستۇر ،

بۇتپەرەسنىڭ ئاللانى بىلمىكى تەستۇر .

مېنىڭ خۇدايىمنى ماختاشقا ئەرزىيدۇكى ، ئۇ سەندەك گۈزەللەر شاھىنى بىر قەترە سۇدىن ئاپىرىدە قىلدى . بۇتنى بولسا زىبۇزىننەت سۈپىتىدە ھەركىم خالىغانچە ياسىۋالىدۇ . روشەنكى ، ئالتۇندىن ياسالغان بۇتمۇ ھېچنىمىگە قادىر ئەمەس . بۇت ياساش شەيتاننىڭ قاپقىنىدۇر ، شۇ ئارقىلىق گۇمراھلارنى بېھىشتىن مەھرۇم قىلىپ جەھەننەمگە ھەيدەيدۇ . ئەگەر خۇدايىتائالاغا بەندە بولماقنى ئىستىسەڭ ، بۇ يولدىن يېنىپ ھەقنىڭ يولىغا يۈزلەنگىن . شۇ چاغدىلا بۇ يولنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇپ ، ئاللانىڭ قۇدرىتىنى بىلەلەيسەن !

ئى شەھرىيار ، ئاللانىڭ لۇتفى كەرىمى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۇفرىلىق قاراڭغۇلۇقى كۆتۈرۈلۈپ ، ھىدايەت يولىنىڭ سالىكى بولدى . « كەلىمە تەييىبە »نى ئوقۇپ ، چىن دىلىدىن مۇسۇلمانلىق شەرتىنى ئادا قىلدى . بۇ ھالدىن سۆيۈنۈپ ، ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويدۇم ، ئىزلىرىغا سۆيدۇم . ئۇ تاكى سۇبھىغىچە يىغلاپ ئىستىغپار ئېيتىپ ، چىن كۆڭلىدىن تۇۋا قىلىپ ئاللانىڭ ھىدايىتىنى تونۇدى ھەم ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈردى . ئاندىن ماڭا ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، ئاتا - ئانىلار بۇتپەرەستۇر ، ئۇلارنى قانداق

قىلارمەن ؟

مەن جاۋابەن دېدىم :

— بۇنىڭ ساڭا ھېچ دەخلىسى يوقتۇر .

— مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى ئىدى ، مەن ئۇ بۇتپەرەسنى ۋەسىل ئېتىشكە ئۇراپ ، ئەر - خوتۇنچىلىق مېھرىنى پەرۋىش قىلسام قانداق بولىدۇ ؟ ! ئەلۋەتتە ، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ ھالاكەت گىردابىدىن نىجاتلىق تېپىشىم كېرەك .

— بۇ رايىڭغا باغلىقتۇر .

— ئۇنداقتا بۇ مەملىكەتتىن قاچايلى .

— قانداق تەدبىر قىلماقچىسەن ؟

ئۇ ئېيتتى :

— سەن بىرنەچچە كۈن بالدۇر مېنىڭ خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ بېرىپ ، مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تۇرغىن ، ئادەملىرىم سېنى ئۇنتۇسۇن . بۇ ئارىلىقتا ئىنىكئانىدىن ئالتۇن - گۆھەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن . قاچان ئەجەملىكلەر دېڭىز سەپىرىنى ئىختىيار قىلسا دەرھال خەۋەر بەرگىن . پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆزىمىزنى كېمىگە يەتكۈزۈپ ، ئىمانىمىزنى كاپىرلارنىڭ بالاسىدىن جان بىلەن خالاس تاپقۇزغايمىز .

— ساڭا پىدادۇرمەنكى ، ئىنىكئانىنى قانداق قىلماقچىسەن ؟ — سورىدىم .

مەلىكە دېدى :

— غەم يېمە ، ئۇنىڭ ئىشى ئاساندۇر .

بېيىت

بىرۇرمەن جاملاپ مەي ھوشىن ئۇقالماس ،
قىيامەت بولغۇچە ھەرگىز تۇرالماس .



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

مەلىكە قارارىنى شۇنداق بېكىتىپ ، مېنى خىزمىتىدىن بوشاتتى . مەن جۇدالىقتا تەن بېرىپ ، ھەسرەت ـ نادامەتلەر ئىلكىدە كارۋانلار تۇرۇۋاتقان سارايغا بېرىپ ماكانلاشتىم . ئەمما كۆزۈمدىن كېچە ـ كۈندۈز ياش قۇرۇمايتتى . خېلى ۋاقىتقىچە شۇ تەرىقىدە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم .

بۇ شەھەردە ئەجەم ، تۈركىستان ، خۇراسانلاردىن كېلىپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن سودىگەرلەر بار ئىدى . ئۇلار سۇ يولى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بولۇپ ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى شەھەردىن بىر فەرسەخ نېرىدىكى « بەندەر » گە يۆتكەشكە رۇخسەت ئالدى ۋە ئۇدۇللۇق كېمە بار جايغا توشۇش بىلەن مەشغۇل بولدى . ئاڭغۇچە مەن ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ ئۈلگۈرگەن ئىدىم . شۇڭا بەزىلەر مېنى بىرگە مېڭىشقا دالالەت قىلىشاتتى ، مەنمۇ قايتىش تەييارلىقىدا ئىكەنلىكىمنى ئېيتاتتىم .

بىر كۈنى مەن سودىگەرلەرگە :

ــــ ئەگەر خالىساڭلار مەنمۇ سىلەر بىلەن كېتىۋالاي . ئەمما مېنىڭ شەھەردە ئاز ـ تولا نەرسە ـ كېرەكلىرىم بىلەن بىر كېنىزەك ، بىر ئىت ۋە ساندۇقۇم بار ئىدى . بۇلارنى جايلاشتۇرۇشقا كېمىدىن مۇۋاپىق ئورۇن تەيىنلەپ ، كىرا كېمىسىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرساڭلار ، مەن ئۇ نەرسىلىرىمنى ئېلىپ كېلىۋالسام ، ــــ دېگەن ئىدىم ، ئۇلار دەرھال قوشۇلۇپ ، كېمىچىنى چاقىردى ـ دە ، ماڭا ئاتاپ جاي ئېلىپ قويۇشنى تاپىلىدى . چۈنكى كېمىنىڭ ھۆجرىلىرى ئىگىلىنىپ بولۇنغان ئىدى .

مەن كېمىدىكى ئۆزۈمگە تەئەللۇق ئورۇننى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن ، شەھەرگە قايتىپ بېرىپ ، بايا ئېيتقان نەرسىلەرنى دەريا بويىغا توشۇتقۇزۇپ كېمىگە بېسىشقا تەخلەپ قويدۇم . كېمە لەنگەرنى ئالسىلا يۈرۈپ كېتەتتى .

كېمىچىگە سەل تەخىر قىلىشنى ئېيتىپ ، « كېنىزەك »نى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرگە ماڭدىم . ئوردىغا يېتىپ بېرىپ ، ئىنىكئانىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئېيتتىم :

ــــ ئى مېھرىبان ئانا ، ۋەتىنىمگە قايتماقچى بولۇپ ، سىلەر بىلەن

خوشـلـىـشـىۋېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ كەلگەن ئىدىم. ئۈمىد قىلى-
مەنكى، سېـنىـڭ يـاردىـمىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم مەلىكىنىڭ يۈزىنى
سۆيـۈپ، رەھمـىتىمنى بىلدۈرۈۋالسام. كېمە ئەتە ماڭاتتى، بۈگۈن كېچە
ئارزۇيۇمغا يەتكۈزگەيسەن!

يىلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىمدىن كۆڭلى ئېرىگەن ئىنىكئانا:

— ئۇنداقتا، سەن ھەرەمگە يېقىن بىر جايدا تۇرۇپ تۇرغىن. مەن ھەرەمگە كىرىپ مەلىكىگە ئېيتىپ باقاي، ئەگەر تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلسە مۇرادىڭغا يېتەرسەن، — دەپ، ساقلايدىغان جاي ۋە ۋاقىتنى بېكىتىپ بەردى.

كەچ بولغاندا، ئىنىكئانا كۆرسەتكەن يەرگە بېرىپ تەقەززا - ئىنتىزارلىقتا ئولتۇردۇم. ئىنىكئانا ئۆز ۋەدىسى بويىچە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مەسلىھەت بېرىپتۇ. مەلىكە ئىنىكئانىنى قايتۇرماپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا كېنىزەكلىرىگە ئۇخلاشقا ئىجازەت بېرىپ، ئاندىن ئىنىكئانىنى ئەس - ھوشىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست قىلىۋېتىپتۇ - دە، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، بالدۇرلا تەييارلاپ قويغان ئۈنچە - جاۋاھىر ساندۇقنى ئېلىپ ھەرەمدىن چىققان بويى قېشىمغا كەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ساندۇقنى مەن كۆتۈردۈم. ئىككىمىز يولغا راۋان بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە دەريا بويىغا يېتىپ كەلدۇق. لەڭگەرگاھتا كىچىك كېمىدىن بىرنى ياللاپ، نەرسىلەرنى باستۇق - تە، چوڭ كېمىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. خىسلەتلىك ئىنتىم ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقىنىنى سەزگەندەك خاتىرجەم ئۇخلاشقا باشلىدى. بىز كۈن چىققاندا كىچىك كېمىدىن چۈشۈپ جىھازغا ① كىردۇق. لەڭگەرلەر ئېلىۋېتىلىپ، يەلكەنلەر كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن كېمە قوزغالدى. ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ، يۇرت ھەققىدە قىزغىن پاراڭ قىلىپ ئولتۇردۇق. كېمە داۋالغۇپ يولنى داۋام ئەتتۈرۈۋەردى. كېمە بىر خىل سۈرئەت بىلەن مېڭىپ، چاشكا ۋاقتى

① جىھاز — چوڭ كېمىلەرنىڭ مال - ئەشيا قاچىلايدىغان ئۆيى.



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولغاندا، بەندەرگاھ تەرەپتىن ئېتىلغان توپنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كېمىچى دەرھال كېمە لەنگىرىنى تاشلاپ توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. سودىگەرلەر نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ئالاقزادىچىلىككە چۈشتى.

بىز ئۇلارغا:

— بەندەرگاھتىكى ناكەسلەر ئاتقان توپ ئوقىنىڭ ئاۋازى! — دېدۇق.

ئەلقىسسە: سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ياقتۇرۇپ ئېلىپ قاچقان كېنىزەكلىرى بار ئىدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كېنىزەكلىرىنى ساندۇقلارغا سولىدى. مەنمۇ ئەھۋالدىن خەۋپسىرەپ ئۇ قىممەتلىك «گۆھەر»نى ساندۇققا سولاپ تۇراتتىم، شۇ ئەسنادا ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلگەن كېمىدىن پادىشاھنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ كېمىمىزگە ئۆتتى.

ئى شەھرىيار، ئۇلارنىڭ قوغلاپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى ئايدىڭ ئىدى. شۇ كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە پادىشاھ ئۆز قىزىنىڭ غايىب بولغىنىدىن خەۋەر تېپىپ، جاي - جايلاردىكى شاھ بەندەرلىرىگە پەرمان چۈشۈرگەن. «قاتتىق تەكشۈرۈلسۇنكى، مەملىكەت دائىرىسىدىكى ھەرقانداق جايدا سودىگەرلەرنىڭ كېنىزەكلىرى بولسا مېنىڭ نەزىرىمدىن ئۆتكۈزۈلگەي! — دېيىلگەن ئىدى پەرماندا، — رۇخسىتىمىسىز بىرىمۇ بۇ ۋىلايەتتىن چىقمىسۇن. ئوردىغا بىر كېنىزەك لازىمكى، ياراپ قالسا باھاسىغا چىقىپ ئالتۇن بېرىلىدۇ، قالغانلىرى قايتۇرۇلىدۇ!» بۇ پەرمان بەندەر بېگىگە يەتكەندىن كېيىن، دەسلەپ توپ ئېتىپ ھەيۋە كۆرسەتكەن، بۇ چارە ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن قوغلاپ كەلگەن.

ئارىمىزدىكى سودىگەرلەردىن بىرى كېنىزىكىنى ساندۇققا يوشۇرغان ئىدى، بىر چاغدا بەندەر بېگى كېلىپ ئاشۇ ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆز مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. سودىگەرلەرنىڭ ساندۇققا يوشۇرمىغان كېنىزەكلىرىمۇ بار ئىدى. مۇلازىملار پادىشاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ئۇلارنى قايتۇرۇپ ھىجازغا ئېلىپ كەلدى.

بىر كىشى بەندەر بېگىنىڭ ئۇدۇلىدا بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇراتتى ، بەندەر بېگى چېقىشىپ سورىدى :

— ئى خوجا ، سېنىڭ كېنىزىكىڭ قەيەردە ؟

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب بەردى :

— ئى بېگىم ، ئەزىز بېشىڭىزنىڭ ھەققىدە كېنىزىكىمنى يالغۇز مەنلا ساندۇققا سولىغىنىم يوق ، بەلكى باشقا يارەنلەر ھەم شۇنداق قىلدى .

بەندەر خوجايىنى بۇنى ئاڭلاپ ، ساندۇقلارنى ئاچتۇرۇپ ، ھەممە كېنىزەكلەرنى كېمىسىگە سالدى . ئۇلارنىڭ قاتارىدا مېنىڭ دىلدارىممۇ بار ئىدى .

بەندەر خوجايىنى شۇنداق دېدى :

— بۇگۈن بۇ كېنىزەكلەرنى پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزىمىز ، پادىشاھقا يارىغىنىنى قىممىتىنى بېرىپ ئوردىدا ئېلىپ قالىمىز !

سودىگەر ۋە يولۇچىلار بۇ ئىشتىن دىلى ئازار يېگەن ھالدا پەرىشانلىق ئىلكىدىكى باشلىرىنى غەم پاتقىقىغا پاتۇرۇپ ، خىيال ئەسرىگە ئايلاندى . مېنىڭ ھالىم ھەممىسىدىنمۇ زىيادە خاراب بولۇپ ، باغرىم كاۋاپ ، كۆزلىرىم خۇناب ئىدى . ھەرقانداق ئىشقا جانىنى تىكىپ قويغان بولسامۇ ، دەردىمنى كىشىگە ئېيتالمايتتىم . ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلەپ :« بۇ پىتنىگە يولۇقمىغان بولساڭ ، جېنىڭنى بىھۇدە قىينىماس ئىدىڭ . ئۆزۈڭنى ھالاكەت يولىغا باشلاپ ، تۈگىمەس دەرد - ئەلەمگە قالدىڭ ! » دەيتتىم . ھەق سۇبھانە ۋەتە ئالاغا سېغىنىپ مۇناجات قىلماقتىن ئۆزگە ئامالىم يوق ئىدى .

كەچ كىرگەندە ، كېنىزەكلەرنى ئېلىپ كەتكەن ھېلىقى كېمە بەندەر تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى . سودىگەرلەر بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى . يېقىن كەلگەندە قارىسام ئول ئاي يۈزلۈكتىن باشقا كېنىزەكلەر سالامەت قايتىپ كەپتۇ . كېمىچىدىن سورىۋىدىم ، « پادىشاھ ئېلىپ قالغان بولسا كېرەك » دەپ جاۋاب بەردى . سودىگەرلەر ماڭا تەسەللى بېرىپ : « بولدى غەم قىلمىغىن ، قىممىتىگە لايىق پۇل يىغىش قىلىپ بېرەيلى »



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دېيىشتى. مەن بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلماي، پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرىغا يولۇمدىن قايتىپ «كېنىزەك»نى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئىجازەت بېرىشنى ئېيتتىم-دە، ئۇلارغا پۇل-ماللىرىمنى بېرىپ، ساندۇقۇمنى كېمىسىگە سالدىم. باشقا نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ، بەندەر تامان راۋان بولدۇم. ئىتمۇ مەندىن ئايرىلغۇسى كەلمەي كېمىگە چىقتى. بەندەرگە يېتىپ بارغاندا ساندۇقچىدىن باشقا نەرسىلىرىمنى بەندەر خىزمەتكارلىرىغا بېرىۋېتىپ، ئۆزۈمنى مەخپىي تۇتقان ھالدا دەريا بويلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈردۈم. مۇددىئايىم مەجنۇن كەبى ھېسسىياتتا نىگارىم «لەيلى»نىڭ خەۋىرىنى كۈتۈش ئىدى. نەچچە كۈنلەرگىچە دەرۋىشانە كۈن كەچۈرۈپ، يار ئىشقىدا ئىنتىزار-بىتاقەت بولغان بولسامۇ ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدىم. تۈرلۈك ئاماللارنى ئىشلىتىپ ئوغرىلىقچە ئوردىغا كىرىپمۇ ئۈمىدىمنىڭ يوققا چىقىشىنى نەدىن بىلەي؟ يەنە ئامالسىز بەندەرگە قايتىپ كېلىپ، كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى. ئاشۇ تەرىقىدە بىرەر ئايغىچە چىقمىغان دۆك، چۈشمىگەن ئوي قالماي، دەشتۇچۆللەردە كېزىپ يۈرۈپ، بىر كېچىسى تۇيۇقسىز خىيالىمغا: «بەندەر بېگى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك» دېگەن پىكىر كېلىپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ كىرىشنىڭ ئامالىنى تاپالمىدىم. ئاخىر سۇ كىرىدىغان بىر سۇ كۈڭگۈچنى كۆرۈپ قالدىم. لېكىن بۇ يوچۇق مۇستەھكەم بېكىتىۋېتىلگەن ئىدى. ئامالسىز كېيىملىرىمنى سېلىپ سۇغا شۇڭغۇدۇم-دە، مىڭ بىر جاپادا بىر تۆشۈك ئېچىپ ھەرەمخانىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۇيان-بۇيان تىمىسقىلاپ يۈرگىنىمدە بىردىنلا تونۇش بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردىكى، سەپسېلىپ قارىسام ئول نازىنىن دەرەخلەر ئارىسىدا ئاللاتائالاغا مۇناجات ئېيتقىلى تۇرۇپتۇ. يېقىنلاپ بېرىپ ئۇنى كۆردۈم. قۇياش مەسەللىك نىگار يۈزىنى ئاجىزلىق تۇپرىقىغا سۈرتكىنىچە: «خۇداۋەندا، ئول جامائەتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يېڭىدىن ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغان مەن بىچارىگە رەھىم ئەيلەپ، بۇ بالادىن نىجاتلىق تاپتۇرساڭ. ئول ئاجىز غېرىبنىڭ دالالىتى بىلەن ھىدايەت تاپقان ئىدىم. شۇنىڭ شاراپىتى ئۈچۈن

بولسمۇ غەمخارىمغا مېنىڭ ۋىسالىم بىلەن ھاياتلىق بەرگىن !

بېيىت

بولدۇم ئەمدى بىچارە ، زار ۋە ئەسىر ،
موھتاجلارغا ئىرۇرسەن سەن دەستىگىر »

دەپ تىلەك تىلىگىلى تۇرۇپتۇ .

ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قول ـ پۇتلىرىغا سۆيدۇم . ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئېيتتى :

— راست ، خۇدايىمىز ھەقىقەتەن رەھىم قىلغۇچىدۇر !

مەن ئىشقىمنىڭ زىيادىلىكىدىن بىخۇد بولۇپ يىقىلدىم . بىر چاغدا ھوشۇمغا كەلگەن ئىدىم ، ئول جانان قۇياشتەك ئىللىق چىراي ئېچىپ ، ھال ـ ئەھۋال سورىدى ، ئاندىن ئېيتتىكى :

— ئۇ كۈنى شاھى بەندەرنىڭ پەرمانى بىلەن كېمىگە چىقتىم . خۇدادىن ياردەم سوراپ : « سىرىمنى ئاشكارا قىلمىساڭ ! » دەپ تىلىدىم . تەلپىم ئىجابەت بولۇپ ، شاھ بەندەر كېنىزەكلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ نۆۋەت ماڭا كەلگەندە مېنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن يوشۇرۇنچە ئۆيىگە ئېلىپ باردى . نەتىجىدە ئاتام مېنى تاپالماي كېنىزەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ . مەن بۇ ئۆيدە تۇرۇش جەريانىدا شاھ بەندەرگىمۇ ئىشق ئوقى تېگىپتۇ . ئۇ ماڭا كۆپ يالۋۇرۇپ ، ئايىغىمغا باش قويۇپ قۇللارچە ئىلتىماس قىلىپ باقتى ، ھەتتا ھېچبولمىسا بىر كېچە بىللە بولۇشقا ئۈندىدى . مەن تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۇنىمىدىم . ئەمما ئۇ ئاشىق بولغاچقا ، ھامان بىر كۈنى ۋەسلىمگە يېتىشنى ئويلاپ ئازار بەرمىدى ...

— ئاقىۋىتى قانداق بولدى ؟ — سورىدىم ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ .

— راستىنى ئېيتقاندا ، بۇ كەمگىچە ئول دىنسىز ناكەس نومۇس پەردەمنى نومۇسسىزلىق بىلەن بۇلغايدىغان بولسا ئۆزۈمنى ھالاك قىلىپ ،



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بىۋاپا دۇنيادىن خوشلىشىشنى ئويلىغان ئىدىم. ئەمدى كاللامغا يەنە بىر پىكىر كەلدىكى، شۇنىڭ بىلەن نىجاتلىق تاپىمەن.

— تېز ئېيتقىن، ئۇ قانداق تەدبىر؟

— چوڭ بىر بۇتخانىنى كۆردۇڭمۇ؟

— ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

— سەن بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىرگىن، ئۇنىڭ تاشقىرىقى ئۆيىدە بىر قارا لىباس بار. ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ـ ئۇششاق كىشىنىڭ ھالى پەلەك گەردىشىدىن ئوساللاشسا، ئول پالاسنى بېشىغا پۈركەنجە قىلىپ ئۈچ كۈنگىچە ئولتۇرىدۇ. بۇتخانىغا زىيارەتكە كەلگۈچىلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا پۇل سەدىقە قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا قويىدۇ. تۆتىنچى كۈنى بىراھمانلار كېلىپ، بۇتخانا راھىبكالانىدىن لىباسلارنى ئېلىپ بېرىپ يولغا سالىدۇ. ئېسىمگە كەلدىكى، سەنمۇ يۇقىرىقى قائىدە بويىچە ئولتۇرغىن، ئەمما ئۆزرە ئېيتىپ يولغا سالماقچى بولۇشسا، ئورنىڭدىن ھەرگىز قوپمىغىن، چۈشكەن سەدىقىلەرنىمۇ قوبۇل قىلماي: «ماڭا پۇل ـ مال كېرەك ئەمەس، بەلكى بىراھمانلارنىڭ ئانىسىنىڭ دەرگاھىدىن ئادىللىق تىلەيمەن. ئۇ مېنىڭ دەردىمگە داۋا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئۇشبۇ ئۆيدە ھېيت قۇربانغىچە ئولتۇرۇپ، ھېيت كۈنى ئۆزۈمنى قۇربانلىق قىلىمەن، دادىمنى ھەزرەت ئېيسا روھىللاھ ۋە ئۇلۇغۋار بۇت ئول زالىمدىن ئېلىپ بېرىدۇ» دېگىن. بىراھمانلارنىڭ ئانىسى بىر قېرى موماي بولۇپ، 250 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ قەدىمنى بۇتخانىنىڭ سىرتىغا قويۇپ باقمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ 20 پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى بىراھماندۇر. بۇ بىراھمانزادىلەر فەرەڭ ئەھلىنى دوست تۇتۇپ ئۇلۇغ بىلىدۇ. پادىشاھلار، ھاكىملار ۋە پۇتكۈل فەرەڭ مەملىكىتى ئۇنىڭ پەرمانى ئالدىدا مەھكۇمدۇر. ئاخىر ئۇ كېلىپ سېنى يېنىغا چاقىرىدۇ. سەن بۇ چاغدا ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ: «ئى پادىشاھى مەردان، ئەگەر مەن زۇلۇم كۆرگۈچىنىڭ دادىغا يېتىپ دەردىمنى زالىمدىن ئېلىپ بەرمىسەڭ، ئەرزۇ-ھالىمنى ئۇلۇغۋار بۇتقا ئېيتىمەن. ئۇ مېنى ساڭا تاپشۇرىدۇ» دېسەڭ،

ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئۇنىڭغا: «ئەجەم ۋىلايىتىدىن كەلگەن قۇلۇڭدۇر-مەن، سېنىڭ ئادالىتىڭنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، تاغ - دەريالار ئېشىپ ھۇزۇرىڭغا كەلدىم. مەن بىر ساياھەتچى ئىدىم، بىر خوتۇنۇم بار ئىدى، دەريادىن ئۆتكۈچە بەندەرگە كەلگەندە بەندەر شاھى خوتۇنۇمنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قىلىپ، ماڭا كۆپ ئازارلار يەتكۈزۈپ تارتىۋالدى. بىزنىڭ قائىدىمىزدە ھەرقانداق بىر نامەھرەم خوتۇنىمىزنى كۆرسە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز. ئاندىن كېيىن بىزگە ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساق ھاياتىمىزنى يىغىشتۇرۇپ نومۇسىمىزنى يۇيىمىز، ئۇنداق بەتنامنى كۆتۈرمەيمىز. ئەجەم بىراھمانلىرى بۇنداق ئىشلارنى كەچۈرمەيدۇ» دې-گىن. قېنى، خۇدانىڭ تەقدىرى قانداق بولۇركىن كۆرۈپ باقاي! — دەپ ئەقىل ئۆگەتتى.

ئى شەھرىيار، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇل گۇزەل بىلەن ۋىدالىشىپ ئۆزۈمنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، بۇتخانىغا راۋان بولدۇم. سۇبھى يورۇشقا ئاز قالغاندا ئۇل جايغا كىرىپ، ئۇنىڭ دىگىنىدەك قىلىپ ئولتۇردۇم. ئۈچ كۈن جەريانىدا سەدىقە ئۇچۇن چۇشكەن ئالتۇن - كۈ-مۈش، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ھەددى ھېسابى يوق ئىدى. تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە بۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە بىراھمانلار قېشىمغا كەلدى، ئالىي كىيىم - كېچەكلەرنى كەلتۈرۈپ، قايتىشىمنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى، قوبۇل قىلماي ئېيتتىم:

— بىلىپ قېلىڭلاركى، مەن تىلەمچىلىككە كەلمىدىم، بەلكى بۇت بۇزرۇكۋارىنىڭ ۋە بىراھمانلارنىڭ ئانىسىنىڭ دەرگاھىغا ئەرزىمنى ئېيتقىلى كەلدىم.

مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئۇل مومايغا مەلۇم قىپتۇ. ئۇ مېنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. پالاسنى بېشىمغا ئارتقىنىمچە ئىچكىرى كىردىم. بۇتخانىغا كىرىپ كۆردۇمكى، بۇتخانىنىڭ ئىشىكلىرى ئاجايىپ نەپىس بولۇپ، ئې-سىل جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلىنىپتۇ؛ ئوتتۇرىغا ئالتۇندىن بىر تەخت ياساپ ئەتراپىنى خىلمۇخىل دەرەخ ۋە مەر - مەر ياتقۇزۇلغان يوللار بىلەن



ئەۋلاد كۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بىزەپتۇ . موماي قاپقارا ئىگىنىنى كىيىپ ، تەختكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ ، ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىدىكى 10 ـــ 12 ياشلاردىكى ئىككى ئوغۇل بالىنى غىدىقلاپ كۈلدۈرۈپ كۆڭلىنى خۇش قىلغىلى تۇرۇپتۇ .

مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۇتلىرىنى سۆيۈپ ، ئېتىكىنى مەھكەم تۇتتۇم . مەلىكە ماڭا نېمىنى ئۆگەتكەن بولسا شۇنداق قىلدىم . موماي ئەرزىمنى ئىشىتىپ بولۇپ :

ـــ ئى ئەجەملىك ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قائىدە بارمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى .

ـــ بار !

ـــ ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى . مەن دەرھال پەرمان قىلىپ شاھى بەندەرنى خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە ئالدۇرۇپ كېلىمەن . بۇ زالىم ئىپلاسقا شۇنداق تەنبىھ بېرەيكى ، ئۆزگىلەر ئىبرەت ئېلىپ ، بۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچكىم بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا پېتىنالمىغاي !

ئاندىن ئۇ بىراھمانلاردىن سورىدى :

ـــ بۇ ئېيتقان شاھى بەندەر كىمدۇر ؟

بىراھمانلار ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى . بۇنى ئاڭلاپ موماي قاتتىق پەرىشان بولۇپ :

ـــ ئەجەبا ، ئۇ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىمۇ ؟ ـــ دېدى ۋە ئوغۇللىرىغا ئېيتتى ، ـــ ئى پەرزەنتلىرىم ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا شەھەرگە بېرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىڭلار ـ دە ، ئېيتىڭلار : ئى غاپىل جاھىل ، بىراھمانلارنىڭ ئانىسى ئېيتىدۇركى ، بۇت بۇزرۇكتىن ھۆكۈم كېلىپ «شاھ بەندەرگە بەندەر پادىشاھلىقنى بېرىپسىز ، ئۇ بولسا بىر زالىمدۇر . دەرۋىشلەرگە زۇلۇم يەتكۈزۈپلا قالماي ، ئەجەملىككىمۇ زۇلۇم قىپتۇ . بۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىقتۇر » دېدى . شاھ بەندەرنىڭ ئۆلۈم پەرمانىنى قولىمىزغا بەرسۇن ، ئۇنىڭ تامام مۈلكىنى زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئول كىشىگە بۇيرۇپ بېرىپ رازى قىلسۇن . بۇگۈن ئۇ زالىمنى چالما كېسەك قىلدۇرىمەن !

ئىككى ئوغۇل موماينىڭ ئەمرى بىلەن بۇتخانىدىن چىقىپ ئىتتىغا مىنىدى . بىراھمانلاردىن نەچچىسى ھەمراھ بولۇپ ناغرا - دۇمباقلار ئەۋجىدە زىكرى ئېيتىپ شەھەرگە كىردۇق . فەرەڭ خەلقى ئۇلارنىڭ ئاتلىرى باسقان ئىزلارنى تەۋەررۇك بىلىپ كۆزلىرىگە سۈرتمەكتە ئىدى . پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يەتكەندە چاپارمەنلەر ئالدىن خەۋەر يەتكۈزگىلى مېڭىشتى . پادىشاھ ئۇلارنى ئوردا ئىشىكىگىچە چىقىپ قارشى ئالدى ، ئۇ ئىككىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەكىرىپ ، تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى . ئاندىن سورىدى :

— قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزلارنىڭ سەۋەبى نېمە ۋەجىدىنكىن ؟

ئۇلار بىراھمانلار ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئەھۋالنى بىرمۇبىر ئېيتتى . پادىشاھ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن پەرمان قىلدى :

— شاھ بەندەر دەرھال كەلتۈرۈلگەي . بۇ كىشىنى ئۇنىڭ بىلەن يۈزلەشتۈرۈپ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلىغايمەن !

مەن بىردىنلا تەشۋىشلىنىپ : « شاھ بەندەرگە نېمە دەرمەن ؟ » دەپ ، خۇدايىتائالادىن ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى تىلىدىم . روھىي ھالىتىم غەيرىي تۈس ئالماقتا ئىدى . ئىككى ئوغۇلمۇ چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ، بۇ ھۆكۈمنىڭ كۆڭلۈمگە ياقمىغانلىقىنى سەزدى بولغاي ، ئورنىدىن تۇرۇپ پەشلىرىنى قاقتى :

— ئى پادىشاھ ، دۇنيانىڭ دۆلىتى دىمىغىڭنى ئۆستۈرۈپ قويۇپتۇ . بۇت بۇزرۇكىنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقىپ ، ئانىمىزنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي ئۆزۈڭ تەكشۈرمەكچى بولۇۋاتىسەن . ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن ! ئۇلۇغۋار بۇتنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن قورقمامسەن ؟

ئۇلار شۇنداق دېگىنىچە تاشقىرىغا ماڭماقچى بولۇۋىدى ، پادىشاھ ئالدىراپ ئىلتىماس قىلىپ ، ئۇلارنى ئاران ئاچچىقىدىن ياندۇردى ۋە ئاۋۋالقى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغۇزدى .

ئى شەھرىيار ، ئەمرالارمۇ پادىشاھقا شاھ بەندەرنىڭ يامان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تەرەپلىرىنى چىتقا بىسى :

— ئول مەككارنىڭ يامان ئىشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەسكى خۇي - پەيلىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . بىراھمانزادىلەرنىڭ ئانىسىنىڭ دېگەنلىرى راست . ئۇلۇغوار بۇتنىڭ ھۆكمى ھەقتۇر . شاھ بەندەر ئۆلۈمگە لايىق ! — دەپ ئەرز قىلدى .

پادىشاھ كۆپچىلىكنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بابا ئالدىراپ چىقارغان پەرماندىن پۇشايمان يەپ ، شاھ بەندەرنىڭ ئۆلۈم خېتىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ، تەئەللۇقاتىنى ماڭا بۇيرۇپ بەردى . ئىككى ئوغۇلغا ئالتۇن - جاۋاھىرلارنى ئىنئام قىلىپ ، بىراھمانلارنىڭ ئانىسىغىمۇ ئايرىم سوۋغاتلارنى ماڭدۇردى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق ھالدا بىر تەرەپ بولدى .

پادىشاھ بىراھمانلارنىڭ ئانىسىغا ئەۋەتكەن خېتىدە : « شاھ بەندەرنىڭ ئۆلۈمىنى بۇ سودىگەرگە تاپشۇردۇم ، ئۇنىڭ ھوقۇقىنىمۇ ئېلىپ بېرىپ ، بۇندىن كېيىنكى ئىختىيارلىقنى ئۆزىگە بەردىم » دەپتۇ . بۇنىڭدىن بىراھمانلار ئانىسى خۇشال بولۇپ :

— بۇتخانىنىڭ قوڭغۇراقلىرى ساداغا كىرگۈزۈلسۇن ! — دەپ پەرمان قىلدى .

شۇ سائەتتە ، پادىشاھ ئەۋەتكەن قوراللىق 15 ياساۋۇل بۇتخانا ئىشىكىدە ھازىر بولدى . بىراھمانلارنىڭ ئانىسى بۇلارنىڭ سەردارىنى قىچقىرىپ :

— بەندەرگە بېرىپ ، بۇ كىشىگە شاھ بەندەرنى تۇتۇپ بېرىڭلار ، ئۇ قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئۆلتۈرسۇن . پۇل - مېلىنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار ، ھېچكىم چېقىلمىسۇن ! ئۆيىگىمۇ بىر كىم كىرمىسۇن ! ئەگەر بۇنىڭغا بويسۇنمايدىغانلار چىقسا ئۇنىڭمۇ قېنى تۆكۈلسۇن ! — دەپ كەسكىن پەرمان چۈشۈردى .

بىز يەر ئۆپۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن بەندەرگە راۋان بولدۇق . ئۇلۇغلاردىن بىر يىگىت ئالدىدا مېڭىپ شاھ بەندەرگە خەۋەر

يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بىرىپلا نىرى - بىرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي قىلىچ بىلەن رەقىبىمنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم. ئاندىن ھەممە مۈلكىنى ئىختىيارىمغا ئېلىپ، ھەرەمخانىسىغا كىردىم - دە، ئول ئارام بوستانىنىڭ سەرۋىسىنى تاپتىم.

ئى شەھرىيار، شاھ بەندەرنىڭ مۈلكى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئىدى. بىر كۈنى مەجلىس ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇلازىملىرىغا تېگىشلىك ئۈلۈش ئايرىپ بەردىم ۋە ھەرقايسىسىنى ئۆزىنىڭ مەنسەپ ئورنىدا ئولتۇرغۇزدۇم. ئۇلار مېنىڭ ئادىل ئىش ئېلىپ بارغىنىمدىن قەۋەت خۇرسەن بولۇشتى. بىراھمانلار ئانىسىنىڭ ھۆكمى بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىلى كەلگەنلەرگىمۇ ئالتۇن - كۈمۈش، مال - مۈلۈكلەردىن يېتەرلىك بىرىپ، ھەربىرىگە ئۆز لايىقىدا ئۆزرىلەر ئېيتتىم. قىممەت باھالىق ئېسىل رەختلەر ۋە ئۈنچە - جاۋاھىراتلاردىن پادىشاھ، ۋەزىرلەر، بۇتخانا خادىملىرى ۋە بىراھمانلار ئانىسىغا ئاتاپ ئەۋەتىپ بەردىم. يەنە خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ ئالا-يىتەن بۇتخانىغا بىرىپ، ئاتىغان سوۋغىلارنى ھەدىيە قىلغاندىن كېيىن: « پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە مۇيەسسەر بولغاندىن بۇيان پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش تۇتتۇم. ئىلگىرى شاھ بەندەر بىرمۇنچە يامان كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلىغان ئىكەن، ئۆز شانۇشەۋكىتىنىڭ زاۋال تېپىشىغا سەۋەب بولدى. ئەمدى بولسا سىزنىڭ پەرمانىڭىز بويىچە ئىشلار ئىزىغا چۈشتى» دەپ پادىشاھ ۋە ئەمرالارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئۆزۈمگە دوست قىلىۋالدىم. پادىشاھمۇ ماڭا بولغان ھۆرمەت - ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ، ئات، شاھانە كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تارتۇقلىدى.

ئى شەھرىيار، شۇنداق قىلىپ ئۆتكەندە كېتىشكە نىيەت باغلىغان شەھەردە تۇرۇپ قالدىم. شەرەپ ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇپ، خۇدانىڭ تائەت - ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدۇق. پادىشاھ، سىپاھلارنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم. خىزمىتىم پادىشاھقا ياراپ، كۈنسېرى مېھرىبانلىقى ئاشقىلى تۇردى. مەن قاتناشماي ئوردا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مەجلىسى ئېچىلمايتتى. پادىشاھ كۆپ ئىشلاردا مېنىڭ مەسلىھىتىمنى ئالاتتى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە يوشۇرۇن بىر ئەندىشە بار ئىدى. «ئاكىلىرىمنىڭ بېشىغا يەنە قانداق كۈنلەر كەلگەندۇ؟» دەپ غەم يەيتتىم.

مەن بەندەرپاسىبانى بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن دەريا بويىغا سودىگەرلەرنىڭ كارۋانلىرى يىغىلىپ ۋەزىر ئاباد شەھىرىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى دەريا بويى بىلەن ئەجەم ۋىلايىتىگە بېرىش ئىكەن. ئۇلار بەندەرگە يېتىپ كېلىپ ماڭا سوۋغاتلار بەردى ۋە زىيابەتكە تەكلىپ قىلدى. مەن مېھماندارچىلىقنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مېڭىشقا رۇخسەت بېرىش ئارىلىقىدا بىردىنلا ئاكىلىرىمنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار كىراكەشلەرنىڭ ئەڭ ئاۋارىسى سۈپىتىدە دۈمبىسىگە يۈك ئارتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۈنى غۇلاملارنىڭكىدىن كۆپ ئېغىر ئىدى. ئۇلار ماڭا شۇنچە بەتنىيەتلىكلەرنى قىلغان بولسىمۇ ئىچىم ئاغرىپ، توختاتقۇم كەلدى. ئۆز - ئۆزۈمگە «سەن دۆلەتمەن، تۇرمۇشۇڭ پاراۋان بولساڭ، قېرىنداشلىرىڭ ئات - كالىدەك مۇشەققەت تارتىۋاتسا بۇنىڭغا تاقەت قىلالامسەن؟» دېدىم. شۇ خىل تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە، سودىگەرلەر يانغان چاغدا بىر باھانە بىلەن ئۇلارنى ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ قولۇمدىن كېلىشىچە مېھرىبانلىق كۆرسەتتىم، قېرىنداشلىق يۈز - خاتىرىسىدىن شاھ بەندەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولۇشقا مۇناسىپ كۆرۈپ، ھەر بىرىنى تېگىشلىك مەنسەپ ئىگىسى قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ مەنسەپ - مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرگەن كۈنلەردە بۇ بەتنىيەتلەر كۆرسەتكەن راھىتىمگە رازى بولۇشماي مېنى ئۆلتۈرمەكنىڭ پىلانىنى قۇرۇشۇپتۇ. مەنمۇ بۇنى خېلىدىن بېرى سېزىپ ئېھتىياتنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ يۈرەتتىم، ئۇلار ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتنى پايلاپ ئوغرىلاردەك تىغ كۆتۈرۈپ ئۈستۈمگە باستۇرۇپ كەپتۇ. بۇ چاغدا ۋاپادار ئىت ئويغاق ئىكەن، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ رەزىل مەقسىتىگە يەتكۈزمەپتۇ. ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ مۇلازىملار ھەر تەرەپتىن يېتىپ

كېلىپ ئىككىسىنى قورشاپ تۇتۇپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى .

ئى شەھرىيار ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىپلاسلىقىدىن تاقىتىم تېشىپ ، سەۋر قاچام يېرىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆلتۈرگىلى قولۇم بارمىدى . ئاخىر ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك قاماپ قويۇشنى توغرا تېپىپ قەپەسكە سالدىم ، مەقسىتىم يىراققىمۇ كەتكۈزمەي ، يېقىنىمۇ كەلتۈرمەي كۆز ئالدىمدا تۇرغۇزۇش بولۇپ ، نەگە بارسام بىللە ئېلىپ يۈردۈم .

ئى شەھرىيار ، ئۇلارغا زۇلۇم ـ زەخمەت يەتكۈزۈشۈمنىڭ ۋە ئىتنى شۇنداق ئەتىۋارلاپ ھۆرمەت تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشۇمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ .

بېيىت

ئۆلتۈرەمسەن يا گۇناھىمدىن ئۆتەمسەن ، شەھرىيار ،
بەندىدە يوق قىلچە قۇدرەت ، ھەرنە قىلساڭ ئىختىيار .

ئى دەرۋىشلەر ، دىنى پاك ئول مەردانە كىشىنىڭ ئالىيجانابلىقىغا ۋە غەيرەت ـ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئېيتتىم . ئاندىن ھەر بىرسى 70 مىسقالدىن كېلىدىغان 12 تال لەئلىنىڭ ئىتنىڭ بوينىدا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى نەدىن تاپقانلىقىنى سورىدىم .

ئۇ ئېيتتى :

— ئى شەھرىيار ، بەندەرگە پاسىبان بولغان كۈنلىرىمدە سەھرا ۋە دەريالارنى تاماشا قىلماق ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ لەمپىسى ئۈستىگە ئېگىز بىر راۋاق سالدۇرغان ئىدىم . بىر كۈنى تاماشانى كۆڭلۈم تارتىپ راۋاق ئۈستىدىن نەزەر سالسام ، يىراقتىكى يول يوق باياۋاندا ئىككى كىشىنىڭ كېتىۋاتقانلىقى كۆزۈمگە چېلىقتى . ياخشىراق قارىغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە قاراۋۇللارنى ئەۋەتتىم . كۆپ ھايالشماي ئۇلار ئېلىپ كېلىنىۋىدى ، قارىسام بىر ئايال بىلەن 22 ياشلىق بىر يىگىت ئىكەن . ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى قاپقارا بولۇپ ، رەڭگى ـ رۇخسارىمۇ ئاپتاپ تەپتىدە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كۆيۈپ قارىداپ كېتىپتۇ. چاچلىرى چاڭگىدەك چىگىلىشىپ، تىرناقلىرى قۇشنىڭكىدەك ئۆسۈپتۇ. چاپاننىڭ يېڭى بىلەن بېشىنى ئوراپ، بىرنەچچە ھەمىيانىنى بوينىغا ئېسىپ، گەدىنىگە مىندۈرۈلگەن ئۈچ ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى بېلىدىن قوشۇپ باغلىۋاپتۇ.

ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئى ئادەم، قايسى شەھەردىن بولىسەن؟ بۇنداق ھالنى ئۆمرۈمدە كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئەمەسمەن.

يىگىت كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزغىنىچە پېشىمگە ئېسىلىپ تائام تەلەپ قىلدى. خىزمەتكارلارغا ئىشارەت قىلغان ئىدىم، داستىخان راسلاپ شەربەت ۋە تائاملارنى كەلتۈردى. يىگىت ئازراق غىزالىنىپلا ھوشىدىن كەتتى. خىزمەتچىلەرگە بۇ ئىككى كىشىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاشنى تاپشۇرۇپ، ھەميانلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرغان ئىدىم، ھەرقايسىسىدىن ئوخشاشمايدىغان خىلمۇخىل جاۋاھىرلار يەرگە تۆكۈلدى. ئۇنىڭ ھەر دانىسى بىر مەملىكەتنىڭ قىممىتىدە ئىدى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، ھەرقايسىسى بىر - بىرىدىن نەپىس، بىر - بىرىدىن سۈزۈك، بىر - بىرىدىن جۇلالىق ئىدى.

يىگىت ھوشىغا كەلگەندە:

— بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ ياكى قارۇننىڭ خەزىنىسىگە ئۇچرىدىڭمۇ؟ بىر - بىرلەپ بايان قىلغىن! — دېگەن ئىدىم، ئۇ ھېكايىسىنى باشلىدى.

## دوزاختىن كەلگەن قاچقۇن

— سۆزلىسەم بۇ ھېكايىنىڭ جەريانى ناھايىتى ئۇزۇن ۋە ئەجەبلىنەرلىكتۇر، — دېدى ئۇ، — مەن ئەسلىي ئەزەربەيجاندىن بولىمەن، كىچىك ۋاقتىمدىلا يار - بۇرادەر ۋە دىيارىمدىن ئايرىلدىم. بىرقانچە قېتىم تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىردىم، نەچچە نۆۋەت ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە

تاپشۇردۇم . مۇشۇ هال بىلەن دۇنيا جەھەننەمدىن قېچىپ ، بالا تىلسىمىنى چېقىپ ، زۇلۇم كەمەندىنى ئۈزۈپ ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈردۈم .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدىممەن ، — نېمە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بولساڭ ھەممىنى بايان قىلغىن .

ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، تازا بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن ئېيتتى :

— ئاتام سودىگەر بولۇپ ، سودىدىن تاپقان دۇنياسى كۆپ ئىدى ، يەنە مال ـ دۇنيا توپلاش ئۈچۈن سەپەر قىلاتتى ، پۇل ئۈچۈن گاھى سۇدا ئاقسا ، گاھى ئوتتا كۆيۈشنى ھار ئالمايتتى . ئۇنىڭ مەندىن بۆلەك پەرزەنتى يوق ئىدى . شۇڭا پۇتۇن كۈچىنى مېنى تەربىيىلەشكە سەرپ ئەتتى . 16 ياشقا كىرگەن چېغىمدا ھىندىستان تەرەپكە سەپەر چىقىپ ، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى . ئاتام ۋە دوستلىرى : « بۇ بالا تېخى كىچىك ، سەپەرگە چىقسا بولمايدۇ » دەپ توسسىمۇ ئۇنىماي : « ئەجىلىم يەتسە ئاخىرقى مەرتىۋە ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋالارمەن ، بولمىسا ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن . ئۆمرۈم ئاخىرلاشقان بولسا جان ئۈزگىنىمدە بېشىمدا قاراپ تۇرار » دەپ تۇرۇۋالدى . شۇنداق قىلىپ ، ھىندىستانغا باردۇق ، ئۇيەردە مەلۇم ۋاقىت تۇرۇپ سودا ـ سېتىق قىلدۇق . بەزى رەختلىرىمىز ۋەزىر ئاباد شەھىرىگە باب كېلەتتى ، شۇڭا ھىندىستاندىن ئۇ تەرەپكە بېرىپ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللاندۇق . ئاندىن فەرغەلەر ئېلىنى كۆرۈشنى ئىختىيار ئەيلەپ ، سۇ يولى سەپىرىنى باشلىدۇق . كېمە بىلەن توپتوغرا بىر ئاي يول يۈرگەندىن كېيىنكى بىر كۈنى تۇيۇقسىز يامغۇر ئارىلاش بوران چىقىپ ، كېمىمىز قاتتىق دولقۇنغا دۇچ كەلدى . كېمىچىلەر رولنى باشقۇرالماي ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى . بۇ ئەھۋال كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتى . مەنزىلگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بېرىشتىن ئۈمىد قالمىغان ئىدى . دولقۇن كېمىنى خالىغانچە ئېقىتىپ ئاپىرىپ ، بىر تاغقا ئۇرۇپ پاچاقلىۋەتتى . مال ۋە ماتالارنىڭ ھەممىسى سۇغا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چۈشۈپ، ئادەملەرمۇ سۇغا غەرق بولدى. كېيىنكى ئىشلارنىڭ ۋە ئاتام بىلەن يار - بۇرادەرلەرنىڭ ھالى قانداق بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۆزۈم بىر تاختاينىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاپتىمەن. ئاللاغا مىڭ شۈكرىلەر ئېيتىپ، تەقدىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. بۇ جەرياندا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، توپتوغرا ئۈچ كۈن ئۆتكەندە بىردىنبىر ئۈمىدىم بولغان تاختاي ئۈستىدە شۇنداق بىر ھالەت يۈز بەردىكى، ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرغۇدەك كۈچ - قۇۋۋەتتىنمۇ ئايرىلىپ ئاخىرقى تىنىقتا قالدىم. ئارقىدىن قانداق بولغىنىمنى ئۇقۇپ - ئۇقماي قىرغاققا چىقتىم - دە، ھوشۇمدىن كەتتىم. بىر كەمدە ھوشۇمغا كېلىپ سەنگىرىپ قاراپ، يىراقتىكى زىرائەت ۋە ئادەملەرنى كۆردۈم. يېقىن بېرىپ سەپسالسام، ئۇلارنىڭ يېرىم يالىڭاچ بەدەنلىرى ئاپتاپنىڭ تەپتىدە كۆيۈپ چۈچۈلدەك بولۇپتۇ، زىرائەتلەر بولسا پۇرچاق ئىكەن. ئۇلار پۇرچاقنى ئوتتا پۇچىلاپ يېيىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتىم. ئۇلار مېنىڭ ئاۋارە تۇرقۇمنى كۆرۈپ، پۇرچاق تېرىپ كېلىپ پۇچىلاپ يېيىشكە ئىشارەت قىلدى. مەنمۇ بىر سىقىم پۇرچاقنى پىشۇرۇپ يېدىم. ئارقىدىن ھارغىنلىق يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغىنىشىمغا ئۇلار ھالىمنى بىلمەكچى بولغاندەك بىرنېمىلەرنى سوراشتى. ئەمما بىز ئۆزئارا تىل ئۇقتۇرالمىدۇق. كېچىنى ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئېتىشى ھامان يەنە يولغا راۋان بولدۇم. بىر كېچە - كۈندۈز توختىماي مېڭىپ بىر باياۋانغا چىقىپ قالدىم. ھاۋانىڭ تەپتى دەشتنى تونۇردەك قىزدۇرۇپ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. خىيال قۇشى قانات - قۇيرۇقلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. تەشنالىق ئازابى ئاندىن تۇغۇلغىنىمغا تويغۇزماقتا ئىدى. جەزىرە قوينىدا قۇمدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. يەنە ئۈچ كېچە - كۈندۈز بۇ چۆللۈكتە جان تالاشتىم، ئېلىۋالغان ئازراق پۇرچاق ھاياتىمنى ساقلاپ قالدى. تۆتىنچى كۈنى يىراقتا بىر سېپىل كۆرۈندى. يىقىلىپ - قوپۇپ يېقىنلىشىپ بارسام، ئەتراپى تۆت فەرسەخكە يېقىن كېلىدىكەن، ئېگىزلىكى پەلەككە تاقاشقۇدەك ھەيۋەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي تاشتىن قو-

پۇرۇلغان بولۇپ ، بىرلا دەرۋازىدىن باشقا كىرىدىغان يېرى يوق ئىدى . دەرۋازىغا مەرمەر تاشتىن ياسالغان چوڭ قۇلۇپنى سېلىپ قويۇپتۇ . يان ئىشىكلىرىنى يەنە ئۈچ قۇلۇپ بىلەن تاقاپتۇ . ئۇنىڭ ھەر بىرى تۆگىنىڭ بېشىدەك كېلەتتى . مەيۇسلۇككە پاتقىنىمچە بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ، بىردىنلا ئېگىز بىر تۆپىلىككە چىقىپ قالدىم ، تۇپرىقى سىياھدەك قارا يەر ئىكەن . ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ھەسرەت تەرىقىتىگە قەدەم بېسىپ بىر شەھەرنى كۆردۈمكى ، ئېگىزلىكى زۆھەل يۇلتۇزى بىلەن باراۋەرلىك دەۋاسى قىلاتتى . ئەجەبلىنەرلىكى ئۇنىڭ بىر تەرىپى شۇ قەدەر گۈزەل ، يەنە بىر تەرىپى بولسا ۋەيرانە ئىدى . گۈزەل تەرىپى ئەزىم دەرياغا تۇتىشاتتى . ھاياجانلانغىنىمدىن بېشىمنى يۆت قىلىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن « بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم ! » دەپ كىرىپلا ، دەرۋازاۋەننىڭ كاتتا بىر سەندەل ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى . ئۇ فەرەڭچە كېيىنىۋاپتۇ . مېنىڭ ئەجەمچە ئۈستۈبېشىم ۋە دەرۋازىدىن «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم » دەپ كىرىشىم ئۇنى قىزىقتۇرغان بولسا كېرەك ، قېشىغا قىچقاردى . ئالدىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن سالام قىلغان ئىدىم ، ئېنىق تىل بىلەن جاۋاب سالام قايتۇردى .

ئاندىن ئەھۋال سورىغان ئىدى ، جاۋابەن ئېيتتىم :

— ئى خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ، ھازىر گەپ سورايدىغان ۋاقىت ئەمەس ، سەۋەبى مەندە سۆزلىگۈدەك قۇۋۋەت يوقتۇر .

— قورسىقىڭ ئاچمۇ ؟

— ھەئە .

— ئولتۇرغىن .

ئۇ كۆرسەتكەن جايدا ئولتۇردۇم . ئالدىمغا داستىخاننى ئېچىپ ، نان ، توخۇ كاۋىپى ۋە بىر كوزا مۇزدەك سۇنى ھازىر قىلدى ـ دە :

— قېنى ، خالىغىنىڭچە يېگىن ، — دېدى .

ئازراق نان يەپ ، سۇ ئىچىپ ، تاكى ئاخشامغىچە بىھوش بولۇپ ياتتىم . كېچىسى ھوشۇمغا كەلسەم ، ئۇ تائامىلارنى تەييارلاپ بېشىمدا كۈ-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تۇپ ئۇلىغۇرۇپتۇ. يىپىش - ئىچىشتىن توختىغىنىمدىن كېيىن، قەدىناس دوستلاردەك مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ئەھۋالىمنى سورىدى. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىم.

ئۇ ئېيتقانلىرىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، دېدى:

— ئەمدى ئىرادەڭ قانداق بولسا شۇنداق قىلغىن.

— قانچىلىك ئۆمرۈم قالغىنىنى بىلمەيمەن. چىن سۆزۈمنى ئېيتسام، بۇ مەمۇر جايدىن كەتمەيمەن. چۈنكى، ئەمدى مەندە دەريا كەچكۈدەك غەيرەت، دەشتۇچۆللەرنىڭ جەبر - جاپاسىغا بەرداشلىق بەرگۈدەك قۇۋۋەت قالمىدى. سەپەرنىڭ مېھنەت - مۇشەققىتىدىن جاق تويدۇم.

— چۈشەندىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەتىكى غېمىڭنى ئەتە قىلايلى.

كېچىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، شەھەرگە كىرمەكچى بولدۇم.

ئۇ ئېيتتى:

— ئى ئوغۇل، سەن ئەجەم خەلقىدىن ئىكەنسەن. پاك دىنىڭ ھەققىدە نەسىھەت قىلايكى، بۇ شەھەر سەن تۇرىدىغان جاي ئەمەس. بىرەر بالاغا دۇچار بولۇپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ياخشىسى، شەھەرگە كىرمەي، دەرھال بىر تەرەپكە راۋان بولغىن. ئەگەر دۇنيا ئىزدەش كويىدا شەھەرگە كىرمەكنى ئىختىيار ئەيلىسەڭ، بۈگۈنچە تۇرۇپ تۇرغىن. ھۇجرامدا بىر كەتمەن، بىر غەلۋىر، بىر تۇۋرا بار، ئېلىپ چىققىن. ئۇنى قانداق قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن.

كۆڭلۈمدە: «ۋاي ئىست، ئەمدى راستلا تۈزاققا ئىلىندىم. ئاخشام يېگەن نانىنىڭ بەدىلىگە بۈگۈن ئىشلىتىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، ئىلاجسىزلىقتىن ئىچكىرى كىرىپ، ئۇ بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقتىم.

ئاندىن ئۇ سورىدى:

— يىراقتا بىر ئېگىز دۆڭ بار ، كۆرگەنمۇ ؟

— تۈنۈگۈن شۇ يەردىن ئۆتكەن ئىدىم .

— شۇ دۆڭگە بارغىن ، — دېدى ئۇ ، — ئۇنىڭ ئەتراپىدىن 100 قەدەم يۇقىرىغا ئۆرلەپ تۇپراقنى ئالدىڭغا تارتىپ كولىغىن - دە ، نېمە چىقسا ئۇنى غەلۋىرگە تاشلاپ تاسقىغىن . غەلۋىردە قالغىنىنى توۋرىغا تۆكۈپ ، توۋرا توشقاندا قايتىپ كەل ، كېيىن نېمە قىلىشنى شۇ چاغدا ئۆگىتىپ قويىمەن .

مەن ئەسلىدە بۇنداق مۇددىئادىن بىخەۋەر ئىدىم ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم . كولىدىم ، نۇرغۇن جاۋاھىرلار چىقتى ، ئۇنىڭ جۇلاسىدىن كۆزلىرىم قامىشىپ كەتتى . بىرپەستىلا توۋرىنى توشقۇزۇپ ، ئۇششاقلىرىدىن بىرنەچچە تالنى يوشۇردۇم . ئاندىن توۋرىنى ئۆشنەمگە ئارتىپ ، كەتمەن - غەلۋىرنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىغا كەلدىم . ئۇ ماڭا نان ۋە ئازراق مېۋە بەردى .

ئاندىن ئېيتتى :

— ئى ئوغۇل ، ئەكەلگەن جاۋاھىرلارنىڭ ھەممىسى ساڭا تەئەللۇق . بۇنى ئېلىپ بۇ يەردىن دەرھال يوقال . يولدا ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ، ئۆزۈڭنى بىر يەرگە يەتكۈزۈپ ، جېنىڭنى بالادىن خالاس قىلغىن !

— ئى ئاتا ، — دېدىمەن ، — بۇنى ئېلىپ نېمە قىلىمەن ؟ بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ جاۋاھىرلىرىم بار . ئېغىردىن ئارتۇق بۇنى كۆتۈرۈپ دەشتۇ باياۋاندا ئاچ - زېرىن نەگىمۇ بارارمەن ، ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئۆزلىرىدە قالسۇن . جانىنى ئالىقانىغا ئېلىپ يۈرگەن مەندەك جاھانكەزدىگە بۇنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوقتۇر !

شېئىر

قالغىنىڭدا ئاچ - زېرىن ،
نان ياخشىدۇر كۈمۈشتىن .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— ئى جاھىل، — دېدى ئۇ، — ساڭا بۇ گەپنى بىلمەستىن دېگىنىم يوق! ئەگەر شەھەر ئىچىگە كىرسەڭ، ۋاقتى كەلگەندە قاچقىلى يول تاپالمايسەن، كىرىش نىيىتىڭدە چىڭ تۇرۇۋالساڭ، بوپتۇ، بۇ ئۈزۈكۈمنى ئېلىۋال. شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىسىگە يەتكەندە ماڭا ئوخشايدىغان بىر ئاقساقال ئادەمنى ئۇچرىتىسەن. ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم بولۇپ، سودىگەرلەرنىڭ كاتتىسىدۇر. بۇ ئەڭگۈشتەرىمنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ، ئېھتىمال قۇتۇلۇشىڭغا يول كۆرسىتەر. ئۇ نېمە دېسە شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈڭنى ئىختىيارىغا تاپشۇرغىن.

مەن ئۈزۈكنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدىم. ئاندىن خوشلىشىپ شەھەرگە ماڭدىم. شەھەر شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، ئەر - ئاياللار دۇكان - دۇكانلاردا ۋە خالىغان يەرلەردە ئولتۇرۇپ ئۆزئارا ئۈلپەتداش بولۇپ شاراب ئىچىشىدىكەن، خوتۇنلار ئەرلىرىگە، ئەرلىرى خوتۇنلىرىغا قەدەھ تۇتۇشىدىكەن. ئەركەكلەر بىلەن ئەركەكلەر، خوتۇنلار بىلەن خوتۇنلار يۈرىدىغان قائىدە يوق ئىكەن.

قايناق بازارغا كىرىشىم بىلەن ھەممىسى ماڭا قاراشتى. تۆت كوچا ئاغزىدا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېچ تەرەپكە ئۆتەلمەي، ئاخىر بىر چەتكە بېرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈش بولغاندا ئادەملەر ئازايدى. شۇ چاغدىلا دەرۋازىۋەن بەلگىسىنى دەپ بەرگەن ئادەمنى ئۇچراتتىم. دەرۋەقە، ئۇ ساقىلى ئاپئاق، ئەمما ئۆزىگە بەك ياراشقان، سالاپەتلىك كىشى بولۇپ، ئېگىز سەندەلدە ھاسىسىغا تايىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئالدىغا بېرىپ سالام بەجا كەلتۈرگەن ئىدىم، سالامىمنى ئىلىك ئېلىپ، ئىللىق قارىدى. ئاندىن:

— ئى ئوغۇل، قانداق بولۇپ بۇ شەھەرگە كەلدىڭ؟ بوينى ئۈزۈلگۈر ئىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆتكەن كېچە شۇنىڭكىدە تۇرغان ئىدىم، — دېدىممەن، — ئەسلىي ئۇ شەھەرگە كىرىشىمنى توسقان، لېكىن مەن ئۇنىماي تۇرۇۋالدىم. چۈنكى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە جەبىر - جاپا تارتىپ چىدىغۇچىلىكىم قالمىغان ئىدى.

ئۇ ئىنىسى نىشانە ئوچۇن بەرگەن ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئېتىغا مىنىپ ، مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى . قارىسام ھويلا ـ ئاراملىرى بېھىشتەك ، ئۆيلىرىنىڭ جابدۇلۇشى ئوردىدەك ، خىزمەتكارلىرى كۆپ كاتتا ئائىلە ئىكەن . كەچ كىرگۈچە ئۇنىڭ يېنىدا بولدۇم ، خىزمەتكارلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئەھۋالىمنى سو- رىدى . پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم .

ئۇ دېگەنلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ ، ئەپسۇسلانغان ھالدا ئېيتتى :

— ئى جاھىل ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسان ئىدىغۇ ، نېمە دەپ ئۆزۈڭنى بۇ تىلسىمغا تاشلىدىڭ ؟

— ئى ئۇلۇغ كىشى ، مېنى بۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلغايسەن . شۇنى بىلگۈم باركى ، ئىنى ـ ئاكا ھەر ئىككىڭلار مېنىڭ بۇ شەھەرگە كىرىشىمنى مەنئى قىلدىڭلار ، سەۋەبى زادى نېمە ؟

## تىلسىمات شەھىرىنىڭ سىرى

— ئى ئوغۇل ، — دېدى ئاقساقال ، — بىلگىنكى ، بۇ شەھەرنىڭ خەلقى كاپىر بولۇپ ، ھەممىسى شەيتانپەرەسلەردۇر ، پادىشاھى فىرئەۋندىن قىلىشمىغۇدەك غەيۇر ھەم مۇتەئەسسىپتۇر . بۇلارنىڭ قائىدىسىدە ، شەھەرگە ھەرقانداق بىر غېرىب ـ مۇساپىر كېلىپ قالسا ھېچكىم ئۇنىڭغا پاناھلىق جاي بەرمەيدۇ ، ئەكسىچە دەرھال تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدۇ . پادىشاھ ئۇل مۇساپىرنى بۇتقا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ . ئۇلار- نىڭ بىر بۇتى باركى ، ئىچىگە شەيتان ئورۇنلاشقان بولۇپ ، سۆزلىيەلەيدۇ ، ھەركىمنىڭ نام ـ نەسەبلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ ، مىللە- تىنىمۇ بىلىدۇ . ئەگەر سەجدە قىلىشتىن باش تارتسا ، شۇ ھامان ھەممىنى پاش قىلىدۇ . كىمكى بۇ شەھەردە بىلىپ ـ بىلمەي بىر كېچە قونۇپ قال- سا ، پادىشاھنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىپ كېتەلمەيدۇ .

— ئى ياخشى نىيەتلىك ئىنسان ، بىلمەسلىكتىن ئۆزۈمنى بۇ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دوزاخقا گىرىپتار قىپتىمەن. سەندىن ياردەم سورايمەنكى، نىمىنى بۇيرۇ-
ساڭ پەرمانىڭنى بەجانىدىل ئورۇندايمەن. ئاقىۋەتتە قانداق بولسا قازاغا
رىزادۇرمەن.

— ئى ئوغۇل، بىر يول كۆرستەيكى، شۇ بويىچە ئىش تۇتساڭ،
رەسۋا بولماي، ئازارمۇ يېمەي، نەچچە كۈنلۈك هاياتىڭنى پاراغەتتە
ئۆتكۈزسەن.

مەن ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ، هەققىگە دۇئا قىلدىم. ئۇ بىردەم
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئى ئوغۇل، ساڭا ياخشى بىر خوتۇن تېپىپ قويدۇم، —
دېدى.

ئەجەبسىنىپ سورىدىم:

— ئۇ كىم بولىدۇ؟

— ۋەزىر ئەزەمنىڭ قىزى، هۆسن - جامالدا تەڭداشسىز، يېشى
16 دە، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— ۋەزىر قىزىنى ماڭا قانداق بېرىدۇ؟

— بۇ يۇرتنىڭ قائىدە - رەسمى شۇنداقتۇركى، باشقا ئەلدىن
كەلگەنلەر بۇتقا سەجدە قىلسا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن هەتتا پا-
دىشاھ قىزى بولسىمۇ شەرتسىز بېرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارلىق
كىشى هېسابلىنىمەن. ئۇلار سېنى كۆرۈپ باقمىغان هەم تونۇمايدۇ.
پۇرسەت غەنىيمەتكى، ئەتە پادىشاھ ۋە سىپاھلاردىن تارتىپ پۈتۈن خالا-
يىق بۇتنى تاۋاپ قىلغىلى بارىدۇ. سەنمۇ مەن بىلەن بېرىپ، دىنىڭنى
دىلىڭدا ساقلاپ، ئۇلارنى دوراپ بۇتقا سەجدە قىلغىن. خۇدا نېسىپ قىلسا
مەقسىتىڭگە يېتىپ خەتەردىن قۇتۇلىسەن - دە، كېيىنكى كۈنلىرىڭنى
راهەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزسەن.

ئۇنىڭ خالىس مېھرىبانلىقلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. ئۇ مېنى
يۇيۇندۇرۇپ پاكىز كىيىملەرنى كىيدۈردى، ئەتىسى ئەگەشتۈرۈپ بۇتخا-
نىغا ئېلىپ باردى. بۇتخانا دەريا بويىغا سېلىنغان بولۇپ،

ھەشەمەتلىكلىكىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىز ئىدى . يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان شەھەر خەلقى بۇ يەرگە يىغىلىشقان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چىرايى ئايىنى لال قىلغۇدەك گۈل يۈزلۈك قىزلار ، يۈسۈپتەك چىرايلىق ئوغۇللار بار ئىدى .

نەزم

گۈل چىرايلار سەپ ئارا قىلار ھۇزۇر ،
پەرق ئېتەلمەس گۈزەللەرنى كۆزى كور .

بىز بۇتخانىغا كىرىپ كەلگەندە پادىشاھ ۋە دۆلەت كاتتىلىرى يالاڭئاياغ ھالدا بىراھمانىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشاتتى . ھەممە كىشى قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ، بۇتنىڭ « سۆز-لىرى »نى ئاڭلىشىۋاتاتتى . مەن نىجاتچىمنىڭ باشلىشى بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ ، كۆرۈنۈش جەھەتتىن بۇتقا تەزىم قىلىپ باش ئۇردۇم . ئاندىن بىراھمان ۋە پادىشاھنىڭ قوللىرىغا سۆيدۈم ، كۆرسەتكەن قىزنى يېنىمغا چاقىرىپ پېشىنى تۇتتۇم .

پادىشاھ مېنى باشلاپ كەلگەن ئاقساقالدىن :

— بۇ كىم بولىدۇ ، قەيەردىن كەلدى ؟ — دەپ سورىدى .

— تۇغقىنىم بولىدۇ . ئۇلۇغۋار بۇتنى زىيارەت قىلىش ئۈمىدىدە يىراقتىن كەپتۇ . ئۇ ۋەزىرنىڭ قىزىنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ . شۇڭا ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىپ ئىلتىماس قىلىدۇكى ، پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ قوللۇقىنى قوبۇل ئەتكەي .

پادىشاھ پەرمان چۈشۈردى :

— ئۇلۇغۋار بۇتنىڭ ئەمرى ھېسابتۇر !

شۇئان بىر بىراھمان كېلىپ بىر قارا ئارغامچىنى گەدىنىمگە سېلىپ ، بۇت بۇزرۇكنىڭ تەختىگاھى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . بۇتتىن ئاۋاز كېلىپ :



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— ئى خوجىزادە، خۇش كەلدىڭ. رەھمىتىمىزدىن ئۈمىدۋار بولۇپ خەلقىڭدىن ئايرىلىپ چىقتىڭ. سەدىقە - سەدىقە! — دېدى.

پادىشاھ ماڭا كىيىملەر تەقدىم ئېتىپ، دۇمباق چالدۇردى. ئاندىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گۇۋاھلىق سۆزى ئېلان قىلىندى:

— ئەجەملىككە بۇت - بۇزرۇك نەزەر سېلىپ، ۋەزىر ئەزەم قىزىنى بەردى.

بۇتخانىدىكى ئىش نامازشامغىچە داۋاملاشتى. ئاندىن براھمان بىلەن ۋەزىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋەزىرنىڭ قەسرىگە باردۇق. قىز تويغا لايىق كىيىندۈرۈلۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوقلۇقى ھەقىقەت ئىدى. پادىشاھ ماڭا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغاتلارنى بېرىپ، قىزنى نىكاھلاپ قويغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. مەن خىلۋەتتە پەرى سۈپەت نازىنىننىڭ ۋىسالىغا يەتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھنىڭ ئالدىغا تەزىمگە كىرگەن ئىدىم، ئۇ ماڭا كۆپ ئىنئاملار بەردى. گەرچە مەن موھتاج بولمىسامۇ، ئۇ قىزدا پۈتۈن ئالەمنىڭ خەزىنىسى ۋە تېپىلغۇسىز گۆھىرى بار ئىدى.

ئەلقىسسە: ئول پەرى بىلەن بىر يېرىم يىل ئەر - خوتۇن بولدۇم. ئۇ قورساق كۆتۈردى. تەقدىر بىز بىلەن قېرىشقاندەك، ئۇنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاشقانسېرى كېسەللىك چىرماپ ھالىدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى، ھالىغا ئېچىنىپ مەنمۇ يىغلايتتىم. ئاخىر ئۈچ كېچە - كۈندۈز دەرد تارتىپ تۇغالماي قازا قىلدى. ئۇنىڭ پىراقىدا ياقا يىرتىپ ئاھ ئۇرۇپ، بۇنداق ھاياتتىن كەچكۈدەك ئازابلاندىم. كۈتۈلمىگەندە سىرتتا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ، بىرمۇنچە تەلۋىلەر ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ كېلىپ بېشىمغا بىرمۇشتتىن ئۇرۇپ، ئاندىن ئورنىدا ئولتۇرۇشتى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ، جېنىم ئازلا قالدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئارقامدىن بىرسى كېلىپ، ياقامدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئارقىسىغا تاشلىۋەتتى. ئۇ مېنى بالا - قازا ئوچىقىدىن تارتىۋالغان ئىدى. قارىسام

مېنى ئۆيلەپ قويغان ئاقساقال ئىكەن.

— نېمىگە يىغلايسەن؟ — چالۋاقىدى ئۇ.

— ئى زالىم، — دېدىمەن، — كۆرمەيۋاتامسەن، تەڭداشسىز گۆھىرىم قولدىن كەتسە يىغلىماي مۇمكىنمۇ!

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ ئېيتتى:

— ئى نادان، ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈمىگە يىغلىۋال! ئۇنىڭ بۇ گېپىدە نېمە مەنە بارلىقىنى بىلەلمىدىم.

## دوزاختىكى كۈنلەر

ئۇ مېنى قىيناتامنىڭ قەسرىگە باشلاپ باردى. ئۇ يەردە پادىشاھ، ئەمىرلەر، بىراھمانلار، ئابرۇيلۇق سودىگەرلەر ۋە 33 خىل ئەھلى كەسىپنىڭ ھەممىسى جەم بولۇپ، خوتونۇمنىڭ مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىش مەجلىسى ئېچىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا تەئەللۇق بايلىقنىڭ بارىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپتۇ. دەللاللار باھالاپ باھاسىنى توختاتقان نەرسىلەردىن كىشىلەر خالىغانلىرىنى ئېلىپ ئالتۇن - كۈمۈش بېرىشتى. بۇ پۇللار جاۋاھىرغا ئالماشتۇرۇلۇپ بىر ساندۇققا سېلىندى، يەنە بىر ساندۇققا ئوزۇق - تۈلۈك قاچىلىنىپ، ئىككىسى بىر قېچىرغا ئارتىلدى. بىر قېچىرغا مېنى مىندۈرۈشتى. بىراھمانلار خوتۇنۇمنىڭ ئۆلۈكىنى مۇلازىملارغا كۆتۈرتۈپ، كەينىدىن زىكىر - تەلقىن، سازلارنى ياڭرىتىپ ماڭدى. شەھەر خەلقى قايغۇلۇق ھالەتتە مېيىت ئۆزىتىش ئۈچۈن دەرۋازىدىن سىرتقا ئاقتى.

كۆتۈلمىگەندە بىر كىم چاقىرغاندەك قىلدى، قارىسام ھېلىقى ماڭا شاپائەت يەتكۈزگەن دەرۋازىۋەن ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ، كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ ئالدىمغا كەلدى.

— ئى بىتەلەي، — دېدى ئۇ قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ، — قىلغان نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلىغان بولساڭ بۇ بالاغا ئۇچرىمايتتىڭ. ئەمدى نېمە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دەيسەن ؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپ بېشىمنى تۆۋەن سالدىم . ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشىنى ئۇقالماي ، ھەيران بولماقتا ئىدىم .

ئۆتكەندە كۆرگەن ئىگىز سىپىللىك ، دەرۋازىسىغا يوغان قۇلۇپلار سېلىنغان قەلئەگە يېتىپ كەلدۇق . بىراھمانلار ئاچقۇچىنى چىقىرىپ قۇلۇپنى ھالقىلاردىن ئېلىۋىدى ، يۈزلىگەن كىشى كۈچەپ ئىتتىرىپ تۆمۈر دەرۋازىنى ئاران ئاچتى . جاۋاھىر قاچىلانغان ساندۇق بىلەن ئۇززۇق - تۈلۈك قاچىلانغان ساندۇقنى ماڭا بېرىشتى .

ئاندىن ۋەزىر بىلەن بىراھمانلار ئالدىمغا كېلىپ :

— ئى يىگىت ، كەلمەكنىڭ قايتمىقى باردۇر . مانا بۇ خوتۇنىڭىز بىلەن بالىڭىز ، بۇ بولسا مال - دۇنيارىڭىز ۋە قىرىق كۈنلۈك ئۇزۇقىڭىز . بۇنى يەپ جان ساقلاپ تۇرۇڭ ، — دېدى .

بۇ ئۇلارنىڭ قائىدىسى ئىكەن ، قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھوشۇم كاللامدىن ئۇچتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار مېنى جەسەتنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى . ئاندىن دەرۋازىنى بۇرۇنقىدەك تاقاپ قۇلۇپلىۋەتتى . مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم . غەملىك بېشىمنى زەئىپ تىزىمغا قويۇپ يىغلىماقتىن باشقا چارەم يوق ئىدى .

چۈشكە يېقىن ھاۋا تونۇردەك ئىسسىقتا باشلىدى . ئاپتاپ تەپتىدىن تىنىشىمۇ تەس ئىدى . ئەتراپىمغا قارىسام قۇرۇپ كەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . ئالتۇن - جاۋاھىر تولدۇرۇلغان ساندۇقلار قالايمىقان تاشلىنىپ ياتاتتى . غەزىپىم قايناپ تېشىپ خوتۇنۇمنىڭ جەستى قېشىغا باردىم - دە : « تۇغالمايدىغان ئادەم ھامىلىدار بولۇپ نېمە قىلاتتىڭ ! » دەپ نەچچىنى تېپىۋەتتىم . پاناھلىق جاي ئىزدەپ ھەر تەرەپكە چېپىپ باقتىم . بىر كۈن شۇنداق ئۆتتى ، كېچىسى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى ، ئاراممۇ ئالالمىدىم . ئەتىسى ئەقلىمنى ئىشلىتىپ ، چۈۋۇلغان ساندۇق تاختايلىرىدا سايىۋەن ياسىدىم . كۈندۈزى ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە ئاستىغا كىرىپ ئاپتاپتىن پاناھلاندىم ، كېچىسى ئۈستىگە

چىقىپ ئۇخلىدىم . قورغاننىڭ بىر تەرىپىدىكى كىچىككىنە ئېرىقتا سۇ ئا-قىدىكەن . ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ چىقىدىغان يېرىنى تاپتىم . كەكە سېپىچىلىك بىر نوكەش قورغاننىڭ ئۇلىغا ئورنىتىپ قويۇلغان ئىكەن . شۇ سۇ بىلەن ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇپ ،ناننى يەپ كۈن ئۆتكۈزدۈم . ۋا-قىت شۇنداق ئۆتۈۋەردى . 40 كۈن توشقاندا ئەندىشىگە چۈشتۈم . خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ : « ئۇلۇغ قادىر ئىگەم ، ئۆزۈڭ شەپقەتلىك ، مېھرىبانسەن ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغۇچىسەن . ئەگەر ئۆمرۈم تۈگىمىگەن بولسا نىجاتلىق بەرگەيسەن » دەپ ياش تۆكتۈم .

نەزم

بۇ تىرىكلىك كىشىنىگە ھەركىم ئەسىر ،
كۈن چۈشكەندە دال بولالماس ئالىي قەسىر .

يىغان چېكىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن . دەرۋازىنىڭ غاراسلاپ ئېچىلىشى ۋە ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىم . قارىسام بىر مۇردىنى ئېلىپ كىلىشىۋېتىپتۇ . تۆۋەن چۈشۈپ كۆردۈمكى ، مۇردىغا ھەمراھ قىلىنغىنى بىر خوتۇن ئىكەن . ساندۇقتا يېمەكلىكلىرىنى قاچىلاپ بېرىپتۇ . خەقلەر مۇردا بىلەن قېرى خوتۇننى قالدۇرۇپ دەرۋا-زىنى تاقاپ كېتىشكەندىن كېيىن ، كۆڭلۈمدە : « ياخشىسى ، بۇ مەزلۇمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئوزۇقىنى ئىگىلىگىن . بۇ ساڭا ئاللاتائالا بىر سەۋەب بىلەن ئەۋەتكەن رىزقىدۇر » دەپ ئويلاپ يېنىغا بارسام ، مېنى كۆرۈپ قورقۇنچىدىن جايىدىن قوپالمىدى . تاختاي بىلەن بېشىغا بىرنى ئۇرغان ئىدىم ، تىن تارتماي ئۆلدى . ساندۇقتىكى ئوزۇقنىڭ تۈگىشىگە يارانقۇچى ئىگەم يەتكۈزگەن ئوزۇقتا ئېرىشىپ ، رىزق ئىشىكىم ئېچىلىپ تۇردى . شۇ تەرىقىدە 3 ــ 4 ئاي ئۆتتى . كۆتۈلمىگەن بىر كۈنى بىر نازىنىن قىزنى كۆردۈمكى ، ئۇ 18 ياشتا بولۇپ ، چىرايىدىن ئاپئاپتاپ نۇر يېغىپ تۇراتتى . ئۇچىسىدىكى لىباسلىرىدىن ئەمىرزادىلەردىن ئىكەنلىكى ئېنىق



ئەۋلاد كۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئىدى. ئۇنىمۇ مېيىتكە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كېلىشىپتۇ. تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولدۇم. قېشىغا يېقىنلاپ بېرىۋىدىم، قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى. ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ، قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان يېدىم. ھېلىقى سۇ بار جايغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ يۈزىگە سۇ سەپكەن ئىدىم، ھوشىغا كەلدى. كۆزىنى ئېچىپلا چىرقىراپ قاچتى. « قېنى، قېچىپ نەگە بارالايسەنكى، جاھىل!» دەپ مەيلىگە قويۇۋەتتىم. ئاندىن تەدرىجىي يېقىنچىلىق قىلىپ، كۈندە قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بىللە غىزالاندىم. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا ماڭا خېلى ئۆگىنىپ قالدى، ھەتتا مەندىن يېمەكلىك سورايدىغان بولدى. يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يۇمشاقلىرىنى ئۆزۈم يېيىشكە قىيماي ئۇنىڭغا بېرەتتىم، ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ دىلىنى ئېرىتىشكە تىرىشاتتىم.

ئاخىر بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدىم.

— مەن پادىشاھ دىۋان بېگىنىڭ قىزى ئىدىم، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ئاتام ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا خوتۇنلۇققا بەردى. ئېرىم قازا يېتىپ تۇيۇقسىز ئۆلدى. مېنى مېيىتكە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كېلىشتى. مېنىڭ كىملىكىمنى بىلدىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ سەنمۇ ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن!

مەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئېيتىپ بولۇپ، شۇنداق دېدىم:

— ئى نازىنىن، خۇدايىتائالا سېنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

ئۇ ئۇنىچىقماستىن، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئولتۇردى، تەقدىرىگە ئېچىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇزۇلدۇرمەي ياخشىلىق قىلىۋېرىپ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە قاراتتىم، شۇنداقلا ياشاش ئىشەنچىنى تۇرغۇزدۇم. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئاخىر ئۇنى مۇسۇلمان قىلدىم. ئۇ دىنىمغا كىرگەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن بولۇشقا رازى بولدى. ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ، بۇ « دوزاخ »نىمۇ ئۆزۈمگە دىلدار تېپىۋالدىم. ياشاش ئۈمىدى ئۇنى قايتىدىن گۈزەل ساھىبجامالغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىل تۇرمۇش ئۆتكۈزدۈم، ئىككىنچى يىلى بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى.

بىزنىڭ ئىشىمىز قانداق قىلىپ بولمىسۇن ياشاش ئىدى . بەزىدە دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ھەيرانلىقىمىز ئېشىپ ، جاۋاھىرلار ئارىسىدا مۆكۈشمەك ئويناپ كۆڭۈل ئاۋۇندۇراتتۇق ، جاۋاھىرلارنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى تالىلاپ يىغىپ قوياتتۇق .

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ ، ئوغلىمىز ئۈچ ياشقا كىردى . بىر كۈنى ئۇنىڭغا دېدىم :

ــ ئى نازىنىن ، بىز قاچانغىچە بۇ زۇلۇم ئوچىقىدا قىينىلارمىز ؟

ــ خۇدايىتائالا نىجاتلىق بەرگۈچە چىدىماي ئىلاجىمىز يوق .

ئۇنىڭ سۆزىدىن دىلىم يۇمشاپ ، ئېزىلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن . چۈشۈمدە بىر ئاقساقال : « قەلئەگە سۇ كىرىدىغان جايدىن چىقىپ كېتىڭلار ! » دېدى . ئويغىنىپلا چۈشۈمنى خوتۇنۇمغا ئېيتقان ئىدىم ، ئۇ خۇشال ھەم ئارىسالدى بولۇپ ئېيتتى :

ــ بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتەلەيمىز ؟

پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ تاۋۇتنىڭ مىخلىرىنى سۇغۇرۇپ ، ھېلىقى جايىنى كولاش قارارىغا كەلدىم ، خوتۇنىمۇ قايىل قىلىپ ، بۇ ئىشقا ياردەملەشتۇردۇم . بىز تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ھەتتا كېچىلىرىمۇ تىنىم تاپماي مىخ بىلەن تۆشۈك ئېچىشقا كىرىشتۇق . تاش بىلەن مىخنى قېقىپ سۇغۇرغىچە بەزىدە قوللىرىمغا تېگىپ يېغىر قىلىۋېتەتتى . قوللىرىمنىڭ ساق يېرى قالماي ، تېنىممۇ تالجىقىپ ھالىمدىن كەتكەندە تۆشۈك ئېچىلدى . ئەمدى تۆشۈك ئەتراپىنى مىغىزدەك ـ ئۈچكىدەكتىن يوغاپ ئادەم پاتقۇدەك قىلىش كېرەك ئىدى . قەلئە تېمى بىتونىدەك قاتتىق بولۇپ ، ھەربىر ئۇرغاندا ئوت چاچرايتتى ، ئوڭايلىقچە يونغىلى بولمايتتى . شۇ تەرىقىدە بىر يىل ھەپىلىشىش ئارقىلىق نىجاتلىق يوچۇقى ئاخىر پۈتتى . بىز تاللاپ قويغان جاۋاھىرلارنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چاپانلىرىمىزنىڭ يېڭىگە تىقتۇق ـ تە ، « دوزاخ »تىن بىر ـ بىرلەپ ئايرىلدۇق . ئىشىمىزغا پۇختا بولمىساق ، كۆتۈلمىگەندە يەنە بىرەر زالىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق جاۋاھىرلار ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرەتتى ، ئوبدان



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ساقلىغاندىلا كېيىنكى تۇرمۇشىمىزغا ئەسقاتاتتى .

خۇداغا تەۋەككۈل قىلىپ تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن ، بىرىمىز ئەسكى چاپان بىلەن خالتىلارنى كۆتۈردۇق ، يەنە بىرىمىز ئوغلىمىزنى بويىنىمىزغا مىندۇردۇق . شۇنىڭ بىلەن « لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە » دەپ بېشىمىز قايغان ، پۇتىمىز تايغان تەرەپكە راۋان بولدۇق . بىرنەچچە ئايلاپ يول يۈرۈپ ، ئوت - چۆپلەرنىڭ يوپۇرماق - يىلتىزلىرىنى يەپ ، جان قورقۇنچىسىدىن ئادەم بار يەرگە يېقىنلىشالماي ، تېنەپ - تەمتىرەپ ، بۇگۈن بۇ يەرگە ئۇلىشىپتىمىز . باشتىن ئۆتكەن كۈنلەر مانا شۇدۇر .

ئى شەھرىيار ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلىغاندەك بولدى . ئۇلارنى ئۆز يېنىمدا ئېلىپ قېلىپ ، يىگىتنى ئوردا بېگى قىلدىم ، خوتۇنى خوتۇنۇم بىلەن ئاچا - سىڭىل بولۇپ ئۆتتى . خېلى بىر زامان شۇنداق ياشاپ ، ئايالىمدىن ئىككى پەرزەنت يۈزى كۆردۈم ، لېكىن ئىككىلىسى ئەي بولمىدى . ئايالىمغىمۇ كېسەللىك تۇيەيلى قازا يەتتى . بۇ قىسمەتلەر ئېغىر كېلىپ ، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە ھەپسىلەم قويماي ، پادىشاھقا ئىلتىماس قىلىپ بەندەرنىڭ پاسبانلىقىنى ئۇ يىگىتكە ئۆتۈنۈپ بەردىم . ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان ۋاپاسىز ئاكىلىرىم بىلەن ۋاپادار ئىتىمغا مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتىمەن . ئىتنىڭ بويىندىكى لەئلىلەرنى شۇ يىگىت ئېسىپ قويغان . ئەجەم ۋىلايىتىگە قايتىپ كەلگەندە ئاكىلىرىمنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلـ ماي ، ئىتپەرەس دېگەن نامنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆردۈم . بۇ شەھەرگە مانا بۇ ئوغۇلنىڭ دالالىتى بىلەن كېلىپ پادىشاھىنىڭ خىزمىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم . دەيدىغانلىرىم شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى .

ئەلقىسسە : ئاندىن خوجازادىدىن :

— سەن مۇشۇ ۋىلايەت خەلقىدىنمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— كەمىنە ئاجىزە ۋەزىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولىمەن ، ئېـ نىقراق ئېيتسام ، ۋەزىرنىڭ قىزىدۇرمەن . ئاتامغا ناھەق ئازار يېتىپ

زىنـدانـغا تـاشلانـدى . ئۇنىڭ مەندىن بۆلەك پەرزەنتى يوق ئىدى . ئۇنى قـۇتقۇزۇشنى بۇرچۇم ھېسابلاپ ، كىشىلەردىن مەخپىي ئەجەمگە بېرىپ بۇ كـىشنى ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدىم . ئەمدى ئاتامنىڭ دېگىنىنىڭ ھەقلىقى ئۆزلـىرىـگـە ئايدىڭ بولدى ، ئاللانىڭ ئالدىدا ھەم ئاشكارىلاندى . شۇڭا ، ئاتامغا نىجاتلىق بەرگەيلا .

خوجا ئىتپەرەس خېلىدىن بۇيان بالا قىلىۋېلىشنى ئويلاپ كەلگەن « ئوغۇل »نىڭ ئەمەلىيەتتە ۋەزىرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، دەردلىك « ئاھ ! » تارتىپ يىقىلدى .

ئۇ بىر كەمدە ھوشىغا كېلىپ :

— ۋادەرىـخـا ! تـارتقان مېھنىتىم بىھۇدە زايە كېتىپتۇ . قېرىغىنىمدا سـەپـەرنـىـڭ جـەبـىـر - مۇشـەققىتىنى تارتىپ ئۆز سىرىمنى ئاشكارىلاپ مۇرادىمغا يېتەلمىدىم ! — دەپ ھەسرەتلەر چەكتى .

ئۇنىڭدىن سورىدىم :

— مۇرادىڭ نېمە ئىدى ؟

— پـەرزەنتىم بولمىغاچقا ، ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالماقچى ئىدىم . تەتۈر پەلەكنىڭ بۇنچىۋالا نەيرەڭۋاز ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي !

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە « ئاھ » ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى .

ئى دەرۋىـشـلـەر ، ئول پـىـركـار ئىـفـتـادەنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن يۈرىكىم ئېرىپ ، ئۇنى ئالدىمغا چاقىرىپ : « ۋەزىرنىڭ ساھىبجامال قىزىنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن ! » دېگەن ئىدىم ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى .

شۇئان پەرمان قىلىپ ، قىزنى ئۆيىگە ماڭدۇردۇم . ئاتىسىغا ئات ۋە كـىـيىم - كېچەك ئەۋەتىپ ، زىنداندىن ئازاد قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردۈم . ئۆزۈمـمۇ ئالـدىـغا كـۈتـىۋېلـىـشقا چىقىپ ، ئاتامنىڭ ئورنىدا قۇچاقلاپ پـېـشانىسىدىن سۆيدۈم ، ئوردا قوبۇلخانىسىغا باشلاپ كېلىپ ، بارلىق ۋازا-رەتلەرنى باشقۇرۇش مەنسىپىنى بەرگەنلىكىمنى جاكارلىدىم ، مەملىكەتنىڭ ئاساسـلـىـق بـاشـقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم . خوجىغىمۇ كۆپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ئىنئام ۋە ئالىي مەنسەپ بەردىم .

شۇ چاغدا ئۈچىنچى دەرۋىش ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ :

— ئى شەھرىيار ، مەن ھالىمنى بايان ئەيلەپ نېمە قىلارمەن ؟ نامىم بۇ ئالەمدىن ئۆچۈپلا كەتسە بولماسمىدى ! — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى .

بېيىت

كىشىكىم مەن كەبى بولمايدۇ ۋەيران ،
ئۈمىدسىز زارلىنىپ چۆللەردە سەرسان .

بەشىنجى باب

# پارس پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى

مەن پارس ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى ئىدىم. ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئۇزاق ئولتۇردۇم. ۋاقتىكى، تەختكە چىقىش ئانچە كۆپ ئۆتمىگەن بىر كۈنى خاس كىشىلىرىم ئەتراپىمدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، جاھانكەشتىلەر، ئالىم - دانىشمەنلەر، ئىلگىرى ئۆتكەن ئەخلاق - پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە مەككارلار ھەققىدە گەپ ئېچىپ، نۇشىرۋاننىڭ ئادالىتى، ھاتەمنىڭ ساخاۋىتىنى ماختىدى. ئۇلار: « بۇ ئىككى زاتنىڭ ئېسىل خىسلەت - پەزىلىتى، ئەدەپ - ئەخلاق سۈپەتلىرى ئىنسانىيەت ئارىسىدا ياخشى نام بىلەن مەشھۇردۇر! » دېيىشتى. شۇ چاغدا ۋەزىرلەردىن بىرى ھاتەمنىڭ ساخاۋەتچىلىكى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى باشلىدى.

## ھاتەم بىلەن نەۋفىل

ھاتەم تەي « بېنى تەي » قەبىلىسىنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ياخشى نامىنى ئاڭلىغان خەلق ھەر تەرەپتىن ئىزدەپ كېلىپ، قەدەم ئىزىنى سۆيۈپ ئۆزلىرىگە باشلىق بولۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈشتى. ئۇنىڭ ئىناۋەت - ئابرۇيى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ، ساخاۋەتچىلىك پەزىلىتى ئالەمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقالدى. ئۇ سېخىيلىق بابىدا شۇنداق تەڭداشسىز ئىدىكى، بىر قېتىم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئەرەب سەردارلىرىدىن نەۋفىل بىنى هامان هاتەم بىلەن مەلۇم زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن قارشىلىشىپ ، جەڭ ئارقىلىق هۆكۈمىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش نىيىتىدە ئۇرۇش باشلىدى . هاتەم بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى . ئۇ نەۋفىلنىڭ نىيىتىنى ئۇقۇپ ئويلىدىكى « يۈزلەشسەم ، ئەلۋەتتە ، ناھەق قان تۆكۈلىدۇ . بۇنىڭدىن كۆرە ، ئۇقمىغان بولۇپ بىر تەرەپكە كېتەي ! » ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشى نەتىجىسىدە نەۋفىل هېچبىر جاپا تارتمايلا ئورنىغا تەختتە ئولتۇردى ۋە ئېلان چىقىرىپ : « كىمكى هاتەمنى تۇتۇپ كەلسە ياكى خەۋىرىنى ئېلىپ يەتكۈزسە 100 دىنار ئىنئام بېرىلىدۇ » دەپ جاكارلىدى .

بۇنى ئاڭلىغان تەمەخورلار پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن هاتەمنى ئىزدەپ پىيادە ـ ئاتلىق تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشتى . ئەمما قانچە پالاقشىپمۇ تېپىشالمىدى . هاتەم بىر غارغا كىرىپ مۆكۈنۈۋالغان ئىدى .

كەچ بولغاندا ئەر ـ خوتۇن ئىككى قېرى ئادەم ئىككى مېھمىنىنى باشلاپ غارغا كىرىپ كەلدى . بۇ ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايى ئىدى .ئۇلار ئوت يورۇقىدا غىزالىنىپ بولۇپ ، خوتۇنى ئېرىدىن :

— بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئوتۇنۇڭنى ساتمىدىڭ ، ئەمدى باللار نېمە يەيدۇ ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، ئېرى جاۋابەن ئېيتتى :

— نەۋفىل تەي قەبىلىسىنى بېسىۋالدى ، هاتەم قېچىپتۇ ، شۇ سەۋەبتىن هەممە كىشى ، ئۇنى تۇتۇپ بېرىپ ئىنئام ئالىمىز دەپ ئوتۇنغا قاراپمۇ قويمىدى . كىمكى هاتەمنى تۇتۇپ ئاپارسا ، ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك ، ئالتۇن بېرىدىكەن . ئەگەر هاتەمنىڭ بار يېرىنى بىلگەن بولسام ئۇنى تۇتۇپ بېرىپ بۇ يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلار ئىدىم .

هاتەم ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتتى . تاڭ ئاتقاندا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى . ئەر ـ خوتۇنلار سالامنى ئىلىك ئېلىپ بولغاندىن كېيىن :

— ئۆزۈڭ كىم ، نېمە ئۈچۈن بۇ غارغا يوشۇرۇنۇۋالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن ھاتەمدۇرمەن .

ئەر - خوتۇنلار بۇنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ :

— ئى يىگىت ، ساڭا جېنىمىز پىدا بولسۇنكى ، بۈگۈن ئۆزۈڭنى ئاشكارىلايدىغان كۈن ئەمەس . نۇرغۇن كىشىلەر سېنى تۇتۇپ بېرىپ ئىنئام ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ . دۈشمىنىڭ نەۋفىلمۇ سېنى تۇتۇش ئوتىدا كۆيۈۋاتىدۇ ، — دېدى .

— ئى ئاق كۆڭۈل كىشى ، ئاڭلىشىمچە ، كىمكى مېنى تۇتۇپ ئۇنىڭ قېشىغا ئاپارسا نۇرغۇن ئالتۇن ۋە كىيىم - كېچەك بېرىدىكەن . سەن مېنى نەۋفىلنىڭ ئالدىغا ئاپارغىن . ئۇ ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى ساڭا بەرسۇن . بۇنىڭ ساۋابى ماڭا بولغاي ! — دېدى ھاتەم .

مىسرا

ئۆزگىنى شاد ئەيلىمەككە كىم كېچەر ئۆز جانىدىن .

— ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن ! — دەپ بۇ ئىشتىن پاناھ تىلىدى بوۋاي .

ھاتەم شۇنداق قىلىشقا كۆپ زورلىدى . ئۇنىمىغاندىن كېيىن قورقۇتۇپ :

— ئەگەر سەن دېگىنىمدەك قىلمىساڭ ، مېنى جەزمەن يەنە بىرسى تۇتۇپ ئاپىرىدۇ . ئۇ چاغدا نەۋفىلگە سېنى ئاشكارىلاپ ، مېنى يوشۇرۇپ باقتى دەيمەن . ئۇ چاغدا ھالىڭ خەتەر بولىدۇ ! — دېدى .

ئول كىشى ئىلاجسىز ھاتەمنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ، ئالدى تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن نۇرغۇن ئادەملەرگە ئۇچراپ قالدى . ئۇلار ھاتەمنى ئىزدەۋاتقانلار ئىدى ، شۇنداق قىلىپ ، ھەممىسى قوشۇلۇپ نەۋفىلنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىشتى . بۇلار 100 دەك ئادەم بولۇپ ، نەۋفىلدىن ئىنئام ئېلىشقا ئالدىرايتتى .

نەۋفىل « تۇتۇپ ئېلىپ كەلگۈچىگە ئىنئام بېرىمەن » دەپ قەسەم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

قىلغاچقا، دەرھال ئويلىنىپ:

— سىلەر ھاتەمدىن سوراڭلار، قايسىڭلارنىڭ تۇتۇپ كەلگەنلىكىڭلارنى ئۇ ئۆزى ئېيتسۇن، — دېدى.

ئۇلار ھاتەمدىن سورىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ئېيتىدۇ، — دېدى ھاتەم، — مېنى بىر قېرى كىشى ئېلىپ كەلدى.

بۇ چاغدا بوۋاي كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. باشقىلار ئۇنى نەۋفىلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

نەۋفىل دېدى:

— بۇ قېرىدىن ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراڭلار.

بوۋاي ئاخشىمى غاردا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ۋە تاڭ ئاتقاندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلدى. نەۋفىل بۇنى ئاڭلاپ، ئىچىدە «بىر يوقسۇزنى موھتاجلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىۋاتقان ئادەمگە ئۆچمەنلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش توغرا ئەمەس، ئۇنى خورلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇ ھەقىقىي مەرد ۋە بەختلىك كىشىدۇر!» دەپ ئويلاپ، ھاتەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ خىزمىتىگە قۇلدەك قول باغلاپ تۇردى. سېخىيلىقنىڭ بەرىكاتىدىن دۈشمەنلىك دوستلۇققا ئايلاندى.

مىسرا

سېخىينىڭ نامى ئۆچمەيدۇ، ھاياتتۇر ئۆلسىمۇ ھەتتا،

ئى شەھرىيار، مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئەرەبلەر خانىدانىنىڭ نۇرغۇن كاتتىلىرى تارىختا ئۆچمەس نام قالدۇرۇپ كەتتى. سەنمۇ زەرىن شەھرىنىڭ سۇلايمان سۈپەت پادىشاھى بولۇپ تۇرۇقلۇق نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق فەيزىدىن مەھرۇم بولمايسەن؟» دەپ سوئال قويۇپ، كۆپ باش قاتۇرۇش ئارقىلىق

ھەربىر ئىشىكى بىردىن كوچىغا قارايدىغان 40 ئىشكلىك بىر بىنا سالدۇردۇم. بىر مىسقاللىق پۇل قويدۇرۇپ، ساخاۋەت قىلىش ئۈچۈن ئىمارەتتە ئولتۇردۇم. ھەر ئىشىكتىن غېرىب ـ يېتىم سائىللار كېلەتتى، ئۇلارغا بىر تىللادىن بەرسەم خۇشال بولۇپ قايتىشاتتى. بۇ ئىشنى مۇشۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇردۇم.

بىر كۈنى ئۇ يەردە پەلەك سېھرىگىرىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭىدىن بىخەۋەر ھالدا ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىزلا نەپەسلىرىدىن ئوت چىقىپ تۇرىدىغان بىر قەلەندەر كىرىپ سەدىقە تىلىدى. يېنىمغا قىچقىرىپ ئېتەككە بىر تىللا تاشلىدىم. ئۇ سەدىقىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئارقىدىن يەنە بىر ئىشكتىن كىردى، يەنە بىر تىللا تاشلىدىم. شۇ تەرىقىدە ھەممە ئىشىكتىن بىر قېتىمدىن كىرىپ بىر تىللادىن ئالدى؛ جەمئىي قىرىق تىللانى ئېلىپ بولۇپ يەنە باشتىكى ئىشكتىن كىرىپ ئېتىكىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىدى، ئاچچىقىم كېلىپ قېلىپ:

— ئى دەرۋىش، سەن دەرۋىشلەرنىڭ نامىنى بۇلغىدىڭ. سەن بىرەر كىشىدىن ئەدەپ ئۆگەنمىگەنمۇ؟ بىرەر ئۇستازدىن تەلىم ئالمىدىڭمۇ؟ سەندىكى بۇ قانداق ھېرىس؟ «تەزكىرەئى پۇقرا» دېگەن كىتابتا: «بىر دەرۋىشتە بىر پۇل بولسا، دەرۋىش ھېسابلانمايدۇكى، ئۇنىڭغا كىشىلەر ساخاۋەت قىلمىغاي. ئۇنىڭ كېچىسى ئۇخلىماي قىلغان ئىبادەتلىرىمۇ ھارامدۇر» دېيىلگەن. مانا بۇ تەرىقەتچىلەرنىڭ يولىدۇر. سەندە ھازىر قىرىق تىللا بار. يەنە قەلەندەرچىلىكتىن قولۇڭنى يىغمىدىڭ. شۇڭا سېنى مۇناسىپ كۆرمىدىم، ئەمدى بىرنەرسە بەرمەيمەن! — دېدىم.

دەرۋىش سۆزۈمنى ئاڭلاپ قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ، ئاچچىقى بىلەن تىكىلىپ:

— ئى خۇدانىڭ بەندىسى، ئەگەر مەن بىرەر ئۇستازنىڭ تەلىمىنى ئالمىغان بولسام، سەن «مىننەت ۋە ئازار قىلىپ سەدىقاتىڭلارنى يوقاتماڭلار» دېگەن ئايەتنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ سەن تېخى ياخشىلىقنىڭ يولىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزۈڭنى سېخىيلاردىن ھېسابلامسەن؟ سەن بەسرە شە-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ھېرىگە بارساڭ ئۇ يەرنىڭ خانىدانىدا بىر قىز بار ، ساخاۋەتنى شۇنىڭدىن ئۆگىنىپ كەلسەڭ ، ئاندىن ياخشى نامىڭ چىقىدۇ . بۇ ئالتۇنلىرىڭ سېنىڭ نەزىرىڭدە كۆپ بولسىمۇ ، مېنىڭ نەزىرىمدە بىر تال خەسچىلىك يوق .

نەزم
كۆزلىرىم دەريا ، كۆڭلۈم مەدەندۇر ،
قوللىرىم ئەركىن ، قەلبىم دەردمەندۇر

دەپ ، بەرگەن تىللالارنى يەرگە تۆكۈۋېتىپ ، پەشلىرىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى .

ئى شەھرىيار ، ئول يوقسۇزلۇق مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ياخشى نىيەتتە دېگەن سۆزلەر راست ئىدى . « ئۇنىڭ كۆڭلىنى مىننەت تىرنىقى بىلەن تاتىلاپ زېدە قىلغىنىم ئوبدان بولماپتۇ » دەپ ئويلاپ ، ئۆزرە ئېيتقىلى ئارقىسىدىن چىقىپ سۆز بىلەن ھەرقانچە ياندۇراي دېسەممۇ يانمىدى . نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرەي دەپ يالۋۇرۇپ باقتىم .

ئاخىر ئۇ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ :

— ئەگەر پادىشاھلىقىڭنى بەرسەڭمۇ يانمايمەن ! — دېدى ۋە كەينىگە قارىماي كەتتى .

مىسرا
شېشە سۇنغاندىن كېيىن ئورنىغا كەلمەس زادىلا .

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا ھەددىدىن ئارتۇق تەسىر قىلىپ ، ھەرقانچە تىرىشىپ كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەي دېسەممۇ مۇمكىن بولمىدى . كېچە ـ كۈندۈز خىيال قايىنىمىدا غۇلاچ ئېتىپ ، بىر نېمىمۇ يېمەي ـ ئىچمەي ، ئاخىر بەسرە شەھىرىگە بېرىپ قەلەندەر تەرىپلىگەن قىزنىڭ سېخىيلىقىنى كۆرۈش قارارىغا كېلىپ ، ۋەزىرگە مەسلىھەت سالدىم .

— پادىشاھلارنىڭ سۆزىنى راست بىلىپ ، دېگىنىڭىزدەك

قىلماق لازىمدۇر ، — دېدى ۋەزىر ، — لېكىن قەلەندەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىش پادىشاھلارغا مۇناسىپ ئەمەس .

مەن ئېيتتىم :

— ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست سۆزدۇر ، ئەكابىرلارنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ . مېنى ھەرگىز توسماڭلار ، بولمىسا بۇ ئىشتىن بىرەر يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقارمىكىن دەپ قورقىمەن .

— ئۇنداقتا ، نەچچە مىڭ ھەميان ئالتۇن ۋە خاس كىشىلەرنى بىرگە ئېلىپ ماڭغايلا .

— بۇ سۆزۈڭ رايىمغا خىلاپتۇر ، — دېدىم ۋەزىرگە ، — ئەگەر چوڭ داغدۇغا بىلەن بارىدىغان بولسام ھەممىگە شۆھرىتىم تارقىلىپ كېتىدۇ ، ئۇ ھالدا بېرىپ كەلمىكىم مۇمكىن ئەمەس . مەن دەرۋىشانە سىياقتا دەرۋىشلەر قېشىغا بارىمەن ، سېنى ئورنۇمغا ۋاكالىتەن ئولتۇرغۇزۇپ قويىمەن . خەلققە ئازار يەتكۈزمەي ئۆزۈڭدىن رازى قىلغايسەن . بۇ ۋەسىيەتلىرىمنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەتمە . خۇدا بۇيرۇسا ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىمەن ، مۇبادا كېلەلمىسەم بۇ دۆلەت ساڭا قالغاي .

مۇددىئايىمنى بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تەختىمگە ۋەزىرنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، ئەمىرالەرنى ئۇنىڭ ئىتائىتىگە بۇيرۇدۇم . ئۆزۈم بىر نەچچە خادىملارنى ھەمراھ قىلىپ ، شىكارغا چىقىدىغاندەك سىياقتا شەھەردىن ئايرىلدىم . سەھرادا بىر مەزگىل تۇرۇپ ۋەزىرنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنى كۆزەتتىم . ئۇنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ، بىر كېچىسى كىيىملىرىمنى ئۆزگەرتىپ ، بىر سىقىم دىنار ۋە ئاز - تولا ئۇنچىلەرنى ئېلىپ ، پېقىرانە سۈپەتتە تەنھا بەسرە تەرەپكە راۋان بولدۇم .

## ساخاۋەتچى قىز

بەسرە شەھىرىنى كۆزلەپ مەلۇم مۇددەت يول يۈرۈپ ، ئاخىر بىر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كۈنى ئۇ يەرگە يېتىپ باردىم. بىر مەھەللىگە كىرىپ، كۆزگە ئاسان تاشلىنىدىغان بىر ھويلا دەرۋازىسىنى كۆردۈمكى، ئالاھىدە يوغان ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئەتراپىغا تىللا، جاۋاھىرلاردىن زىننەت بېرىلىپتۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى بىردەم تاماشا قىلىپ، ئازراق ماڭغان ئىدىم، ئارقامدىلا ئىشىكنىڭ «غاچ» چىدە ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن بىر كىمنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ كەلدى:

— ئى ئەزىز دەرۋىش! ۋاي سەيياھ! بۇنداق قىلساڭ مېھرىبانلىقىڭ قوپاللىق بولىدۇ. بىردەم تۇرۇپ كەتكىن ياكى مەندىنمۇ رەنجىپ قالدىڭمۇ؟

قارىسام، شاھانە لىباسلارنى كىيگەن، ساقاللىرى ئاپئاق كافۇردەك ئاقارغان بىر مويسىپىت كىشى ھاسىسىنى تايانغىنىچە كېلىۋاتاتتى. ئۇ توختاپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى:

— ئى ئاللانىڭ ئەزىز بەندىسى. مەن دەرۋىشلەرنىڭ خىزمەتكارىدۇرمەن. بۇ ساراي دەرۋىشلەر چۈشىدىغان مېھمانخانىدۇر. ئىلتىماس قىلىمەنكى، غېرىبخانىمىزغا قەدەم رەنجە ئەيلەپ، مېنى خىزمىتىڭدىن مەھرۇم ئەتمىگەيسەن.

بۇ ھۆرمەتتىن قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلىپ قول باغلاپ تۇردۇم. مويسىپىت مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئازادە ھويلىنىڭ ئىچىدە چىرايلىق باغ بولۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان ئىدى، يېقىملىق ۋىلىقلاپ بىر ئېرىق سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى.

بېيىت

يېشىل رەڭگى ئۇنىڭ كۆزلەرگە مەرغۇب ①،
جانىۋارلار كۈيلىرى ساقىيغا مەتلۇب ②.

---

① مەرغۇب — يېقىملىق.

② مەتلۇب — ئارزۇدىكىدەك

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاتتا ئىمارەت قەد كۆتۈرگەن ئىدى ، ئۇنىڭ شەرھىسىگە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى . بوسۇغىسىدىن يۇت ئالسىلا شاھانە بىساتلار كۆزگە تاشلىناتتى . مېنى ئۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغۇزدى . فەغ- فۇرچىنىنىڭ قەدەھلىرىدە قەنت شەربىتى ۋە روھنى ئۇرغۇتىدىغان باشقا ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ كەلدى ، ياخشى گەپلەر بىلەن زورلاپ ئازراق ئىد- چۈردى . ئاندىن بىر پەتنۇستا يېمەكلىك ، ھەر خىل يەل - يېمىش قاتارلىقلارنى ئېلىپ كىردى . داستىخاننى مول نازۇنېمەتلەر بىلەن تول- دۇرغاندىن كېيىن ، مەن بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ يېنىمدا ئولتۇردى . تائام يېيىلىپ قورساق تويغاندا ، ئۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ، قىزىق ھېكا- يىلار بىلەن كۆڭلۈمنى كۆتۈردى . كەچلىكى تۇزۇت قىلغىنىمغا ئۇنىماي يەنە تۇرلۇك غىزالارنى كەلتۇردى . تاماقنى يەپ بولۇپ بىردەم ئولتۇردۇق . ئاندىن شاھانە جاي راسلانغان مەخسۇس خانىغا باشلاپ كىرىپ ئۇخلى- شىمنى ئېيتتى .

— ئى ھىممەتلىك كىشى ، — دېدىمەن ، — خۇدايىتائالا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن ، دەرۋىشلەرگە بۇنداق ئورۇندا يېتىش لا- يىق ئەمەس .

— ئى ئەزىز ، ئىختىيار قىلساڭ بۇ ئىككى خىزمەتكارنىمۇ ساڭا تاپشۇردۇم . بىرەر ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالسا ئۇلار ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ ھا- لىڭدىن خەۋەر ئالسۇن .

ئۇ شۇنداق دەپ ، ئۆز ياتاقخانىسىغا كىرىپ كەتتى . مەن خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ ، ئوي - پىكىر قايىنىمىغا شۇڭغۇدۇمكى : « بۇ نېمە ئا- دەمدۇر ، ماڭا قايسى ۋەجىدىن بۇنداق مېھرىبانلىق قىلىپ كېتىۋاتقاندۇر!»

بىدار خىزمەتكار تۇيغۇنلۇقى بىلەن كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋېلىپ ، قېشىمغا يېقىن كەلدى .

— ئى دەرۋىش ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى شەخسى- يەتسىز ، ئالىيجاناب كىشىدۇركى ، ساڭا بېرىلگەن زىياپەت ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن بولغاندۇر . بايىقى ساھىبخان پەرمان ئىجرا قىلغۇچىلاردىن بىرى-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دۇر . بۇ شاھانە ھىممەت ۋە ياخشىلىقلار شۇنىڭ شاپائىتىدۇر .

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۆتكەندىكى دەرۋىشنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ كۆڭلۈم تىنچلاندى ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتىم . تاڭ ئاتقاندا يۇڭ توقۇلما لىباس كىيگەن ھېلىقى ئاقساقال ئادەم كىرىپ ، داستىخانغا تەكلىپ قىلدى . ھەرقانچە ئۆزرە ئېيتساممۇ ئۇنىماي ئېيتتى :

— ئى كۆز نۇرۇم ، ئۈچ كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ ئىجازەت بېرەلمەيمىز . چۈنكى ئۆي ئىگىسىنىڭ قىلغان ئەمرى شۇنداقكى ، ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغان ھەرقانداق غېرىب - مۇساپىر ئۈچ كۈنگىچە ئوبدان كۈتۈۋېلىنىدۇ . ئاندىن كېتىدىغان چاغدا مەلىكىگە مەلۇم قىلىمىز . ئەگەر يەنە تۇرسا داۋاملىق خىزمىتىدە بولىمىز .

شۇنداق قىلىپ ، تاكى ئۈچ كۈنگىچە دەسلەپكى كۈندىكىگە ئوخشاش خۇش مۇئامىلىدە كۈتۈۋېلىندىم ، خىزمەتكارلار ئۆز بۇرچىنى تولۇق بەجا كەلتۈردى . كۈنلۈكى نەچچە ۋاخ ئالىي غىزا ئالدىمدىن كەم بولمىدى .

تۆتىنچى كۈنى جاھان مەلىكىسى ساھىبخان بولۇپ پەلەك تەختىگە چىقىپ ، كائىناتنى ئۆزىنىڭ جامال نۇرى بىلەن يورۇتتى . ھېلىقى مۇيسىپىت خىزمەت كەمىرىنى بېلىدىن تېخى يەشمىگەن ئىدى ، ئۇ داۋاملىق ساھىبخانلىق مېھرىنى بەجا كەلتۈردى . ئۇنىڭ شەپقىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ قايتىشىمغا ئىجازەت سورىدىم .

— ئى ئەزىز كىشى ، — دېدى ئۇ ، — خىزمىتىمىزدىن بىرەر تەقسىراتلىق ئۆتتىمۇ ، بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىغۇدەك نېمە ئىش يۈز بەردى ؟ كېتىشكە رۇخسەت سورىشىڭ نېمە ۋەجىدىن ؟

— ئۇنداق ئەمەس ، سىلەردىن چەكسىز مېھرىبانلىقتىن ۋە ياخشى مۇئامىلە - ئادىمگەرچىلىكتىن ئۆزگە نەرسە كۆرگىنىم يوق . ئۇلۇغلار ئېيتىپتۇركى :

بېيىت

بۇ جاھان ئىچرە مۇساپىر مەقسىتى دىداردۇر ،
ھەقتائالا نېمىتى ھەم ھەممىگە بىسياردۇر .

خۇسۇسەن كەمىنەنىڭ تەمەيى ساياھەت ۋە سەپەر قىلىشتۇر .

بېيىت

جاھان ئىچرە سېخىي ـ مەردىنىڭ تۇزانىغا يېتەلمەسمىز ،
كېچىپ ھەم زەررە راھەتتىن بىراۋنى خۇش ئېتەلمەسمىز .

— خوپ ، بىرەر ئاش پىشىم سەۋر قىلغىن ، مەلىكىنىڭ خاس مۇلازىملىرىغا مەلۇم قىلايلى . ئۇنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ قايتساڭ ، مەقسىتىڭ ھاسىل تاپقۇسىدۇر . ئەگەر يانماقچى بولساڭ بۇ خانىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە نەرسە ساڭا تەئەللۇقتۇر . ئۇنى ئېلىپ كېتىش كېرەك !

— مەن بۇ نەرسىلەرنى ئالالمايمەن ، — دېگەن ئىدىم ، ئۇ ئېيتتى :

— ئەگەر مەلىكە ئۇقۇپ قالسا بىزنىڭ دەرىجە ـ ئېتىبارىمىزنى ئېلىۋېتىدۇ . مۇبادا سەن : « مەن بىر مۇساپىر ـ غېرىب ، ئاپىرىدىغان ماكانىم يوق » دېسەڭ مۇشۇ ئۆيدە قويۇپ ، قاچان ئېلىپ كەتكۈچە قۇلۇپلاپ قويغىن .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتىم ، بىرنەچچە ئادەم كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ خوجىسى ھاسىسىنى تايىنىپ قېشىمغا يېقىنلاپ ، سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى :

— ئى ئەزىز مېھمان ، ۋاي بىزنىڭ كۆز نۇرىمىز ، خۇدانىڭ ياخشى دوستى ! مەلىكە مېنىمۇ بىر مېھمانخانىغا خوجايىن قىلىپ قويغان ئىدى ، ئەگەر كەمىنەگىنىڭ كۇلبىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلمىساڭ ، مەلىكىنىڭ ئالدىدا يارىماستىن يارىماسقا چىقىپ شەرمەندە بولىمەن ، « مېھمانىنى جەلپ قىلالمايسەن ! » دەپ خاپا بولىدۇ .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خوجايىن شۇنداق دەپ، مېنى يەنە بىر مېھمانسارايغا ئېلىپ باردى. بۇ مېھمانخانا سول تەرەپتە ئىدى. ھۇجرىلار ئالىي دەرىجىدە بېزەلگەن بولۇپ، ھۆسن - جامالى ئايدەك، چاققان قىزلار مېھمانلارنىڭ خىزمىتىگە تەييار بولۇپ تۇراتتى.

خوجايىن قول ئاستىدىكى مۇلازىملارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مېھماندارچىلىق ۋە مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن يېمەك - ئىچمەك ھەم باشقا لازىمەتلىكلەرنى تەل قىلىپ تۇردى. تۈرلۈك نېمەتلەر كەلتۈرۈلگەن قاچىلار تىللادىن، ئىچىملىك قەدەھلىرى ئېسىل فارفورلاردىن ياسالغان ئىدى. مېھمانخانىغا چۈشكەنىنىڭ تۆتىنچى كۈنى رۇخسەت سورىغان ئىدىم، رۇخسەت بېرىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئېيتتى:

— ئى خۇدانىڭ ياخشى بەندىسى، نېمە ھاجىتىڭ بولسا دېگىن، تەلىپىڭنى مەلىكىگە يەتكۈزىمىز.

ئى شەھرىيار، ئىچىمدە «تەمەگەرلىك ئادىمگەرچىلىك جۈملىسىدىن ئەمەس! — دەپ ئويلاپ كۆڭلۈمگە كەلتۈردۈمكى، — نەچچە زاماندىن بېرى سەرگەردان بولۇپ، پېقىرلىق كىيىمىنى كىيىپ، قەلەندەرچىلىكنى ئىختىيار قىلىپتىمەن. شۇنچا مال - دۇنيادىن كۆرە، ئاشۇ مەلىكە بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇش ئارزۇيۇم بارلىقىنى ئېيتاي، قېنى بۇنىڭغا نېمە دەيدۇ، كۆرۈپ باقمايمەنمۇ!»

— دېيىشكە تىلىم كۆيىدىغان بىر ھاجىتىم باركى، باشقا كىشى ئارىلاشسا بولمايدۇ، — دېدىم خوجايىنغا، — ئەگەر مۇۋاپىق تاپساڭ، مەقسەتنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ مۆھۈرلەپ ئەۋەتسەم.

ساراي خوجىسى:

— ۋاي بولمامدىغان، — دەپ، دەرھال خەت پۈتۈشكە لازىملىق نەرسىلەرنى كەلتۈردى.

مەن خېتىمدە، مېھمانخانىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ياخشى كۈتۈۋالغىنىغا تەشەككۈر، شۈكرانىلەر ئېيتقاندىن كېيىن: «كەمىنە ھەۋەسكار قۇلۇڭ كۆڭلىنىڭ خاھىشى بىلەن بۇ شەھەرگە چۈشكەن ئى-

دىم . دەرگاھىڭدا مۇلازىملارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىش ۋە شېرىن سۆھبىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم . نەچچە كۈن ئېھسانخانىدا مېھمان بولۇپ ، ياخشى ئارام ئالدىم . بۇۋى رابىيە ئەسىرىنىڭ ئېتىبارلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . مۇلازىملىرىڭ : « نېمە تەلەپىڭ بولسا دېگىن » دېدى . مال ـ دۇنياغا ھاجىتىم يوق . ئۆز ۋىلايىتىمدە پادىشاھ ئىدىم . ھاتەملىك خىسلىتى ساڭا تەسلىم ئەيلەپ باش قويۇپتۇ . ئىلتىماسىم شۇكى . ئارزۇيۇمنى قوبۇل كۆرۈپ نىكاھىمغا ئۆتسەڭ . ئۇندىن باشقا نەرسىگە ھاجەتمەن ئەمەسمەن . قالغان ئىختىيار ئۆزۈڭدىدۇر .

مىسرا

سۆزلىرىم بولسا قوپال ، ئۆزرەمنى سەن قىلغىن قوبۇل .

سۆز تامام ۋەسسالام » دەپ يېزىپ ، ئاخىرىغا مۆھرىمنى بېسىپ ساراي خوجايىنىغا بەردىم . ئۇ ئالدىمدىلا بىر مۇلازىمدىن ھەرەمگە ئەۋەتتى .

بىرەر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن ھەرەمگە چاقىرتىلدىم . كىرسەم ئاقساقال ساراي خوجىلىرى سەپ تۈزۈپ تۇرۇپتۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش رەڭلىك ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكەن ، ھاسىلىرىنى تايانغان ئىدى . باشتىن ئاياغ ئۇنچە ـ مەرۋايىت ، گۆھەرلەرگە چۆمۈلگەن 80 ـــ 90 ياشلاردىكى بىر موماي سەندەلدە ئولتۇرۇپ ئۇلارغا« بەختنامە » دىن تەلىم بېرىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەرگەن ئىدىم ، مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب سالام قايتۇردى . شۇنداق ئىشارەت قىلىۋىدى ، ماڭىمۇ بىر سەندەل ھازىر بولدى .

ئولتۇرغىنىمدىن كېيىن ، موماي مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتتى :

ـــ ئى يىگىت ، خۇش كېلىپسەن ، مەلىكىنى دەپ كەلگەنىمدىڭ ؟ خىجالەتتىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەي جىم تۇردۇم .

ـــ بۇ ، مەلىكىنىڭ پارس پادىشاھىنىڭ خېتىگە يازغان جاۋاب خېتى ، ـــ دېدى موماي بىر پارچە خەتنى كۆرسىتىپ ، ئاندىن شۇ يەردىلا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئېچىپ ئوقۇدى .

خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى : « ئەرگە تېگىش ماڭا نومۇسلۇق ئىش ئەمەس ، سېنىڭ تەلەپ قويۇشۇڭمۇ ئەيىب ئەمەس . ھەقىقەتتە ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى بىر جىنستىندۇر . خاھى تاج تاقىغان پادىشاھلار بولسۇن ، خاھى جەندە ـ كۈلاھ كىيگەن قەلەندەرلەر بولسۇن ھەممىسى كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەككە موھتاج .

رۇبائىي

چوڭ ـ كىچىكلىك مەۋجۇتتۇر ئىنسانلار ئارا ،
پۈكۈلگەندە پەرق بولماس بارماقلار ئارا ؛
پەسنى ياكى ئېگىزنى ئىزدېمەك بولساڭ ،
نەزەر تاشلا يەردىكى يەكسانلار ئارا .

بارلىق ئىنساننىڭ تاپاۋتى ۋە شاراپىتى دىنىي ئىسلام بىلەندۇر . ئەمما مىللەتنىڭ خىلاپىدىن ئىھتىراز قىلماق كېرەككى ، كۆرگەنلا ئادەمنى دوست ھېسابلاش دۇرۇس ئەمەس . مەنمۇ نەچچە مەزگىلدىن بېرى ساڭا ئوخشاش بىر ئەرگە موھتاج ئىدىم . بەجايىكى ھەرقانداق خوتۇنغا ھەر شەھەرنىڭ ئۆز قائىدە ـ رەسمى بويىچە مۇھەببەت ئىزھار قىلغۇچىلار چىقىدۇ . ئاڭلىسام سېنىڭ مال ـ دۇنياغا ئېتىياجىڭ يوق ئىكەن . خۇداغا شۈكرىكى ، مېنىمۇ مال ـ دۇنياغا غېنى قىلىپتۇر ، يەنە ھەم بېرۇر . بىر شەرتىم باركى ، ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقساڭ ئەقدە نىكاھىڭغا ئۆتىمەن . گەپ تامام ، ۋەسسالام » .

— ئۇ قانداق ئىش بولغىيدى ؟

— بۈگۈن ماڭا مېھمان بولغىن . مەن مەلىكىدىن سوراپ كېلىپ ، سەندىن ۋەدە ئالغاندىن كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن ، — دېدى موماي .

ئاندىن ئۇ مېنى خىلۋەت بىر خانىغا باشلاپ كىردى . ئاقساقاللار ، ئىشىك باقاۋۇللىرى ۋە خاس مۆتىۋەرلەر سۆھبەتلىرى ئارقىلىق مېنى

زېرىكتۈرمەي ئولتۇرۇپ تۇردى . موماي ھەرمەگە كېتىپ بىرەر ئاش پە-
شىمچە ئۆتكەندە كەلدى ۋە داستىخان سېلىنىپ غىزا يېيىلىپ بولغاندا
ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، تەبرىكلەيمەنكى ، مەلىكە ساڭا رازىلىق بەردى .
ئەمما ئۇ : « بىر شەرتىم بار ، شۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالىسا ئاندىن
تېگەي » دېدى .

— پەرمانبەردارمەنكى ، ئۇنىڭ شەرتلىرى نېمىكىن ؟

— بەھرۇزنى ئېلىپ كىرىڭلار ! — دېگەن ئىدى ، خادىملار چا-
قىرغىلى چىقىپ كېتىپ ، بىر ئادەمنى باشلاپ كىردى .

ئۇ ، سودىگەرگە ئوخشايتتى ، لېكىن بېلىگە تىللادىن ياسالغان
بىرەر مىڭچە ئاچقۇچنى ئېسىۋالغان ئىدى . ئاچقۇچلارنىڭ ھەربىرىدە 10
مىڭ تىللانىڭ نىشانى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ قائىدە - رەسمىدە 10 مىڭ
رۇپىيە تاپقاندا ئىشىك ئالدىغا بىر بايراق قويۇلىدىكەن .

موماي ئۇنىڭغا يېنىمدىن جاي كۆرسىتىپ ئېيتتى :

— ئى بەھرۇز ، نەمرۇز ۋىلايىتىدە نېمىنى كۆرگەن بولساڭ بۇ يە-
گىتكە ئەينەن ھېكايە قىلىپ بەرگىن .

## بەھرۇزنىڭ ھېكايىسى

بەھرۇز ماڭا يۈزلىنىپ ھېكايىسىنى باشلىدى :

— ئى دەرۋىش ، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى ، مەلىكىمىزنىڭ مىڭ
غۇلامى بار . ئۇلارنىڭ ھەممىسى سودىگەر بولۇپ ، ئەڭ تۆۋەن تۇرىدىغىنى
مەن ئىدىم . مەلىكە تىجارەت ئۈچۈن دەسمايە بېرىپ ، ھىندى ، رۇم ،
شام ، ھەلەب ، مەغرىب ، فەرەڭ ، چىن ، چىن ماچىن ( خوتەن ) ،
بەدەخشان قاتارلىق جاھان ئەللىرىگە ماڭدۇرۇپ تۇرىدۇ . بىز توختىماي
سەپەر قىلىمىز . ھەر نۆۋەتلىك سەپەر نەچچە يىلغا سوزۇلىدۇ . سەپەردىن
كەلگەندە مەلىكە بىزدىن نەگە بارغانلىقىمىزنى سورىمايدۇ ، بەلكى بىسىپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۆتكەن ۋىلايەتلەرنىڭ ۋەزىيەت ئەھۋالى، يولۇققان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر، قىسقىسى، نېمىنى كۆرگەن بولساق شۇنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈندۇ. بۇ بىزنىڭ مەلىكىگە ئېلىپ كەلگەن تۆھپىمىز بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر قېتىم نەمرۇز شەھىرىگە بارغان ئىدىم، ئۇ يەر خەلقىنىڭ ھەممىسىنى قارىلىق كۆردۈم. ئەمما كىشىلەردىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تىت - تىت بولۇپ يۈرەتتىم، يېگى ئاينىڭ تۇنجى تاڭ قۇياشى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن شەھەر خەلقى دولقۇن ياساپ، شاۋقۇنى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئۇچرىغانلاردىن كوچىلاپ سورىسامۇ، سەۋەبىنى ھېچكىم ئېيتمىدى. ئاخىر ياشانغان بىر كىشى:

— بىز بىلەن بىللە بارساڭ، نېمە ۋەقەلىكنى بىلىپ قالسەن، — دېدى.

مەن ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدۇم. پادىشاھ، سىپاھلاردىن تارتىپ يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ھەممە ئادەم شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ شەرق تامان راۋان بولدى. بىر فەرسەخ ماڭغاندىن كېيىن سەھراغا يېتىپ باردۇق. ئالدى تەرىپىمىزدە بىر قومۇشلۇق توقاي بار ئىدى. پۈتكۈل ئادەم قارىلىق كىيىم بىلەن سەپ تۈزۈپ تۇردى. ھەممەيلەن ئىنتىزارلىق ئىلكىدە بىر نېمىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئارىدىن ئۈچ ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندە توقايلىق ئىچىدىن شىرغا ئوخشاش بىر يىگىت سېرىق ئۆكۈزگە مىنىپ چىقىپ كەلدى. ئۆكۈزنىڭ جابدۇقلىرى ئالتۇندىن بولۇپ، يىگىتمۇ ئۇچىسىغا قارا كىيىم كىيىپ، بېلىگە ئاق كەمەر باغلىغان ئىدى، چاچلىرى بېلىگە چۈشۈپ تۇراتتى، قولىدا شەمشەر، كۆزلىرى يولۋاسنىڭكىدەك قانلىق، ئاغزىدىن يىرتقۇچلار خىرىس قىلغاندا ئۆرلىگەندەك كۆپۈك چىقىپ، خۇددى ئوممان دېڭىزنىڭ بۇژغۇنىنى ئەسلىتەتتى. 14 ياشلىق بىر غۇلام ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قويىندا بىرنەرسە باردەك قىلاتتى. يىگىت يانىڭ كىرىچىنى كۈچەپ تارتىپ ئوق ئۈزگەن

ئىدى ، خەلققە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ سانجىلدى . ئاندىن ئۇ ئۆكۈزدىن چۈشۈپ پىيادە بولدى ۋە كالىنىڭ تىزگىنىنى بېلىگە سېلىپ ، شەمشىرىنى مەھكەم تۇتقىنىچە بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇردى . ھېلىقى غۇلام ئۇنىڭ ئىشارىسى بىلەن خەلقنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر نەرسىنى ھەممە ئادەمگە بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ چىقتى . كۆرگەنلەر ھەيران قېلىشماقتا ئىدى . كۆرۈش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە قارىسام غۇلامنىڭ قولىدىكىسى ئەتراپىغا زۇمرەتتىن كۆز قويۇلغان بىر جىنە قاچا ئىكەن . ئۇنىڭ نەپىسلىكىگە گەپ توغرا كەلمەيتتى .

غۇلام ھەممەيلەنگە قويماي كۆرسىتىپ بولۇپ يىگىتنىڭ ئالدىغا باردى . يىگىت ئورنىدىن قوپۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى چىنىنى زەرب بىلەن ئېلىپ يەرگە ئۇرۇۋىدى ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى . ئاندىن شەمشەرنى غۇلامنىڭ گەدىنىگە كۈچەپ بىر چاپقان ئىدى ، بېشى ئۈزۈلۈپ 10 قەدەم يىراققا چۈشتى . ئۆزى شۇ تەقلىدتە ئولتۇرۇپ قاتتىق نالە ـ زار قىلىپ ، ھەسرەت ـ نادامەتلەر ئىلكىدە بۇ نەزمنى ئوقۇدى :

نەزم

دەۋران ماڭا دۈشمەن بولۇپ قىلدى مېنى ھالى بەتەر ،
ئى پەلەك ، يوقتۇر مېنىڭدەك باش ـ ئاياغدىن بىخەۋەر .

يا زېمىن فەرشنى ئالغايسەن ئاياغىمدىن ، پەلەك ،
بولمىسا يېشىل چېدىرنى ئال بېشىمدىن ھېلىگەر .

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قان قىيانلىرى راۋان ئاقتى . خەلق بۇنى كۆرۈپ ، باياۋان قومۇشلىرىدەك تەۋرىنىپ ، كۆككە يەتكەن پەرياد ـ پىغانلىرى بىلەن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . يىگىت خەلقنىڭ يۈرەكىنى ئېزىۋەتكۈدەك نالىسىدىن سۇسىز دەريا بېلىقلىرىدەك بىتاب ، تىنجىق ھاۋا قۇشلىرىدەك كاۋاپ بولۇپ ، ئولتۇرغان يېرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن لاي قىلىۋېتىپ ، ئۆكۈزىگە مىندى ـ دە ، كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كەتتى .



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۇنىڭ قارىسى كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ، خەلق كۆڭۈللىرى يېرىم ھالدا شەھەرگە ياندى .

مەن ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاق ، چەت ـ ياقا جايلارغىچە ئالا قويماي بېرىپ ، ئۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى ، تىرىك تۇرۇپ نېمىشقا بۇنداق ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ھەرقانچە تەكشۈرۈپ ، ھەتتا كىشىلەرگە ئالتۇن ـ تىللا بېرىپ ئالداپ باققان بولسامۇ ، ھېچكىم بۇ توغرىلىق بىرنەرسە دەپ بەرمىدى ، پەقەت « بىزنىڭ قارا كىيىم كىيىشمىز پادىشاھقا ئەگەشكىنىمىزدۇر ، باشقىسىنى بىلمەيمىز » دېيىشتى .

بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىدتە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم ، ھەر ئايدا بىر قېتىم ھېلىقى ئىشنى كۆرۈپ تۇردۇم . ئاخىر ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەي مەلىكىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدىم . مەلىكە سەپەردە كۆرگەن ئىشلار توغرىلىق سورىغان ئىدى ، بايىقى سەرگۈزەشتىلەرنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردىم . مەلىكىنىڭ بۇ سۆزگە ئىشەنگۈسى كەلمەي ، ئىشەنچلىك غۇلاملاردىن بىرىنى ئول ۋىلايەتكە ئەۋەتىپ ، ھېكايە راست بولسا ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ « سىر »نى بىلىپ كەلگىن دەپ تاپىلىدى .

مەلىكە ئەۋەتكەن غۇلام ئۇ شەھەردە خېلى ئۇزاق سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ، ئۆمرى سىرنى ئېنىقلاشقا يار بەرمەي ، بىللە كەتكەنلەر ئۇنىڭ مەلىكىگە يازغان خېتىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى . خەتتە دېيىلىشچە ، ھېكايە قىلىنغان ۋەقەنى ئەينەن كۆرۈپتۇ ، لېكىن سەۋەبىنى ئېنىقلىيالماپتۇ . ئۇ ، مەن بولسام بۇ ئاستانىنىڭ قۇللىرىدىندۇرمەن ، قالغان ئىختىيار ئۆزۈڭلاردىدۇر ، دېدى .

ئاندىن موماي ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، ئاڭلىدىڭمۇ ؟ مەلىكىنىڭ شەرتى شۇكى ، سەن ئول شەھەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ ، كالىغا مىنگەن يىگىت كىم ؟ ئۇنىڭ بۇنداق پەرىشان بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە ؟ زۇمرەتتىن كۆز قويغان چىنە قاچىنى كىم ياسىغان ئىكەن ؟ خەلققە كۆرسىتىشتىكى مۇددىئا نېمە ؟

كىچىك غۇلامنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتتى؟ ئۇ يىگىت نەدە تۇرىدۇ، نېمىشقا ئۆكۈزگە مىنىۋالىدۇ؟ شەھەر خەلقى نېمىشقا قارىلىق بولۇۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ھادىسە ھەر ئاينىڭ بېشىدا تەكرارلىنىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئېنىقلاپ كېلىسەن. ئەگەر بۇنى بىلىپ كېلىپ، مەلىكىگە بەرگەن ۋەدەڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقساڭ مەقسىتىڭگە يېتىسەن ھەم بېشىڭنى ئېلىپ كېتەلەيسەن. ساڭا نېمە لازىم بولسا ھەممىنى مەلىكىنىڭ خەزىنىسىدىن ئېلىپ بېرىمىز. ئۆزۈڭنى ئوبدان دەڭسەپ جاۋاب بەرگەيسەن.

— بارىمەن! يا مەقسىتىمگە يېتىپ قەدىمىمنى پەلەكنىڭ ئۈستىگە قويىمەن، يا مەلىكىنىڭ ئىشقى يولىدا جان بېرىمەن! — دەپ ئىرادە بىلدۈردۈم.

شۇنداق قىلىپ، كالىغا مىنگەن قانخور يىگىتنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندىم.

# قانخور يىگىتنىڭ سىرى

تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى بەكمۇ قىزىق بولىدىكەن. ئول زامان رابىيەسىننىڭ دىدارىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشق ۋەسلى شەۋقىدە ھوشۇمنى يوقىتىپ، يارەنلەرنى دۇئادا ياد ئەيلەپ باياۋان تەرەپكە يۈزلەندىم، تا بىر يىلغىچە ھېچ يەردە توختىماي يۈرۈپ، پۇتلىرىمنى مالامەت تاشلىرىغا ئۇرۇپ، كۆپ رەنج - مۇشەققەتلەر تارتىپ، روزىگار ئالەمىنىڭ زۇلۇم قەدەھلىرىدىن ئاچچىق بادەلەر سۈمۈرۈپ، ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ باردىم.

ئول شەھەر خەلقىنى شۇنداق تەرىقىدە كۆردۈمكى، بەسىرەلىك كىشى قانداق ھېكايە قىلغان بولسا ئەينەن ئىدى. يېڭى ئاينىڭ تۇنجى كۈنى ھېلىقى قائىدە - رەسمى بويىچە ھەممىسى سەھراغا چىقتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ بىرىپ قاراپ تۇرغان ئىدىم، ئۆكۈزگە مىنگەن يىگىت شۇ تەرىقىلىق ھەيۋەت بىلەن چىقىپ كەلدىكى، قانداق



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سۇپەتلەشنى بىلمەيلا قالدىم .

بېيىت

ئۇنىڭ قەددىغە خىزمەتكار ئىدى ھەر ـ ھەر سەنۇبەرلەر ،
بولۇپ دىۋانە ۋەسلىدە يۈزى ئوت ـ لالە ، ئۈز گۈللەر .

ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ ، ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىكىن ئەھۋالىم يامانلىشىپ ھوشۇمدىن كەتتىم . ھوشۇمغا كەلگۈچە ئۇ كېتىپ بولۇپتۇ . خەلقنىڭ ساقلىرى شەھەرگە يۈزلىنىپ ، بىتابلىرى قاپتۇ . يەنە نائىلاج شەھەرگە قايتىپ ، بىر ئايىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۆتتۇم ، ھەربىر نەپەس ئالغۇچە ۋاقىت بىر يىلدەك بىلىنەتتى . ھالىمغا كاپىرنىڭمۇ رەھمى كېلەتتى . مەن پادىشاھلىقنى ۋە مەملىكىتىمنى تاشلاپ :

بېيىت

كۆرمەي تۇرۇپ يار ۋەسلىنى بولدى دىلىم قانغا تولۇپ ،
قالدى شاھلىق خانىمانىم ، كەتتى ئۆمرۈم بەربات بولۇپ

دېگەندەك ھالغا يەتكەن ئىدىم .

ئەلقىسسە : ئۇزاقتىن بۇيان باباۋانلاردا تاشنىڭ زەخمى ، تىكەننىڭ رەنجىدىن جىسمى ئازار يەپ ، كۆڭلى يەتكۈچە دەرد تارتقان ، ئول ئۆكۈز مىنگەن يىگىتنىڭ ئۇرغان ئاھلىرىنىڭ يالقۇنىدا ھاۋادىكى قۇشلارنىڭ يۈرەكلىرى پۇچىلىنىپ ، دەريادىكى بېلىقلارنىڭ جىگەرلىرى كاۋاپ بولغان ئىدى . سەۋر ـ تاقەتنىڭ بىناسى كۆز ياش كەلكۈنىدىن ئۆرۈلەي دەيتتى . ئۇنىڭ سەرۋىنى ئەسلىتىدىغان قاملاشقان تۇرقى ، كۈندەك جامالى ، قاپقارا بۇرۇتلىرى ، يۈرىكىنىڭ تاشتەك قاتقانلىقىغا قارىماي ، چىن گۈزەللىرىنىڭ يۈرىكىنى پېرىلدىتاتتى ، قان قىلىۋېتەتتى ؛ جان ئالغۇچى كۆزلىرىدىن چولپان خىجىل ئىدى ؛ دىۋانە ـ شەيدالىقى ئالىدا مەجنۇن يېپ ئىشلەمەيتتى .

ئەلـقـىـسسە : يۈزلىگەن خارلىق ھەم زارلىق مۇپتىلالىقى ئىچىدە ئۇ ئايـنـىـمـۇ ئۆتـكـۈزدۇم . يـېڭى ئاينىڭ تۇنجى كۈنى يەنە خەلققە ئەگىشىپ ھېلىقى سەھراغا بېرىپ ، ئۇ يىگىتنى يەنە شۇنداق ھالدا كۆرۈپ ، ئەھۋالىغا قـار - يـامغۇر يىغلىدىم . ئۇ پەلەكنى لەرزىگە سالغان يىغا - زارلاردىن كېـيـىـن ئۆكـۈزـگـە مـىـنـىـپ تـوقاي تەرەپكە راۋان بولدى . مەن خەلقنىڭ سـېـپـىـدىن چىقىپ ئارقىسىدىن بېرىشقا تەرەددۇتلەنگەن ئىدىم ، كىشىلەر مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ماڭغىلى قويۇشمىدى .

— ئەي ھاماقەتلىكتە چېكىگە يەتكەن تەلۋە ، — دېدى ئۇلار ، — ھېـچـكـىـم بـۇنـداق بـالانـىڭ ئارقىسىدىن بېرىشنى خالىمايدۇ ! جېنىڭدىن تـويـدۇڭـمـۇ يـا ؟ بـۇنـداق ئەخـمـىقانە نىيەتتىن كەچ ، بولمىسا قېنىڭنىڭ تـۆكـۈلـۈشـىـگە ئۆزۈڭ سەۋەبچى بولىسەن ۋە ئىككىلا ئـالـەمـدە زىـيـان تارتىسەن !

ئۇنـىـڭ ئارقـىـسىدىن بېرىپ ئەھۋالنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قانچە قـىـلـغـان بولساممۇ ، ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار كەتتى . يەنە شەھەرگە قايتىپ ، غـەم - قـايغۇ ، ئىنتىزارلىق دەشتىدە چاڭقاپ ، كېلىدىغان ئاينىڭ بىرىنچى كـۈنـىنى كۈتۈشتىن ئۆزگە ئامال قالمىدى . ئاخىر جېنىمنىڭ تەڭدىن تو- لـىـسى تـۈگـەپ ، قـۇرت - قـوڭـغۇزدەك ھالـىم قالغاندا كۈتكەن ۋاقىتقا ئۇلاشـتـىـم . كـونـا ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ئەندىشە قىلىپ : « ئەتە يـەنـە شـۇنـداق قـىلارمۇ ؟ ئەمـدى بـىـر چـارە تـاپماق لازىمكى ، ھېچكىم تـوسـۇۋالالمىغاي » دېگەننى ئويلاپ ، شۇنداق قارارغا كەلدىم : « كېچىسى شـەھەردىـن چـىقىپ توقاينىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ، يىگىتنىڭ كېلىدىغان يـولـىنى كۆزەتمەك لازىم » . شۇنىڭ بىلەن ، دېگىنىمدەك قىلىپ توقاينىڭ ئىـچـىـدە ئولـتـۇردۇم . بـارلـىـقىمنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتۈشكە باشلىدىم . ۋاقتىكى ، ئول يىگىت ھەر قېتىمدىكىدەك توقايلىقتىن چـىقىپ ھېلىقى جايغا بېرىپ ، ئادىتى بويىچە ئىش - ئەمىلىنى تۈگىتىپ ، كـەلـگـەن يـولـى بـىـلـەن قـايـتـتـى . مـەن ئۇنـىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈگۈردۇم . ئۇ شەپىنى سېزىپ قېلىپ كەينىگە قارىدى ۋە ماڭا قاراپ :



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— هاي ، جاندىن تويدۇڭمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

ئاندىن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ، ئۆكۈزنى مەن تەرەپكە چاپتۇرۇپ كەلدى . « ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم » دەپ ئىچىمگە ئەندىشە چۈشۈپ ، ئارقىدىن : « بۇنىڭ ساراڭلىقى راست ساراڭلىق ئەمەس ، ئۇنىڭ تىغىدىن قېچىش نامەردلىك . ئەگەر ئۇنىڭ تىغىدا ئۆلسەم بۇنداق تىرىك ياشىغاندىن نەچچە ھەسسە شەرەپلىكتۇر » دېگەن ئويغا كېلىپ ، ھەرقانداق خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەرسىمۇ قاچماسلىقنى قارار قىلدىم ـ دە ، قوينۇمدىن نەچچە تال ياڭاقنى ئېلىپ : « دەرۋىشلەرنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىسى » دېگىنىمچە ئالدىغا باردىم . ئاندىن ئۇنىڭ تىغىغا بېشىمنى ئېگىپ تۇردۇم . ئۇ مېنى بۇنداق ھالەتتە كۆرۈپ ، ئاچچىقىدىن ياندى .

— دەرۋىشمۇسەن! — دېدى ئۇ قىلىچىنى قىنىغا يىغىشتۇرۇپ،— لەنەت سېنى كۈشكۈرتكەن شەيتان ۋەسۋەسىگە . ئەجىلىڭ يەتمەستىن بۇرۇن كەينىڭگە ياندىن !

ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ پۇتۇم مېڭىشتىن ، تىلىم گەپتىن توختىدى . ئۇ يەنە يولىغا راۋان بولدى ، بىردەمدىلا يىراقلاپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى . مەن ئېسىمنى يىغىپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم «ئەمدى ئارقامغا يېنىشىم دۇرۇس ئەمەس ، نېمىلا بولمىسۇن كەينىدىن بېرىشىم كېرەك ، يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم ! »

ئىچىمدە شۇنداق دەپ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتىم .

نەزم

ئەگەر ئۆي ئىچرە كىم بەرمەس ساڭا يول ،
نا ئۈمىد بولمىغىن بەرسە كېرەك پۇل .

ئول يىگىتكە يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا ، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ غەزەپ بىلەن تىكىلدى . ئاندىن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ شۇنداق شىلتىدىكى ، ماماتىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ « كەلىمە تەييىبە »نى ئوقۇدۇم ـ دە :

— ئى يىگىت ، مەردلىكىڭنى جارى قىلىپ ، تىنىقىڭنىڭ زەربىنى مەندىن ئايىغىن . بۇ غەم ـ غۇسسە باياۋاندىن ماڭا نىجاتلىق بەر ، مېنى بۇنداق بىھۇدە ئۇرۇنۇشتىن خالاس قىلغىن ! — دېدىم .

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ، ئاچچىقى بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ ئېيتتى :

— ئى بىغەرەز ، نېمىدەپ ناھەق ئۆلۈمنى بويىنۇڭغا ئالماقچى بولىسەن ؟ شەيتىنىڭغا لەنەت قىلىپ ، جاھىللىقىڭدىن يېنىپ ئارقاڭغا قايتقىن . بۇ نۆۋەتمۇ نەسىھەت بىلەن بولدى قىلاي !

ئۇ ئۆكۈزنىڭ بېشىنى بۇراپ يولىغا ماڭدى ، مەنمۇ تەن بەرمەي ئارقىسىدىن ئەگەشتىم .

رۇبائىي

بېرەي دېسەم تەن ئاڭا ئىكەن ئۇيات ،
قەيسەردىن ئات قالدۇ ، نامەردتىن داد .
ئەقىل ئېيتتى : بارما ، كەينىڭگە يان !
ياق ، بارىمەن ! يارغا بولمايمەن مات .

ئەلقىسسە : يىگىت كېتىۋېتىپ مېنى كۆز قۇيرۇقىدا كۆرۈپ قالدى . ئەمما كۆرمەسكە سېلىپ ئىككى فەرسەخچە يول يۈرگەن ئىدى ، بىر باغ قورغىنى كۆرۈندى . ئۇ مېڭىۋېرىپ باغنىڭ دەرۋازىسىغا يەتكەندە يۈرەك قاتلىمىدىن شۇنداق بىر نەرە تارتقان ئىدى ، قورغان ئەتراپىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل دەشتۇچۆللۈكلەر لەرزىگە كەلدى . ئاندىن قورغان دەرۋازىسى ئېچىلىپ يىگىت ئىچكىرى كىرىپ كەتتى .

مەن تاشقىرىدا ھەيرانلىقتا پېتىپ تۇراتتىم ، بىردەمدىن كېيىن بىر غۇلام چىقىپ :

— ئى ئەجىلى يەتكەن بىغەرەز ، قانداق بولۇپ بۇ قانخور ساراڭغا يولۇقۇپ قالدىڭ ؟ — دېدى .

مەن كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى بايان ئەيلىۋېدىم ، ئۇ ئېيتتى :



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

— يۇرگىن ، ئۇ سىنى چاقىرىدۇ . خۇدايىم سىنى ئۇنىڭ دەرگاھىدىن زىيان ـ زەخمەتسىز قايتۇرغاي !

غۇلام مىنى باشلاپ ماڭدى . ئىچكىرىگە ئاياغ بىسىپ كۆردۈمكى ، ئەپسانىلەردە ئىيتىلغان جەننەتتەك گۈزەل ئىكەن .

ئى شەھرىيار ، ئۇ باغنى شەرھلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ . باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالىي ئىمارەت بولۇپ ، ئىگىزلىكى ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرۇپتۇ . ئىمارەتكە كىرسەم جاھاندىكى ھەرقانداق پادىشاھلارنىڭكىدىن ئىشىپ چۈشىدىغان ئىسىل تەخت ئالدىمدا نامايان بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە زەرباب بىساتلار سىلىنىپ ، يۇقىرى تەرىپىگە بىر ئالتۇن كۇرسى قويۇلۇپتۇ . كۇرسىدا ھىلىقى يىگىت ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ ئالدىغا بىر چىنە قاچىنى توختىتىپ ، چۆرىسىگە ھەر خىل لەئل ، زەبەرجەد ، زۇمرەت پارچىلىرىدىن نەقىش قويغىلى تۇرۇپتۇ .

باشلاپ كىرگەن غۇلام مىنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى . ئەمما مەن ئولتۇرماي ئۆرە تۇرۇۋەردىم . ئۆز ئىشىغا پۈتۈن زىھنى بىلەن بى- رىلگەن يىگىتنىڭ قاراشقا چولىسى يوق ئىدى . ئۇ ، كەچ كىرگەندە ئىشنى توختىتىپ بىشىنى تاشقىرىغا چىقىرىپ ، ھەسرەتلىك بىر نەرە تارتىۋىدى ، ئىمارەت ۋە باغ ئىچى لەرزىگە كەلدى . غۇلام ۋە خىزمەتكارلار ھەر تەرەپكە قىچىشتى . ئىمارەتنىڭ ئىچىدە ھۇجرىلار جىق ئىدى . مەنمۇ ھەر ئىھتىمالغا قارشى بىر ھۇجرىغا كىرىۋالدىم .

يىگىت ئىشىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئىتىپ ، بايىقى تەرىزدە ۋارقىرىغان پىتى ئىمارەتتىن چىقىپ ، باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا راۋان بولدى . خۇدانىڭ ياخشىلىقى بىلەن ، مەن كىرگەن ھۇجرىنىڭ باغ تەرەپكە ئىچىلىدىغان بىر ئىشىكى بار ئىكەن ، ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئىچىپ تاشقىرى چىقىپ ، باغنىڭ بۇلۇڭى تەرەپتىن كىلىۋاتقان ئىچىنىشلىق نالە ـ پەريادنى ئاڭلاپ قالدىم . تاياقنىڭ زەرب بىلەن تەگكىنىمۇ ئوچۇق ئاڭلى- ناتتى . دەرەخنىڭ دالدىسى بىلەن بارغان ئىدىم ، ھىچكىم كۆرمىدى . يىقىن بىرىپ كۆردۈمكى ، ھىلىقى يىگىت يوغان تاياق بىلەن ئۆكۈزنى

توختىماي ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ئۆكۈزنىڭ ئۆزىنى ھەريان ئېتىپ ھۆر كىرەشلىرىگە چىداپ بولمايتتى.

يىگىت ھارغان بولسا كېرەك، تاياقنى تاشلىۋېتىپ، يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ بىر ئۆينىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى ــ دە، دەلدەڭشىگىنىچە كىرىپ كەتتى، ئۇ ئۆي ئىچىدە تاكى يېرىم كېچىلەرگىچە يىغا ــ زار قىلىپ توختاۋسىز ئايلىنىپ يۈردى. مەن يېقىنلاپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالماستىن نېرىدىن كۆزەتمەكتە ئىدىم.

خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن، يىگىت ئۆيدىن چىقىپ يەنە ئۆكۈزنىڭ قېشىغا باردى. ئەمدى ئابايامقى زالىملىقنىڭ تەتۈرسىچە، بىچارىنىڭ تاياق تېگىپ زېدىلەنگەن جايلىرىنى سىلاپ، كۆزلىرىگە سۆيۈپ «ئەپۇ» سوراپ كەتتى، ئاندىن مېھرىبانلىق بىلدۈرۈپ ئالدىغا ھەلەپ قويدى. ئۇ ئىمارەت تامان يۈرگەندە، مەن يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ دەرەخلەر ئارىسى بىلەن ئالدىن بېرىپ، بايامقى ئۆيگە كىرىۋالدىم. ئۇ ئىمارەتكە كىرگەندىن كېيىن ھۇجرىلارنىڭ ئىشىكلىرىنى بىر ــ بىرلەپ ئېچىپ بىرلا قىچقارغان ئىدى، ھەممەيلەن تاشقىرى چىقتى.

بۇ چاغدا سۇبھى يورۇغان بولۇپ، يىگىت چىراغنى يورۇتۇپ نامازغا تۇردى. نامازدىن فارىغ بولغاندىن كېيىن مېنى قىچقىرىپ:

— ئى زالىم دەرۋىش! قەيەردىن كەلدىڭ؟ راستىڭنى ئېيت! — دېدى.

مەن ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەن ئىدىم، ئولتۇرۇشۇمغا ئىشارەت قىلدى. كۆرسەتكەن جايدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدىمغا داستىخان سېلىپ تائام كەلتۈردى. لېكىن غىزاغا تاۋىم تارتمايتتى، شۇنداقتىمۇ زورلاپ بىرنەچچە لوقما يېدىم. داستىخان يىغىشتۇرۇلدى.

ئۇ غۇلاملىرىنى ئۇخلاشقا چىقىرىۋېتىپ ماڭا شۇنداق دېدى:

— ئى يىگىت، خۇدانىڭ بىگانىلىقى ھەققىدە قەسەمكى، مەقسىتىڭ زادى نېمە؟ قايسى مەجبۇرىيەت بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالاپ قالدىڭ؟ نېمە ۋەجىدىن ئارقامغا كىرىۋالسەن؟ بىلەمسەن، ئادەم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

پىچاق سۆڭەككە يەتمىگۈچە جىنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلمايدۇ . ئۆزۈڭنى مۇشكۈل ئىشقا زورلاۋاتىسەن . بىلىمەن ، قەلەندەرچە كىيىنىپ ئارقامدىن كېلىشىڭدە ، ئەلۋەتتە ، بىر مۇددىئايىڭ بار . خۇدا ھەققى قەسەم قىلىمەنكى ، ئەگەر جىنىڭ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ راست گەپ قىلساڭ ھەرقانداق تەلىپىڭنى قولۇمدىن كېلىشىچە بەجا كەلتۈرىمەن ، ئۆزۈڭمۇ تىرىك قالىسەن . يالغان ئېيتىدىكەنسەن ، جىنىڭنىڭ ئامان قې-لىشىدىن ئۈمىد كۈتمە .

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جۇرئەتلەندىم ــ دە ، بېشىمغا كەلگەن پۈتكۈل ئىشلارنى قالدۇرماي بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدىم . ئۇ كۈتۈلمىگەندە باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ ئېچىنىشلىق نالە ـ پەرياد چەكتى ، ئاندىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭمۇ ئىشق گىرىپتارى ئىكەنلىكىنى سەزدىم . بېشىنى قۇچىقىمغا ئېلىپ چېكىلىرىنى يۇمشاق ئۇۋۇلاپ ھوشىغا كەلتۈردۇم .

ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئېيتتى :

ـــ ئى خۇدانىڭ ياخشى بەندىسى ، بىلدىمكى ، سەن سەۋر قاچامنى تاشتۇرۇپ ئارامىمنى بۇزغىلى كەلگەن ئىكەنسەن . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتـ-كەندە سىرنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ ، ئەجرىڭنى يەردە قويسام ئىشق سۇلتانىغىمۇ جاۋاب بېرەلمەيمەن . ئەمما مېنىڭ ھالىم نە بو-لۇركىن ؟

# غايىب بولغان گۈل

ئى بۇرادەر ، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى ، مەن نەمرۇز شەھىرى پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن . ئاتامنىڭ مەندىن باشقا پەرزەنتى يوق ئى-دى ، تېخى نەچچە يىلغىچە دۇئا ـ تەلەپ قىلىپ ، نەزىر ـ چىراغ ، سەدىقە ـ ساخاۋەتنى ئايىماي قادىر خۇداغا سىغىنىش ئارقىلىق ئاران ماڭا

ئېرىشىپتۇ . مەن دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ ئۈچ ياشقا كىرگۈچە خەلقتىن باج ـ سېلىق ئالماپتۇ .

قۇرئەنداز ۋە مۇنەججىملەرنى يىغىپ ، تەقدىر ـ قىسمىتىم ھەققىدە قۇرئە سالدۇرغان ئىكەن ، ئۇلار :

ـــ بۇ ئوغۇلنىڭ بەخت ـ تەلىيى كاجدۇر ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە نەسلىكتىن قۇتۇلالماس . ئەگەر 14 ياشقىچە تالا ـ تۈزگە چىقارماي ئۆيدە باقسا تىنىچ ئۆتۇر . بالاغەتكە يەتكەندىن باشلاپ بېشىغا شۇنداق ئېغىر كۈنلەر كېلىدۇكى ، خۇدا ھېچ بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن ، ساراڭ بىلەن ئوڭنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ ! ـــ دېيىشىپتۇ .

ئاتام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، « قىلمىغىنى قالماي ئاران ئېرىشكەن » پەرزەنتىنىڭ بولمىغۇر تەقدىرىدىن ۋايىم يەپ ، شۇ سائەتتىلا مېنى ئىنىكئانىلار بىلەن قوشۇپ ئىچكىرى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . ئاندىن : «بۇ بالىنى 14 ـــ 15 ياشقىچە بۇ يەردە قويۇشمۇ دۇرۇس ئەمەس » دەپ ، ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ماڭا شەھەرنىڭ سىرتىغا بىر باغ بىنا قىلدۇرماقچى بوپتۇ . بىناكار ـ باغۋەنلەر تەڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ مەخسۇس ئىمارەت ۋە چاھار باغمۇ تېز پۈرسەتتە پۈتتۈرۈلۈپتۇ . ھۆكۈما ـ ھەكىملەرنى جەم قىلىپ ، باغ بىلەن سىرتنىڭ ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈش ، مۇمكىن بولغاندا ئۈستىنى يېپىپ ، كۈن چۈشمىسىمۇ يورۇق تۇرۇشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپتۇ . ئاخىر بۇ پىلانمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپتۇ . ئاندىن مېنى ئىنىكئانا ۋە پىر كامىل تەربىيىچى ئۇستازلار بىلەن قوشۇپ باغقا بەند ئەيلەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، يەتتە ياشقىچە ئىنىكئانىلارنىڭ تەربىيىسىدە بولدۇم . سەككىز ياشقا قەدەم قويغاندىن تارتىپ ئۇستاز خەت ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگىتىشكە باشلىدى . ھەر ئايدا بىر قېتىم ئىنىكئانام بىلەن ئۇستازىم تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتەتتى ، مەن ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم . كېيىنچە بۇنىڭ تېگىگە يەتتىمكى ، ئۇلار ئاتامنىڭ قېشىغا خۇپىيانە بېرىپ يولىيورۇقنى ئالىدىكەن ۋە كېتەرلىك تۇرمۇش لا-



ئەۋلاد كۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

زىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ قايتىدىكەن .

مەن 14 ياشقا كىرگەندە ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ، كىتاب مەنىلىرىنى يېشەلەيدىغان ئالىملىق دەرىجىسىگە يەتتىم . ئەمما ، ئىنىكئانا ، مۇئەللىم ۋە خىزمەتكارلاردىن باشقا ئادەم بىلەن ئۇچراشمىغاچقا ھەم باغدىن سىرتقا چىقمىغاچقا ، ئەمەلىي بىلىمىم يوق ئىدى . باغنىڭ ھاۋاسىنىڭ ياخشىلىقىغا گەپ كەتمەيتتى . ھەر كۈنى ناماز بامداتتىن كېيىن باغنى سەيلە قىلاتتىم ، گۈللەرنى ئۈزۈپ پۇرايتتىم . ئەتىگەنلىك غىزانى يەپ بولۇپ ئوقۇش - ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىناتتىم . مۇئەللىم زېرىكمەي تەلىم بېرەتتى .

قازايى قەدەر يېتىپ ، باغ باھار پەيزىگە چۆمگەن گۈزەل پەسلىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى . ئادىتىم بويىچە ئېتىكىمگە گۈللەرنى ئۈزۈۋېتىپ ، بىر ياندا ئېچىلغان ئۆزگىچە بىر غۇنچىنى كۆردۈمكى ، بۇنداق رەڭدىكى گۈلنى مۇشۇ كەمگىچە ئۇچراتمىغان ئىدىم . ئۇنى ئۈزۈش ئۈچۈن قولۇمنى شۇنداق ئۇزىتىۋېدىم ، شۇئان غايىب بولدى . بۇ ھالدىن ھەيرانلىقىم ئېشىپ كېتىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتسام ، ھېلىقى گۈل يەنە ئۆز ئورنىدا پەيدا بولدى . ئەمدى ئۈزۈشكە ئالدىرىماي ، ئىككى كۆزۈمنى تىككىنىمچە ئولتۇردۇم . ئەجەبلىنىش ئوتلىرى ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەشكە باشلىدى . گۈل خۇددى ئوت ئۇلغايغاندەك بارغانسېرى يوغىناۋاتاتتى . ئۇنى تاماشا قىلىشقا بېرىلىپ ئۆزۈمنى يوقىتىشقا ئاز قالدىم . شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز باغنىڭ يۇقىرىسىدىن بىر كىمنىڭ كۈلگەن ئاۋازى كەلدى . بېشىمنى بۇراپ : « بۇ قانداق ئىشتۇ ؟ » دەپ قارىسام ، نەچچە يىلدىن بۇيان يامغۇر چۈشۈۋېرىش تۈپەيلىدىن تېشىلگەن تام تۆشۈكى كۆرۈندى . قىزىقسىنىپ تۆشۈككە يېقىن كېلىۋېدىم ، كۆزۈمگە ھاۋادا بىر تەخت تۇرغانلىقى چېلىقتى ، تەختنى بەرجەس تۆت كىشى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ . كۈلكە ئاۋازى ئاشۇ تەختتىن كېلىۋاتاتتى . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇلار ئاسماندىن چۈشۈپ ، ھېلىقى تۆشۈكتىن باغقا كىردى . تەختنى كۆتۈرگەنلەر ئۇنى يەردە قويۇپ ، بىر چەتتە قول باغلاپ تۇردى . قارىسام تەختتە بىر سەنەم

ئولتۇرۇپتۇكى ، ھۆسن ـ جامال نۇرىدىن باغ كۇندۇزدىنمۇ روشەن يورۇپ كەتتى .

ئەبيات

ۋادىغا يەتمىگەن پەرىزادى ،
تۇتار ئاھۇنى گوللاپ سەييادى .

بەدىنى ئاق كۇمۇش ، يۈزى گۈلرەڭ ،
قېشى كاماندۇر ، كىرپىكى خەدەڭ ① .

كۆزلىرى جادۇ ، خۇلقى ئۈز ئاندىن ،
كىرپىكى ئۇقادۇر ، زۇلپى ئەنبەردىن .

خۇشبۇي چاچلىرى ئۆرۈلگەن تاراپ ،
كۆزلىرى بۇلاقكى ، تەشناغا شاراب .

زىناقلىرىدىن تىپىلار ھايات ،
شېرىنلىكتە ئۇ كۇملاچ ناۋات .

لالەرەڭ مەڭزى گوياكى ياقۇت ،
سۆيسە يېقىملىق مەست بولۇر ۋۇجۇد .

ئاغزى نىلۇپەر ، چىشى دۇر ـ ئۈنچە ،
تىلىكىم شەكەر ، بويى ئۈز غۇنچە .

لەۋلىرى مەي رەڭ ، چېكىسىدە خال ،
كۆزنى چاقنىتار ئۇنىڭدىكى ھال .

---

① خەدەڭ ـــ ئوق ( ئوقيا ئوقى )



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

قارىغان كىشىنى قىلار ئۇ خۇمار ،
« كۆز تەگمىسۇن » دەپ ئېسىپتۇ تۇمار .

تەختنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇلەر ،
ئايدەك يۈزنى يوشۇرۇپتۇلەر .

كۆكرىكى ئاپئاق ، يېسە تويماس خام ،
ئىككى مېۋىسى پۇختىكەن تامام .

ئۇنىڭ بېشىدا جاۋاھىرلاردىن ياسالغان تاج بولۇپ ، تۆت قۇببىسى پۇتۇنلەي مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن ئىدى . ئۇ ئاشۇ تاجنىڭ شەكلىدە ياسالغان تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى . ھېقىق شىشە بىلەن گۆھەر جامنى يېنىدا قويۇۋالغان ئىدى . شۇ دەقىقىدە ئۇ مېنى كۆردى ۋە تاتلىقىنە بىر بېقىپ مىيىقىدا كۈلۈش بىلەن ئىشق جاراھىتىمگە تۇز چاچتى . ئاندىن ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن يېنىغا چاقىرغان ئىدى ، ھودۇققان ھالدا ئالدىغا باردىم ـ دە ، تەختنىڭ پۇتلىرىغا سۆيدۈم . تەگداشسىز پەرى قولۇمنى تۇتۇپ ئالدىدا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ، جامنى مەيگە تولدۇرۇپ ئاۋۋال ئۆزى ئىچتى ، ئاندىن ماڭا تۇتتى . ئۇنىڭ چىرايىنى ئەمدى ئېچىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىگەن ئىدى .
— ئىست ! ئادەمزاتنىڭ ۋاپاسى يوق ، — دېدى ئۇ چوڭقۇر تىن ئېلىپ ، — بولمىسا كۆڭلۈمنى سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە بەخش ئېتەر ئىدىم !
ئۇ يەنە بايىقى تەرىزدە ئۆزىمۇ ئىچىپ ، ماڭىمۇ تۇتۇپ بىر پەستىلا كەيپىمنى كۆتۈردى . بىخۇدلۇق ئىشكى يۈزۈمگە ئېچىلىپ ، ئۆزۈمنى يو- قىتىپ قويدۇم . مەن مەستلىكتە يىغلىماقتا ئىدىم ، ئۇ توختىماي كۈلەتتى . كېيىن ئۇنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى يۈزۈمگە تەگدى . شۇ چاغدا ھاۋادىن بىرنەچچە كىشى چۈشۈپ ، مەن ئۇقمايدىغان تىلدا بىر نېمىلەرنى دېدى .
ئول پەرى پەيكەر بىردىنلا ساراسىمىگە چۈشتى ـ دە ، مېنى قان- غۇدەك بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ، تەخت ئۆزرە قەددىنى رۇسلاپ ئېيتتى :

— ئى ئەزىز يىگىت ، سەن بىلەن يەنە بىردەم سۆھبەت پەيزىنى سۇرمەكچى ئىدىم . ئەمما پايدىسىز ئالەم يار بەرمىدى .

نەزم

كەتتىم ھىجرىڭ پىراقىدا دىغىڭنى ئېلىپ مەن يادىگار ،
ئۇنتۇماي ئەستە چىڭ تۇتقىن ، ياشلىق قەلبىڭ قانداق پايلار .

ئەمدىكى گەپ بىۋاپالىق شارابىنى ئىچىش - ئىچمەسلىكىڭدە قالدى !

— ئى كۆڭلۈمنىڭ قىبلىسى ، — دېدىم ياشلىرىمنى يامغۇردەك تۆكۈپ ، — سېنى قايدىن تاپارمەن ، دېرىكىڭنى كىمدىن سورارمەن ؟

— ھەرقانچە ئىزدىسەڭمۇ مېنى تېپىشىڭ مۇمكىن ئەمەستۇر . ئادەمزاتنىڭ بىزنى تېپىشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ .

— ئۆزۈڭ قايسى گۈلىستاننىڭ گۈلى ، قايسى بوستاننىڭ سەرۋ نەخلىسىدۇرسەن ؟

— مەن چىن ماچىن ۋىلايىتىنىڭ پىرلىرىنىڭ شاھ نەسلىدىندۇرمەن !

ئول سەنەم جاۋابەن شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ، تەخت لەپپىدە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى . مەن ئۆزۈمنى يوقىتىپ ، ئەقىل - ھوشتىن بىگانە بولدۇم .

بېيت

ئەقىل - ھوشۇم ۋە پاراسەت كەتتى ئۇ دىلدار بىلەن ،
ھەم يەنە ئىش پەكرى ئۇچتى كۆڭۈلدە بار بىلەن .

ئى دەرۋىش ، ئەھۋالىم ھەقىدە نىمە دېيىشىمنى ۋە مۇددىئايىمنى قانداق شەرھلەشنى بىلمەيمەن . جانسىز تەندەك سەرسان - پەرىشان بولۇپ يىقىلدىم ، كۆزلىرىمدىن قان - ياش تۆكۈپ بىھوش ھالەتتە ياتتىم .



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۇستازىم بىلەن ئىنىكئانا كۆپ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاھ - زا-
رىمغا ئېچىنىپ ھەرقانچە گەپ سوراپ باقسىمۇ سۆزلەشكە مادارىم
يەتمىدى. لېكىن «چېقىمچى» كۆز ياشلىرىم كۆڭلۈمنىڭ زىيادە سەكپا-
رىلىقىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇراتتى. ئۇستازىم ئامالسىز: «جىن
چاپلىشىپتۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، بېشىمدا «سۇفكۇشلەپ» دۇئا
ئوقۇشقا باشلىدى. لېكىن بۇ ھېچبىر تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
شۇ تەرىقىدە بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتتى. ئۇلار ھالىمغا ھېچقانداق چارە -
تەدبىر قىلالماي، ئاخىر ئۈمىد رىشتىسىنى ئۈزدى. كېيىن ئۇقسام، ئۇستا-
زىم ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالىمنى بايان قىپتۇ. ئاتام دەرھال باغقا
يېتىپ كېلىپ، مەندىكى شەۋقىنىڭ غالىبلىقىنى كۆرۈپ باش - كۆزلى-
رىمنى سىلاپ، يۈزلىرىمگە قان - ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلىدى. مەن قانچە
قىلسامۇ ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەيتتىم، ھالىم ھەقىقەتەن زەئىپ
ئىدى. ئاتامنىڭ پەرمانى بىلەن ھالىمغا ئامال - تەدبىر تېپىش ئۈچۈن
ۋەزىر - ئەمىرا، ئەركانى دۆلەت، ھۆكۈما - تېۋىپ، ئالىم -
مۇنەججىملەرمۇ كېلىشتى. ئاتام ئىزتىراپ ۋە ئىنتىزارلىقىنىڭ زىيادىلىكىدىن
زارلىق ۋە بىقارارلىق ئىلكىدە شاھلىق سەلتەنىتى بىلەن ۋەدە قىلدىكى،
كىم بۇنىڭغا تەدبىر تاپالىسا ھەددىسىز ھەدىيە بەرمەكچى بولدى. مەندىن
ئەنسىرەپ: «بۇ كېسەللىكتىن نىجاتلىق تاپارمۇ ياكى قولۇمنى قۇرۇتۇپ
قويارمۇ؟» دېگەن ۋەسۋەسە بىلەن شەھەرگە قايتۇرۇپ كەلدى. يېڭى
ماكاندا قۇياش نۇرىنى كۆرۈپ، ھەيرانۇھەس بولماقتا ئىدىم، بۇ يەردە
مەن ئۇچرىتىپ باقمىغان ئاجايىباتلارمۇ كۆپ ئىدى. لېكىن ماڭا يىغلاش
ۋە ئاھ ئۇرۇشتىن ئۆزگە خاتىرجەملىك بولمايۋاتاتتى. غەم - قايغۇ تاغ-
دەك بېسىۋالغاچقا يېمەك - ئىچمەككە تاۋىم تارتمايتتى. ھالىم كۈندىن -
كۈنگە خارابلاشماقتا ئىدى. ھەكىم - تېۋىپلار پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا
سالدى، ئۆلىما - ئالىملار ۋە پۇقرالار دۇئا - تىلاۋەتكە ئىشتىراك قىلدى.
ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى بىھۇدە بولۇپ، «كېسىلىم» بىلەن مۇ-
ناسىۋەتسىز ئىدى، ھەقىقىي ئەھۋالنى دېيىشكە تىلىم بارمايتتى.

شۇنداق قىلىپ ، تا ئۈچ يىلغىچە ھالىم شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ ، ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمىدى . ئاتام قايسى ۋىلايەتتە داڭلىق ھەكىم - تې-ۋىپ ياكى بۇنداق غەيرىي كېسەللىككە تەدبىر قىلغۇچى بىرەر مۆنەججىم - ھۆكۈما بارلىقىنى ئاڭلىسا شۇ ھامان ئادەم ماڭدۇرۇپ ئەكەلدۈرەتتى . ئۇلارمۇ قولىدىن كەلگەن تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىپ ، ئامال بولمىغاندا مەيۈسانە ھالدا قايتىپ كېتىشەتتى .

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، پۈتۈن ئۆمرى سودىگەرچىلىك بىلەن ئۆتكەن بىرسى بۇ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە ئاتامغا بىرمۇنچە سوۋ-غاتلارنى تەقدىم قىپتۇ . ئاتام سۆھبەت ئارىسىدا ئۇنىڭدىن تېۋىپ توغرىسىدا سورىغان ئىكەن ، ئۇ : « ھىندىستاندا بىر جەزىرە باركى ، ئۆ-زىنىڭ خۇش ھاۋالىقى ۋە سۈيىنىڭ بەلەنلىكى بىلەن جاھانغا مەشھۇردۇر . شۇ جايدا 〈 جەزىرەئى ھەكىم 〉 ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ ، بىر باغ بىنا قىلغانىكى ، قورغىنى پەلەككە تۇتىشىدۇ ، ھېچقانداق پىكىر - خىيال كەمەندى بۇيۇك كۇنگۇرىسىگە يېتەلمەيدۇ ، ئۇچار قاناتلارمۇ باغ كۆچەتلىرىنىڭ شاخلىرىغا قونالمايدۇ . قىسقىسى ، ھېچكىمنىڭ بۇ باغقا دەخلى يەتكۈزمەككە قۇدرىتى يەتمەيدۇ . ئەمما چۇكا تېۋىپ ( ھەكىم ) نىڭ ئىجازىتى بىلەن يىلدا بىر كۈن كېسەل كۆرۈش بېكىتىلگەن . تېۋىپ باغدىن چىققان كۈنى ھېيت قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن مەملىكەتلەرگە تارقالغان . ئالەمنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى تېۋىپلار ئاغرىق-نىڭ ئىلاجىنى قىلالمىسا ، ئۇل 〈جەزىرە 〉 گە ئېلىپ بارىدۇ - دە ، تا ھېيت كۈنى يېتىپ كەلگۈچە چۇكا تېۋىپنىڭ بېغى ئىشىكىدە كۈتۈپ تۇ-رۇپ ، ئۇ سۇ ئويۇندىن قايتقاندا ئاغرىقلارنى بىر - بىرلەپ كۆرستىدۇ . چۇكا تېۋىپ تومۇرمۇ تۇتمايلا ئەھۋالنى سوراپ ، كېرەكلىك دورىنى يې-زىپ بېرىپ يولغا سالىدۇ . ئۇنىڭ يازغان رېتسېپىغا ئەمەل قىلغانلار ساقىيىدۇ . ئەگەر شاھزادىنى شۇ يەرگە ئاپارغان بولسىلا ساقىياتتى ، جا-نابلىرىنىڭمۇ كۆڭلى ئارام تاپاتتى » دەپتۇ ۋە ئالتە ئايلىق بۇ ئۇزۇن سەپەرگە ئۆزىنىڭ بىللە بارىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئاتام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەن بولدى ، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ، ئەقىللىق بىر ۋەزىرىنى 100 خىزمەتكار ۋە ھېلىقى جاھان- كەزدى سودىگەرگە باش قىلىپ تەيىنلەپ ، مېنى « جەزىرە » گە يولغا سالدى . بىز مەلۇم مەزگىل سۇ يولى ، يەنە مەلۇم مەزگىل چۆل - جەزىرە بىلەن سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتتۇق . ئۇ جاي سودىگەر تەرىپلىگەندىكىدىنمۇ خۇش ھاۋالىق ئىكەن .

نەزم
تا خەۋەر كەلتۇردى ئەلچى ئول شەھەر شاھانىدىن ،
كىردى جان جىسمىمغا چۇن كەلدى ھاۋا جانانىدىن .
مەن ئەسىرى دەردۇغەمنىڭ ، بىلمىدىڭ سەن بىخەۋەر ،
پاتتى خۇش بول غەم شەمئى ، چىقماس باياۋان ئاستىدىن .

« جەزىرە »نىڭ ئارامبەخش خۇش ھاۋاسى كۆڭلۈمنى ئاچتى . ئەمما گەپ - سۆزگە يەنىلا قۇدرىتىم يەتمەيتتى . ئېغىز ئاچساملا كۆزلىرىمدىن ياش كەلكۈنى دەۋرەپ سۆزلەشكە يول قويمايتتى .

جەزىرەدە مەندىن باشقا يەنە 100 ئاغرىق بار ئىكەن . ئۇلار 20 كۈندىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلار بولۇپ ، ئەتە ھېيت بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ خۇشاللىقتا چۆممەكتە ئىدى . ئاغرىقلارنى باققۇ- چىلار 3000 كىشىگە يېتەتتى . ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى كېچە - كۈندۈز خۇدايىتائالاغا سېغىنىپ ئاغرىقلارغا شىپالىق تىلەش ئىدى .

ئەتىسى كۈن چىققاندىن كېيىن ، ئۇلار شۇ يەرنىڭ قائىدىسى بو- يىچە پۈتۈن ئاغرىقلارنى ئولتۇرغۇزدى ، ئۆزلىرى نېرىراق بېرىپ تۇردى . كۈن چىقىپ ئىككى ئاش پىشىمچە ئۆتكەندە باغنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى . مەيدىسىدە جامكىدەك تۈك ، ئۇچىسىدا ئىريان ، بېشىغا سەللە ئورىغان چې- چىنى يۇگۈۋالغان بىر ھىندى يىگىت قەلەم - دۇۋەتلىرىنى خىزمەتكارىغا كۆتۈرتۈپ چىقىپ كەلدى . ئۇ دەريانىڭ بويىغا بېرىپ بەدىنىنى يۇيۇپ ،

بىردەم سەيلە ـ تاماشا قىلغاندىن كېيىن ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ، خۇشال كەيپىياتتا ئاغرىقلار قېشىغا كەلدى . كىشىلەر ئېيتقاندەك ، تىزىلىپ ئول- تۇرغانلارنى ئۇلۇغ تەرەپتىن باشلاپ بىرمۇبىر كۆرۈپ ، دورا يېزىپ ئېتىكىگە تاشلاپ ماڭدى . ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەن ئىدى . ئۇ نېمىش- قىدۇر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ ، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە كۆزەتتى ، ئاندىن بېشىمنى تۇتۇپ باقتى ، ئەمما ھېچنېمىمۇ دېمەي ، دورىمۇ يېزىپ بەرمەي ئۆتۈپ كەتتى . يېنىمدىكى ئاغرىقتىن باشلاپ يەنە دورا يېزىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى . بۇ ھالنى كۆرۈپ ۋەزىر ۋە بىللە كەلگەنلەرنىڭ كۆڭلى غەش بولۇشقا باشلىدى . ئۇلار داڭلىق تېۋىپنىڭمۇ دەردىمگە داۋا ، رەنجىمگە شىپا تاپالمىغانلىقىدىن مەيۈسلىنىپ ، ئەپسۇسلۇق ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزماقتا ئىدى .

تېۋىپ ئاغرىقلارنى يۇتۇنلەي كۆرۈپ بولۇپ ، قايتا قېشىمغا كەلدى ۋە قولۇمدىن يېتىلەپ باغقا ئېلىپ كىردى . باغدا تۆت چوڭ سۇپا بار بولۇپ ، بىرىدە ئىلىم ـ ھېكمەت كىتابلىرى ، شۇنىڭدەك غەرب ئەللىرىنىڭ يوغان ـ يوغان قامۇسلىرى ۋە ئەرەب ، ئىبرانى ، سەريانى ، يۇنان ، ھىندى تىللىرىدىكى كىتابلار تۇراتتى . بىر سۇپىدا ئالىي لىباسلار بىلەن ئالتۇن قاچا ـ قۇچىلار ۋە نەپىس سايمانلار تىزىقلىق ئىدى . يەنە بىر سۇپىدا كېسەل داۋالاشقا كېرەكلىك مەجۇن ـ شەربەتلەر ، قۇۋۋەت دورىلىرى تەل ئىدى . ئاخىرقى سۇپىدا بىر ئىشىكتىن باشقا نەرسە يوق بولۇپ ، مېنى شۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . ئۆزى ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن قايتىپ چىقىپ ھېچنېمە دېمىدى .

ئى ئەزىز دەرۋىش ، نېمە سەۋەبتىندۇر شۇ كۈندىن باشلاپ نەپە- سىم جايىغا چۈشۈشكە ، يىغام ئازىيىشقا يۈزلەندى . غىزانى كۆڭلۈم تارتىپ ، ئۇيقۇمىمۇ كەلگىلى تۇردى . ھېلىقى چۈكا تېۋىپ قىرىقىنچى كۈنى مېنىڭ خۇشال ھالىتىمنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ كۈلدى .

— باغنى ئايلانما ، مېۋىلەرنىمۇ يېمە ، — دېدى ئۇ بىر قۇتا مەجۇننى بېرىپ ، — مانا بۇنىڭدىن كۈندە نوقۇتنەك مىقداردا يېگىن .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۇ يەنە ئارامگاھىغا كىرىپ كەتتى. مەن دېگىنى بويىچە قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن كۆنسېرى ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ، ۋۇجۇدۇمدا قۇۋۋەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. زەئىپلىكتىن قۇتۇلۇۋاتساممۇ، لېكىن بۇ دەردكە مۇپتىلا قىلغان سەنەمنىڭ ئىشقىنى ئېسىمدىن چىقىرىشقا ئاجىز ئىدىم.

تېۋىپ مېنى كىتابلارنى ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىشقا ئۈندىدى. ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە نازۇك - ئىنچىكە ئىلىملەر قوينىغا شۇڭغۇدۇم. ئۇ، بىر كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتسەم يەنە بىر كىتابنى بېرەتتى. نەتىجىدە كىتابنى قولىۋاق قىلىپ ئاجايىباتلار دېڭىزىدا ئۈزەتتىم. بۇ جەرياندا ھەر خىل گۈل - گىياھ ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى تېبابەتچىلىكتە قوللىنىشنى پىششىق بىلىۋالدىم، ئۆگەنگەنلىرىم بويىچە دورىلارنى ئۆزۈم ياساپ ئىشلەتتىم. ئىلىم دۇنياسىنىڭ بۇ قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇر بىر دېڭىز ئىكەنلىكىنى ھېلىغىچە ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن.

ئەلقىسسە: بىر يىلغىچە شۇ باغدا تۇردۇم. مەن بىلەن بىللە كەلگەنلەر دەرۋازا سىرتىدا قالغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق ئىكەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

چوكا تېۋىپنىڭ خىلۋەتتىن چىقىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئۇ قەلەم - دۆۋەتنى ماڭا تۇتقۇزۇپ:

— مېنىڭ بىلەن ماڭ، — دېدى.

ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. بىز دەرۋازىدىن تاشقىرىغا چىقتۇق. ئاغرىقلار ۋە خەۋەر ئالغۇچىلار نۇرغۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز كىشىلىرىمنىمۇ كۆردۈم. ئۇلار مېنىڭ تېۋىپ بىلەن كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە ئاللاتائالاغا شۈكرىلەر ئېيتتى. ئاندىن چوكا تېۋىپنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. چوكا تېۋىپ كۆلۈپ قويدى.

ئۇ ئادىتى بويىچە دەريادا يۇيۇنۇپ بولۇپ، ئاغرىقلار تەرەپكە كەلدى. مەن سايىدەك ئەگىشىپ بىللە ماڭدىم. ئۇ تۇنجى ئاغرىقنىڭ ئالدىدا توختاپ، مەندىن قەغەز - قەلەم سورىدى. مەن ھەممىنى خەت

يازغۇدەك تەخ قىلىپ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن تۇتۇپ تۇردۇم. ئۇ دورا نۇسخىلىرىنى يازغىلى تۇرغاندا، مەنمۇ قانداق ئاغرىققا قايسى خىل دورىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئۇ ئاغرىقلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ دورا - يېزىپ بېرىپ، نۆۋەت بويىچە يۈزلىرى ئاپئاپئاق، چاچلىرى مۈشكتەك بىر كىشىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاغرىقنىڭ كۆزلىرى زەئىپلىكتىن ئولتۇرۇشقان، چېھرى سامانىدەك سارغايغان ئىدى. تېۋىپ ئۇنىڭ ھالىنى كۆزەتتىيۇ، نېمىشقىدۇر دورا يازمىدى، بەلكى ئاتلاپ يەنە بىر ئاغرىقنىڭ ئالدىغا باردى. شۇنداق قىلىپ، ئاغرىقلارنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۈگەتكەندىن كېيىن، خۇددى ئۆتكەندە ماڭا تۇتقان مۇئامىلىگە ئوخشاش پوزىتسىيىدە ھېلىقى ئاغرىقنى باغقا ئەكىرىشكە پەرمان چۈشۈردى. مەن ئۇنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاغرىقنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كىردىم. ئاغرىق «تۆت سۇپا» ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېۋىپ ئۇنى ئۆزىلا خىلۋەتكە ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ خىلۋەتخانىنىڭ ئىشىكىنى ياپقاندا ئويلىدىمكى، ئاغرىق داۋالاشنى بۇنچە مەخپىي تۇتۇشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ ئارقىدىن قىزىقسىنىپ ئۆگزىگە چىقتىم - دە، تۈڭلۈكتىن ئاستا مارىلدىم. قارىسام، ئاغرىقنى بىھوش قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ھېكمەت قولى بىلەن پېشانىسىنى تىغدا يارغاندىن كېيىن، ئۈستۈنكى باش سۆڭىكىنى ئېلىپ بىر چەتتە قويۇپ، ئامبۇرنى قىزىتقىلى تۇردى. بۇ ئالامەتلەردىن ئۇنىڭ كېسىلنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىۋالدىم. چۈنكى مەن ئوقۇغان كىتابلاردا بۇ ھەقتە يېزىلىشىچە: «ئەگەر ئادەمنىڭ قۇلىقىغا مىڭ ئاياغ كىرىۋالسا، باشنىڭ ئۈستۈنكى سۆڭىكىنى ئاجرىتىپ، ئىلمى ھېكمەت بىلەن مىڭ ئاياغنى ئالغاي. مۈشكۈلاتنى ئورۇنداشنىڭ چارىسى ئامبۇرنى يېرىم قىزىتىشتۇر، بولمىسا مىڭ ئاياغ مېڭە پەردىسىنى قاماللىۋېلىپ يىرتىۋېتىدۇ، مەلھەم ئۇنىڭغا كار قىلمايدۇ» دېيىلگەن ئىدى. چۈنكا تېۋىپ بولسا مىڭ ئاياغنى قىزىق ئامبۇر بىلەن ئالماقچى بولۇۋاتاتتى. مەن ئاغرىق يىگىتنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ، مۇبادا خاتا داۋالاپ قويسا ساقايماي ئۆلۈپ كەتمىسۇن دېگەننى ئويلاپ ۋارقىرىدىم:



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

— ئى ئۇستاز ، ئامبۇر بەك قىزىق بولۇپ كەتتى !

تېپۋېپ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆردى ، ئامبۇرنى تاشلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى ئۇرغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ ، باغنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇردى . مەن ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردىم . ئاڭغۇچە ئامبۇر يېرىم قىزىق ھالەتكە كەلگەن ئىدى . « بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم ! » دەپ كۆڭلۈمنى توق تۇتۇپ ، مىڭ ئاياغنى ئامبۇر بىلەن ئالدىم ــ دە ، يىراققا تاشلىدىم . ئاغرىقنىڭ باش سۆڭىكىنى جايىغا قويۇپ ، ئالدىن تەييارلانغان مەلھەم ۋە دورىلارنى جاراھەت ئۇستىگە چاپلاپ مەھكەم تاڭدىم . ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ تاشقىرىغا چىقىپ تېپۋېپنى چاقىردىم . قارىسام ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدىنىپ ، ئۆزىنىڭ چېچى بىلەن گېلىنى بوغۇپ دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ . جاھىللىق تەرىقەسى ئۇنى ھايات بىلەن خوشلىشىشقا مەجبۇرلىغان ئىدى . ئۇ مېنىڭ بۇ نازۇك « ھۈنەر »نى ئۆگىنىۋالغىنىمغا چىدىمىغاندەك قىلاتتى . ئۇنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ دەپنە قىلماقچى بولغىنىمدا ، چېچىدىكى ئىككى دانە ئاچقۇچقا كۆزۈم چۈشتى . ئاچقۇچلارنى ئېلىۋېلىپ ، ئاندىن دەپنە قىلدىم ــ دە ، ئىمارەتكە كېلىپ ئۇنىڭ خىلۋەتخانىسىغا كىردىم . ئاچقۇچلار قايسى قۇلۇپنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىش نىيىتىدە ئىنچىكىلەپ قارىسام ، بىر تەرەپتە يەنە بىر مەخپىي خانىنىڭ بارلىقى كۆزۈمگە چېلىقتى . ئاچقۇچلارنىڭ بىرى بىلەن قۇلۇپنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرسەم كۈتۈپخانا ئىكەن . تەرىپى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا ئەقلىم ۋە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ . ئۇ يەردە يەنە قۇلۇپلاقلىق بىر ساندۇقچە تۇرۇپتۇ ، ئىچىدىن مۇقاۋىسى ئالاھىدە بىر كىتاب چىقتى . ئوقۇسام ، تۈرلۈك دۇئا ۋە ئىسمىئەزەمنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىلىرى ، جىن ــ ئەرۋاھ ۋە قۇياشنى سېھىرلەش ، شۇنىڭدەك ئەپسۇنلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇس ئىكەن . خۇشاللىقىمدىن ۋارقىراپ ھوشۇمدىن كەتتىم .

بېيت

ئوقۇدۇم تېز ــ تېز ئۆرۈپ ، ياپتىم ئۇنى ،
پەردىدە پىنھان ئىدى تاپتىم ئۇنى .

ئى دەرۋىش ، مەقسەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقانلىقىم ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمدۈم . بۇنى تەسۋىرلەشكە ھەم تىلىم ئاجىز كېلەتتى . خۇداغا شۈكرىلەر ئېيتىپ ، ھېلىقى يىگىتنى داۋالاشقا تۇتۇش قىلدىم . سەككىز كۈندىن كېيىن ئۇ ساقايدى . ئىككىمىزنىڭ خۇشال ھالدا باغدىن چىققىنىمىزنى كۆرۈپ دوستلارمۇ بۇ شادلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولدى . مېنى ئىنتىزارلىق ئىلكىدە كۈتۈۋاتقان ۋەزىر ۋە خىزمەتكارلار بۇ نەزمنى ئوقۇدى :

نەزم

مىلك شۈكرىكى ، غەم ــ قايغۇدىن ئازاد بولۇپتۇق ،
شاھزادىنى كۆرۈپ مانا دىل شاد بولۇپتۇق .

ۋەزىر ، سودىگەر ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپ مېنى ئورىۋېلىشتى . بىز دەرھال ئوزۇق ــ تۈلۈك تەييارلاپ ، « جەزىرە ھەكىم »نىڭ پۈتۈن بايلىق ــ تەئەللۇقاتىنى كېمىگە سېلىپ ، ئۆز يۇرتىمىزغا راۋان بولدۇق . ھېلىقى يىگىتمۇ سەلتەنەتلىك ئائىلىنىڭ پەر- زەنتى ئىكەن ، ئۇمۇ ئۆز خىزمەتكارلىرى بىلەن دىيارىغا يۈرۈپ كەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، خۇدايىتائالانىڭ تەۋپىق ھىدايەت ئېتىشى بىلەن سەپىرىمىزنى ئامان ــ ئېسەن داۋاملاشتۇرۇپ ، سالامەت قۇرۇقلۇققا چىق- تۇق . ئاتامنىڭ ئالدىغا خەۋەرچى ئەۋەتىپ چۈشكۈندە كۈتۈپ تۇردۇق . ئاتام خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەزىر ــ ۋۇزرالار بىلەن ئالدىمىزغا كەلدى . بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق . كەلگەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ماڭا قورقۇنچ چۈشۈپ ، ئاتامغا :

ــــ شەھەرگە كىرمەيمەن ، مۇشۇ يەردە ماكانلىشىپ ئۆمرۈمنى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۆتكۈزىمەن ، — دەپ تۇرۇۋالدىم .
ئاتام گېپىمنى ئاڭلاپ :
— ئى كۆز نۇرۇم ، جامالىڭ نۇرىدىن كۆڭلۈم قاراڭغۇسى روشەن بولدى ! — دەپ كۆز يېشى قىلغان ئىدى ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتىم .
ئاتام تەسەللى بېرىپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىشكە قانچە تىرىشقان بولسىمۇ قەتئىي رازىلىق بەرمىدىم . ئاخىر ئۇ مېنىڭ رايىمغا بېرىپ ، بۇ يەرگە بىر باغ بىنا قىلدۇرماقچى بولدى . شۇ كۈنىلا ئوردا ئۇلۇغلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، تەجرىبىلىك باغۋەن ، بىناكارلىق ئۇستىلىرى ۋە دېھقانلارغا پەرمان چۈشۈرۈپ ، بۇ جاينى تېزلىكتە گۈللەندۈرۈشكە ئاتلاندۇردى . ھۈنەرۋەنلەر قايتمايلا ئىشنى باشلىۋەتتى . شۇنچىلىك خۇشال كەيپىياتتا ئالدىمغا كەلگەن ئاتام مەيۈسانە ھالدا شەھەرگە قايتتى .
شۇنداق قىلىپ باغمۇ پۈتتى ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئىمارەت شاھ قەسرىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك گۈزەل ئىدى . باغدا دۇنيادىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممە تۈرى بار بولۇپ ، قۇشلار كېچە - كۈندۈز نەغمە قىلىپ تۇراتتى ، رەڭگا رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ خۇش ھىد تارقىتاتتى ، بىر ئېرىق سۈزۈك سۇ تىنماي بۇلدۇقلاپ ئېقىپ ، مۇھىتقا سۆرۈنلۈك بەخش ئېتەتتى .
مەن يورۇق دۇنيانىڭ ئەنە شۇنداق گۈزەللىكلىرىگە قىزىقماي بۇ ئۆيگە بېكىنىپ ، 40 كۈنگىچە تىرىك جانغا كۆرۈنمەي ، ياخشى غىزالارنىمۇ تەرك ئېتىپ دۇئا ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولدۇم . مۇشۇ دۇئانىڭ كۈچى بىلەن ، تۆت كىشى تەختتە كۆتۈرۈپ كېلىپ مېنى مەجنۇن گىرىپتار قىلغان پەرىنىڭ ۋەسلىگە يەتمەكچى ئىدىم . دۇئا مۇئەككەللىرى ھەر خىل سۈرەتلەردە كۆرۈنسىمۇ قورقمىدىم . ئۇلارنىڭ قورقۇنچ سېلىشلىرى ، يىرتقۇچ قىياپىتىدە ھۇجۇم قىلىشلىرى ئىشق ۋەسۋەسىسى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى ، ئەندىشە خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى . جىن - پەرىلەر ئەفسۇنلىرى بىلەن قۇۋۋىتىمنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنسا ، تۇرلۇك ئەمەل-

لەر ئارقىلىق رەت قىلدىم. قىرىقىنچى كىچىسى ئوچۇق ھاۋادا قاراسلاپ چاقماق چىقىپ، ئارقىدىن ئۈمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان بەھەيۋەت سادالار كېلىپ بىر تەخت زاھىر بولدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەرگە چۈشتى. قارىسام، بېشىغا ئاجايىپ ئېسىل تاج تاقىغان، كىيىملىرى كۆز قاماشتۇرغۇدەك مەرۋايىت ـ جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن بىرسى ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئېيتتى:

— ئى يىگىت، يەتمەكچى بولغان مۇددىئايىڭ نېمە؟ تامام ئالەمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلماقچىمۇ يا؟ نېمە تەلىپىڭ بولسا دېگەيسەن، مۇرادىڭغا يەتكۈزگەيمىز!

— ئۇنداقتا، يالغان باھانە، ھىيلە ـ مىكىرلەرنى قويۇپ، مۇددىئا-يىمنى ھاسىل قىلىمىز دەپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ روھناتلىرىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم بەرگىن، ئاندىن دۇئا ئوقۇشتىن توختايمەن.

ئۇ قەسەم قىلدى.

— سىنىڭ نومۇس پەردىسى ئىچىدە بىر قىزىڭ باركى، — دېدىم مەن، — ئەگەر ۋەدەڭگە ۋاپا قىلساڭ ئۇ قىزنى كەلتۈرۈپ، ئىشق گىرىپتارى كۆڭلۈمنى ئارام تاپقۇزغىن.

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ ئېيتتى:

— تەلىپىڭ شۇمىدى؟

— بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغۋار تەلەپ بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ مەندەك سەر-گەردان بىچارىنىڭ بەختۇئىقبالى، مەدەتكارى بولسا، قەدەم تۇپرىقىنىڭ سۈرمىسى بىلەن بۇ ھىجران توزانىدا پەردىلەنگەن كۆزلىرىمنى يەنە بىر مەرتىۋە روشەن ئەيلىگەي. ئۇ شۇنداق سەرۋ قامەت بىر سەنەمكى، كۆڭۈل مۈلكۈمنى تۇگەل ئىگىلەپ، مەندە يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇيقۇ ـ شادلىققا ئىختىيار قويمىدى. ئۇنىڭ كۈندىن روشەن جامالى، ياسمەن زۇلفىغا ئەسىر بولدۇم، قاش كامانىدىن ئۇزۇلگەن كىرپىك ئوقى يۈرە-كىمنى زىيدە قىلدى. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، مېنى غەم



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دەشتىنىڭ رەنجىدىن خالاس ئەيلەپ ، ھاياتىمنى خۇشاللىق دەملىرىگە يەتكۈز ، پەلەك چاقىنى غۇلاملىققا تەيىنلەپ ، مۇرادىمنى ھاسىل قىلغىن . بىتاب كۆڭلۈم شۇنىڭ بىلەن سەھەت تاپسۇن !

— ئى يىگىت ، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك روھى بىلەن قەسەم بېرىمەنكى ، مېنىڭ قىزىم سەن تەرىپلىگەندەك ئەمەس ، سۆھبىتىڭگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ . جامائەمىزنىڭ ھەممىسى قارا ئۆڭلۈك ، قوي سۇرەتلىكتۇرمىز .

— بۇ ئۆزرەڭنى ئاڭلىغۇم يوق .

— ئەگەر شەرتىڭ شۇ بولسا ، ئۇنى كۆرگەندە بىزگە ئازار يەتكۈزمىگەيسەن .

دەرھال ئىپادە بىلدۈردۈم :

— جان ۋە تېنىم بىلەن كېپىللىك بېرىمەن .

ئۇ شۇنداق ئىشارەت قىلغان ئىدى ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر دىۋىنىڭ قىزىنى ئېلىپ كەلدىكى ، سەتلىكىدىن تىلىم تۇتۇلۇپلا كەتتى .

شېئىر

دېمە ھەرگىز سەت ئۇنى خۇلقى ئۇز - ئەۋزەل تۇرۇر ،
ۋە لېكىن ئۆزى قارا ، يۇسۇپ چىراي گۈزەل تۇرۇر .

ئۇ شۇ قەدەر قارا ئىدىكى ، ئەمما ئۇنچە - مەرۋايىت ، گۆھەرلەر ئوراپ تۇراتتى . كۆرۈپلا توۋا قىلىپ « لاھەۋلە » گە ئېغىز ئاچتىم . ئاتىسىغا ئېيتتىمكى :

— ئى تاش يۈرەك ، بۇ زادى قانداق نەيرەڭ ؟ شۇنداق گۈزەل بىر قىزنى بۇنداق بەتبەشرە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋېتىپسەنغۇ ! سەۋەب كۆرسەتمەسلىككە قەسەم ئىچكەن تۇرۇقلۇق نېمىدەپ بۇنداق قىلىسەن ؟

ئۇ يەنىلا :

— مېنىڭ قىزىم مۇشۇ ! — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى .

— ئۇنداقتا ، مېنىڭ ئەسلىي مۇددىئايىمدىن خەۋەر بەرگىن ! — دېدىم سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك روھىنى تىلغا ئېلىپ .

— ئۇ چىن ماچىن دىيارىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىدۇر ، — دېدى ئۇ جاۋابەن ، — ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ئۇنىمۇ سېھىرلىگىن . بەلكىم ئۇمۇ قولۇڭغا كىرەر . ئەمما سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى پاكلىرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، ياخشىسى بۇ مۇددىئادىن يانغىنىڭ تۈزۈك . مېنىڭچە ، بۇنىڭدىن رەنجۇبالادىن ئۆزگە نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن ھەم ئۇلار بىلەن ئارىلىششىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئېيتقىنا ، ئوت بىلەن سۇنىڭ ئۆزئارا ئۇلپەت بولغىنى قاچان كۆرۈلگەن !

ئۇ كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى . لېكىن مەن پەقەتلا قايىل بولمىدىم . چۈنكى كۆڭلۈم بۇنىڭغا قويمايتتى .

مىسرا

تاشقا يامغۇر كار قىلماس ، مۇزغا سۇ ، ئاشىققا پەند ① .

ئاخىر ئۇلارغا دۇئا ئوقۇماسلىقتا ، ئازار يەتكۈزمەسلىكتە ۋەدە قىلىپ ، قايتىشقا رۇخسەت بەردىم .

ئۇلار كەتكەندىن كېيىنلا يەنە ۋۇجۇدۇمنى ئىشق دەردى سەكپارە ئەيلەپ ، چىن ماچىن پەرىلىرىنى سېھىرلەشنى نىيەت قىلدىم . شۇنىڭ بىلەن 40 كۈن دۇئا ئوقۇشقا مەشغۇل بولدۇم . ئالLاتائالانىڭ تەۋپىقى بىلەن دۇئايىم تاماملىنىپ ئاخىرقى كېچىسى راھەت پۇرىقى ئارامجاننىڭ دىمىغىغا يەتتى . ئول ۋىلايەت پەرىلىرىنىڭ كاتتىلىرى بىر - بىرلەپ كىرىپ كەلدى . ئول كۈمۈش بەدەنىنىڭ ئاتىسىمۇ ئالتۇن تەختكە ئولتۇرۇپ ھاۋادىن چۈشۈپ ، مەن — ئاشىقى بىقارارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى .

ئۇ تەسلىم ئاداسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن :

— ئى ئادەم پەرزەنتى يىگىت ، ئەرزىڭ نېمە ؟ سېھىرىي دۇئالىرىڭ

---

① پەند — نەسىھەت



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ھۇزۇرۇڭغا كەلتۈرمەكنىڭ بابىدا بولسا كەمىنە پېقىر پۈتۈن تەئەللۇقاتىم بىلەن تەسلىم ئەيلەپ، تەزىم شەرتلىرىنىبەجاكەلتۈرگەيمەن! -- دېدى.

ئۇنىڭغا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن ۋەدە بېرىپ ئېيتتىم:

— ئى پادىشاھ، بۇ بەندەڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇ تەڭداشسىز گۆھەرنىڭ ئىشقىغا مۇپتىلا بولۇپ، سەرۋ قەدىنىڭ پىراقىدا بىئارام ۋە بىقارار دۇرمەن. مۇددىئايىم شۇكى، مەرھەمەت قىلىپ پېقىرىڭنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى ئۇنىڭ ۋىسال زىلالىغا ۋاسىل ئەيلەپ، بۇ مېھنەت - مۇشەققەت زىندانىدىن نىجاتلىق تاپتۇرغايسەن.

— ئى ئادەمزات يىگىت، بىزنىڭ جامائەمىزنىڭ قائىدىسى شۇنداقكى، ئادەمزاتنىڭ پەرىلەر بىلەن قوشۇلمىقى مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇنداق خىياللىرىڭنى تاشلىغىن.

ئۇ قانچە نەسىھەت قىلغانسېرى تەلەپ ئىلتىجايىم شۇنچە زىيادە بولماقتا ئىدى. ئاخىر ئارىمىزدا مۇنداق بىر ئەھدە تۈرغۇزدۇق: « ئۇ گۈزەللىك ئالىمىنىڭ شاھىنشاھى ھۇزۇرۇڭغا كېلىپ خىزمىتىڭدە بولغاي، ئەمما شەھۋەت دۇنياسىدىن تەمە تۇتمىغايسەن! »

بۇ تەلەپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم:

— ماڭا ئۇنىڭ جامالىدىن ھۇزۇرلانماق يېتەرلىكتۇر.

— بۇ سۆزنى ئۆزۈڭ دېدىڭ، ئەھدىڭنى بۇزساڭ بولمايدۇ.

— بۇنداق دېيىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ئادەمزاتنىڭ ۋاپاسى يوقتۇر. ئەگەر شۇ سۆزلىرىڭگە ئەمەل قىلساڭ، مەنمۇ سېنىڭ خىزمەتكارىڭدۇرمەن. سۆيگۈدە شەھۋەت قەستىنى خىيال ئەيلىسەڭ، ئۇنىڭ يوقىلىشى سېنىڭ مېھنەت - مۇشەققەت تارتىشىڭغا سەۋەب بولىدۇ. ئەمدى زۆرۈرىيشەرتلەرنى ساڭا دەپ بولدۇم.

مىسرا

بۇ سۆزۈمدۇر نەسىھەت، دېمە خاتا.

— ئى پادىشاھى ئەززەم، شەپقەت قىلىپ ئول سەنەمنى ماڭا بىر مەرتىۋە كۆرسەتسەڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بالا كەلسە مەن ئۇچۇن راھەتتۇر. ۋەدە قىلغان ئىكەنمەن، ئەھدىمنى ھەرگىز بۇزمايمەن.

بېيىت

تەركى جان مەن ئەيلىدىم، دىلدار بولدى يارە جان،
ۋاقتى كەلسە ئەيشىنىڭ گۇناھ بولدى تازە جان.

ئاندىن ئۇ نازىنىن نىگار ئىشىكتىن كىرىپ دىلى شەيدانىڭ تىزگىنىنى ئىككىنچى قېتىم قولىغا ئالدى. بىردەمدىن كېيىن كۆزلىرىم ئۇنىڭ جامال شەمئىدىن يورۇپ، مېھنەت گىرىپتارى كۆڭلۈمگە خۇشاللىق يۈزلەندى، ئالدىغا بېرىپ باغرىمغا بېسىپ، ۋاپادارلىقىمنى ئىزھار قىلدىم. نەچچە مۇددەتكىچە بۇ ئىمارەت ۋە باغ ئىبرەمنىڭ خىلۋەت جايلىرىدا بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ، كۈنلەرنى خۇشال ئۆتكۈزدۇق.

ئۇ ئارامجانىنىڭ شېرىن كالاملىرى قۇلىقىمدىن كەتمەيتتى:

— ئى ئەزىزىم، غاپىل بولمىغىن. چۈنكى سېھىر قىلغۇچى پەرىلەر سىنىڭ كەمەندگاھىڭدۇر. ئەگەر لەۋلىرى ھەرىكەتكە كەلسە تامام مېھنەتلىرىڭ زايە بولىدۇ.

بۇنداق سۆزلەرنى ئىشتكىنىمدە رەت قىلىدىغان دۇئانى ئوقۇشنى ئېسىمدىن چىقارمايتتىم.

ئەلقىسسە: بىر كېچىسى مەستلىكىنىڭ تەسىرىدە شەيتان غالىب كېلىپ، قولۇمنى ئول نىگارنىڭ بويىنىغا سالماقچى بولغىنىمدا، غايىبتىن بىر ئاۋاز كېلىپ: «دۇئا كىتابىڭنى ماڭا بەرگىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكىسى ئىسمىئەززەمدۇر، بۇنداق ۋاقىتتا يېنىڭدا تۇرسا بولمايدۇ» دېدى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مەستلىكتە ئاۋاز ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا كىتابنى قوينۇمدىن چىقىرىپ، بەردىم ـ دە، مەقسىتىمنى ھاسىل تاپتۇرماقىقا يۈزلەندىم. شۇ چاغدا نازىنىن ماڭا ۋارقىراپ:

— ئى زالىم، نەسىھەتلىرىم ئىسىڭدىن چىقتىمۇ؟ ئەمدى ئىش تۈگىدى! — دېدى ـ دە، بىخۇد بولدى.

شۇنداق قاراپلا بىر دېۋىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقىنىمدا، يەنە بىر دېۋە كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ قاچتى. شۇئان كىتابتىن يادلىۋالغان ئەفسۇندىن بىرنى ئوقۇپ، قولۇمدىن كىتابنى ئالغان دېۋىنى ئۆكۈزنىڭ سۈرىتىگە كەلتۈردۈم. باغدىكى ئۆكۈز ئەنە شۇ دېۋىدۇر. كىتابنى ئېلىپ قاچقان دېۋىنى دۇئايىبەند قىلاي دېسەم، ئۇ ئىسمىئەززەمنى كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتتى. نازىنىنىنىڭ قېشىغا بارسام تېخىچە ھوشسىز يېتىپتۇ. شۇندىن بۇيان ھېلىھەم ئۇيقۇ ھالىتىدە ياتىدۇ. بۇ سېھىرلەنگەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۆكۈزنى كۈندە قەھرىم بىلەن ئۇرىمەن. خەلق بىلەن ئۇچرىشىشنى تەرك ئېتىپ، ئۇل سەنەمنىڭ دەرد ـ پىراقىدا باغنىڭ بۇلۇڭىدا ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. چىنىنى لەئل ـ زۇمرەت بىلەن بېزەشنىڭ سەۋەبى ئۇل سەنەمنىڭ دەردىنى ئۇنتۇش ئۈچۈندۇر. ھەر ئايدا بىر مەرتەم ھېلىقى جايغا بېرىپ، شۇنچە ئەجىر سىڭدۈرگەن چىنىنى خەلققە كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۇندۇرماق ۋە غۇلامنى ئۆلتۈرمەكنىڭ ۋەجى بولسا، خەلق ھالىمغا ئىچىنىپ دۇئا قىلسا ئۇنىڭ بەرىكاتى بىلەن ھەقتائالا ماڭا مەرھەمەت ئەيلەپ مۇرادىمغا يېتىشىمگە ئاسانلىق بېرىش تەمەسىدىندۇر، دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى ئۇ. ئاندىن يۈرەك ـ باغرىدىن ئاھ تارتىپ پەريادلار چەكتى، يەرگە يىقىلىپ ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلىتىپ ئۇزاققىچە ياتقاندىن كېيىن، چۇراپ ئورنىدىن قوپۇپ ياقىلىرىنى يىرتقىنىچە مەستانەك دەلدەڭشىپ باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى.

ئى شەھرىيار، ئۇنىڭ دەرد ـ پىغان ئوتلىرىنىڭ ئۇچقۇنى كۆڭلۈم ئۆيىگە تۇتىشىپ، نەدە تۇرغانلىقىمنى ئېسىمدىن چىقاردىم. تا ئۇنىڭغا

ياخشىلىق يەتكۈزمەي تۇرۇپ مەقسەت مەنزىلگاھىمنى ئىزدىمەسلىككە قەسەم قىلىپ، ئارقىسىدىن باياۋان تەرەپكە يۈزلەندىم، يالاڭۋاش، يالىڭئاياغ پېتى يول يۈرۈپ، قەيەردە ئالدىمغا بىرەر دەرۋىش ياكى زاھىت ۋە ياكى تۇغرا نىيەتلىك كىشى ئۇچرىسا ئۇنىڭ دەردىگە داۋا - تەدبىر سورايتتىم. ئاخىر ھېلىقى بوۋاينىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. ئۇ، دەرۋىشلەرنى ئىستانبۇل تەرەپكە دالالەت قىلغان ئىكەن، ماڭىمۇ شۇ قاتاردا يول كۆرسىتىپ: « يولدا ئۈچ دەرۋىش بىلەن ئۇچرىشىسەن، ھەرقانداق مەقسەت ئۇلۇغلارنىڭ دۇئاسىغا موھتاجدۇر، شۇنىڭدەك يەنە پادىشاھنىڭ تەلەپلىرىنىمۇ ئىلاھنىڭ مەرھەمىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇل جانابنىڭ مەقسەت - مۇرادىمۇ غايىب ئالەمنىڭ ھېكمىتىدىن ھاسىل تاپقۇسىدۇر. سىلەرمۇ ئۇل پادىشاھنىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن مۇرادىڭلارغا يېتىسىلەر » دېدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ مەنزىل تامان راۋان بولدۇم.

ئى دەرۋىشلەر، ئۇل مۇبارەك دىدار بوۋاينىڭ دېگەنلىرى مانا بىز ئۇچرىشىپ زاھىر بولدى. ئىشىنىمەنكى، ئاللاتائالا پات پۇرسەتتە پادىشاھنىڭ مۈشكۈلىنى بىرەر تەرىقە بىلەن ئاسان قىلۇر. ئاندىن بىز بىچارىلەرنىڭ مۇرادىمىزمۇ ھاسىل تاپۇر.

دەرۋىش ھېكايىسىنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئازادە بەخت ئۇنىڭ دۇئاسىغا « ئامىن ! » دېگىنىچە قوشۇلدى. باشقا دەرۋىشلەرنىڭ كۆڭلىمۇ ئۇ دەرۋىشنىڭ سەممىي، ۋاپادارلىق خىسلىتىدىن ئېرىپ، ئۆكۈز مىنگەن يىگىتنىڭ تەقدىر - قىسمىتىگە كۆپ ئەپسۇسلار بىلدۈردى. ئاندىن ئازادە بەخت تۆتىنچى قەلەندەردىن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشنى ئۆتۈندى. ئۇمۇ باھار يامغۇرىدەك ياشلىرىنى تۆكۈپ، بۇلبۇلدەك ئەپغان چېكىپ ھېكايىسىنى باشلىدى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ئالتىنچى باب

# چىن شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى

نەزم

مېنىڭ ھالىمغا ، يارەنلەر ، مۇھەببەت بىرلە يىغلاڭلار ،
بولۇپ سەرسانە دەشتلەردە مۇشەققەت بىرلە يىغلاڭلار .
يېقىن ئەمەسكى بەندەڭنىڭ يېتەر مەنزىلى بەك ئۇزۇن ،
رەھىم ئەيلەپ جاپاسىغا نادامەت بىرلە يىغلاڭلار .

ئى دەرۋىشلەر ، مەن ئاجىز بەندە چىن ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسى ئىدىم . جاھاننىڭ جاپا شىددىتىدىن ، مەككار تاغامنىڭ زۇلمىدىن كۆرگەن كۈنلىرىم نەچچە ئادەمنىڭ ئۆمرىدە كۆرگىنىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ . ئاتام چىن ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى بولۇپ ، باشقا شاھلار ئۇنىڭ پەرمان - ئىتائىتىدە ئىدى . ئاتامنىڭ مەندىن بۆلەك پەرزەنتى يوق ئىدى . مەن توققۇز ياشقا كىرگەندە ، ئاتام تىرىكلىك يولىنى يىغىشتۇرۇپ ، ئالەم پانىيدىن ئالەم باقىيغا ۋاسىل ئەتتى . ھاياتلىق دەرىخى سولۇشقا يۈز تۇتقاندا بىر تۇغقان ئىنىسىگە ۋەسىيەت قىلىپ : « ئوغلۇم كىچىك ، پادىشاھلىققا مۇناسىپ كەلمەيدۇ ھەم ئەقلىمۇ يېتىلگىنى يوق . شۇڭا سەن ئورۇنباسار بولۇپ ، ئۇنىڭ مەملىكىتىگە كېپىل بولغىن ، ئۇنى تەربىيەلەشكە شەپقىتىڭنى ئايىمىغايسەن . ئۇ بالاغەتكە يېتىپ قابىلىيەت ئىگىسىگە ئايلانغاندا ، قىزىڭنى نىكاھلاپ بەرگىن . مېھرى ھەققى ۋە خۇتبەنى ئۇنىڭ نامىدا قىلىپ ، تاج - تەختنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئۆمرۈڭنى پاراغەت ئى-

چىدە ئۆتكۈزۈپ، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغايسەن. پۇل ـ دۇنيا ھەممىگە قابىل ئەمەستۇر. ئۇلۇغلار ئېيتقانكى، دۇنيا بىر نىجاسەتتۇر، تالىپلىرى ئىتتۇر. ئەگەر ئۇمىدىمنى ئاقلاي دېسەڭ ياخشىلىقنى كەسىپ قىلىپ، ۋاقتى يەتكەندە تەختنى ئوغلۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگىن. ئۇلۇغلار ئېيتىدۇ:

بېيىت

گەر ئۆتسمۇ ۋەدەڭگە ئاي ـ يىللاردىن نەچچىسى،
ئۇنتۇماسلىق ئەھدىنى ياخشى ئىشنىڭ ئاۋۋىلى.

روشەنكى، بۇ دۆلەت خانىدانىمىزدىن كەتمىسە، ئوغلۇمدىن كېيىن ئەۋلادىڭغا قالىدۇ، يەنى كەلگۈسى پادىشاھ نەۋرەڭدۇر» دەپ، مۆھۈرلۈك خەت پۈتۈپ، دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ تولىسىنى بۇنىڭغا گۇۋاھچى قىلغان ئىدى.

ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تاغام سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، ھوقۇقنىڭ لەززىتىنى تېتىغانسېرى مېنى ھويلىدىن چىقارماي بېقىشنى ئەمر قىلدى. تا 14 ياشقا كىرگۈچە ئوردا قورۇسىدىن ئۆزگىنى كۆرمەي، نازىنىن قىزلار بىلەن ئويناپ، ئوغۇللار بىلەن كارىم بولماي ئۆتتۈم. تاغامنىڭ قىزى مېنىڭ كەلگۈسىدىكى ئايالىم ئىكەنلىكىنى كىشىلەردىن ئاڭلاپ بىلگەچكە كۆڭلۈم خۇش ئىدى. مۇبارەك ئىسمىلىك قاپقارا بىر غۇلام بولۇپ، ئاتامنىڭ قولىدا تەربىيە تاپقان ياخشى نىيەتلىك كىشى ئىدى. ھەرەم خىزمەتكارلىرىدىن يوشۇرۇنچە سىرتقا چىققان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. ئۇمۇ ماڭا كۆپ مېھرىبانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ھەسرەتلىك كۆزدە قارايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلار بىلەن ئويناۋاتقاندا، بىر قىز مېنى بىر تەستەك ئۇردى، يىغلاپ تاشقىرىغا چىققان ئىدىم، مۇبارەك مېنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ قۇچاقلىدى، ئاندىن يىغلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولغان ۋەقەنى بايان قىلىۋېدىم، ئۇمۇ بىرنى ئۇرۇپ:

— سەندە مەردانىلىكنىڭ نىشانىدىن قىلچە ئەسەر يوقكەن. سەندەك ئەركەك بولغۇچە خوتۇن كىشى بولغان تۈزۈك. ۋۇجۇدۇڭدائاز- تولا جۈرئەت بولغىنىدا پادىشاھلىق تاج - تەخت ئۆز قولۇڭدا، مەملىكەت سېنىڭ پەرمان - ئىتائىتىڭدە بولغان بولاتتى. ئەكسىچە بىر كېنىزەكتىن تاياق يەپ يىغلاپ يۈرمەيتتىڭ! — دەپ كايىدى.

مەن دېدىمكى:

— مەندە گۇناھ يوق. كېنىزەكلەردىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىسەم، ھېچ يەرنى بىلمىسەم قانداق قىلىمەن؟

— يۈرگىن، سېنى تاغاڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي. ئۇ سېنىڭ چوڭ بولۇپ تاج - تەختنى قولغا ئالغۇدەك بولغىنىڭنى بىلسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئاتاڭنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئېسىگە يەتكەي.

— ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى نېمە ئىدى؟

— تاغاڭنىڭ قىزىنى ساڭا لايىق نامزاتى قىلغان، ئاندىن «تەختنى ئوغلۇم چوڭ بولغان ھامان قايتۇرۇپ بەر» دېگەن ئىدى.

ئۇنىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇ ئىشنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ خارابلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلمەي، مۇبارەككە ئەگىشىپ تاغامنىڭ دەرگاھىغا باردىم. تاغام مېنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ باغرىغا باستى، ئاندىن پېشانەمگە سۆيۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— ئى مۇبارەك، بۇ ئوغلۇمنى ئويۇنغىلى قويماي نېمىدەپ ئالدىمغا باشلاپ كەلدىڭ؟

مۇبارەك دۇئا - تەزىم بەجاسىدىن كېيىن ئاتامنىڭ مەن ھەققىدىكى ۋەسىيەتلىرىنى ماڭا ۋاكالىتەن بايان قىلىپ ئۆتتى. تاغام پۈتۈن دىققىتىنى بېرىپ ئاڭلاپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە ماڭا قاراپ:

— ئالماقچى بولغان لايىقىڭنى ئېلىشنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا ياخشىغۇ! — دەپ، مۇنەججىملەرنى چاقىرتتى.

ئۇلار ھايالشمايلا كىرىپ يەر ئۆپۈشتى.

تاغام :

— بۇ ئوغلۇمنى كۆيئوغۇل قىلماقچىمەن . كېلىدىغان يىللارنىڭ قايسى ئاي - كۈنى خاسىيەتلىك ، ئېيتىڭلار ؟ — دېدى .

مۇنەججىملەر كۆپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ھېسابلاپ :

— ئىككى يىلدىن كېيىن پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى توي قىلسا ناھايىتى سائادەتلىك بولىدۇ ، — دېيىشتى .

تاغام بۇنى ئاڭلاپ دېدى :

— ئى مۇبارەك ، مۇبارەك بولغاي ، ئاڭلىدىڭمۇ ؟

تاغام مېنىڭ ھەرەمخانىغا قايتىشىمنى ئېيتتى .

مۇبارەك :

— خۇدايىم بۇيرۇسا تويىنى ياخشى سائەتنى تاللاپ ئۆتكۈزەيلى ، — دەپ پادىشاھنىڭ ئىنساپىغا دۇئا قىلدى .

بىز ئوردىدىن قايتىپ چىقتۇق . ئىككى كۈندىن كېيىن مۇبارەكنى ئىزدەپ چىقسام ، ئۇ مېنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكتى . دەرھال كۆڭلۈمگە شەك چۈشۈپ « مېنى كۆرۈپلا نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ » دېگەننى ئويلاۋاتسام ، مۇبارەك ئېيتتى :

— مۇبارەكنىڭ شورى قۇرۇمىغان بولسا ، سېنى ئۇ زالىم تاغاڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارارمىدى !؟

ئالدىراپ سورىدىم :

— نېمە ۋەقە يۈز بەردى ؟

— سېنى ئوردىغا ئېلىپ بارغاندا ئەمىرالار يېتىلگەنلىكىڭنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە : « شاھزادىمىز چوڭ بوپتۇ ، بۈگۈن - ئەتە تەختنى قولىغا ئالىدىكەن » دېيىشتى . تاغاڭنىڭ ۋۇجۇدىنى بولسا غەمكىنلىك ۋە بىئاراملىق ئىگىلىدى . ئۇ قارا نىيەتلەر بىلەن مەسلىھەت قۇرۇپ ، سەن توغرۇلۇق پىتنە - پاسات ئىشىكىنى ئاچتى ۋە سېنى يوقىتىشنى پىلانلىدى . مېنى خىلۋەتكە چاقىرىپ ، كىيىم - كېچەك ، ئۆي سەرەمجان ۋە ئالتۇن - كۈمۈش ۋەدە قىلىپ ، سېنى يوقىتىشنى بۇيرۇدى . بۇ ئىشقا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ھەيرانلىقىم ئېشىپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن . ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يېتىشنى خۇدايىممۇ راۋا كۆرمىگەي . بۇنىڭغا مەنلا سەۋەبچى بولغاندەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەنكى ، ئەگەر سېنى ئۇ زالىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارمىغان بولسام ، ساڭا بۇنداق پېشكەللىك ئويلاش ئۇنىڭ يادىغا يەتمەيتتى .

شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياتلىقتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ ، مۇبارەكنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ بىچارىلەرچە يالۋۇردۇم :

ـــ خۇدا ھەققى قولۇمنى ئېتىكىڭدىن بوشاتمايمەنكى ، مېنى ئۆلۈم قاينىمىدىن نىجاتلىق ساھىلىغا يەتكۈزگەيسەن !

جاھىللىق ۋە نادانلىق بىلەن زەنگى غۇلامدىن پاناھ تىلىدىم . ئىلاھىي تەقدىر ئىشىمنى خارابلىققا يۈزلەندۈرۈپ يۈزۈمنى قارا قىلىشنى نەدىن بىلەي !

ئەلقىسسە : مۇبارەك تەسەللىي بېرىپ ئېيتتى :

ـــ بىھۇدە غەم قىلمىغىن ، پېشكەللىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر ئامالىنى تاپارمىز .

ـــ قانداق قىلىپ ؟

ـــ مەن بۇنى ئالدىن ئويلىشىپ قويغان ، ـــ دېدى ئۇ .

ئىككىمىز ئاتامنىڭ بىر ئىمارىتىگە باردۇق . ئاتام نۇرغۇن خەزىنىلەرنى بىر سارايغا يوشۇرۇپ قويغان ئىكەن . سارايغا كىرىشىمىز بىلەن ئاتامنىڭ ماڭغان ـ تۇرغان جايى ، ئولتۇرغان تەختى يادىمغا يېتىپ ، كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي قالدىم . مۇبارەك ماڭا تەسەللى بېرىپ ، ئاتامنىڭ تەختىنى ئېلىۋېتىپ ئاستىدىكى سېلىنچىلارنى يىغىشتۇردى . بىر يەرنى كولىۋىدۇق ، قۇلۇپلانغان ئىشىك كۆرۈندى . ئۇ ساقلاپ كەلگەن ئاچقۇچتا قۇلۇپنى ئېچىپ ، پەلەمپەيلەر ئارقىلىق قاراڭغۇ گەمىگە چۈشتۇق . كۆڭلۈمگە : « بۇ زەڭگى بىرەر ھىيلە بىلەن مېنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەرمۇ ؟ » دېگەن ئەندىشىلىك ئوي كېچىپ ، « كەلىمە تەييىبە »نى ئوقۇيتتىم . غۇۋا يورۇقتا تۆت سۇپىنى كۆردۈمكى ، ھەربىر سۇپىدا 40 تىن كوزا شاھانە ئالتۇن زەنجىر بىلەن چىگىلگەن ھالدا تۇ-

رۇپتۇ ، كوزىلارنىڭ ئاغزىغا بىردىن ئالتۇن خىش قويۇپ ، خىشلارنىڭ ئۈستىگە يېشىل رەڭلىك بىر خىل ئىپىل تاشتىن ياسالغان مايمۇن ھەيكىلى ئولتۇرغۇزۇلۇپتۇ . پەقەت بىرلا كوزىنىڭ ئۈستىدە مايمۇن ھەيكىلى يوق تۇراتتى . كوزىلار ئالتۇن - تىللا بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ئىدى .

مەن تۆت سۇپا ئوتتۇرىسىدىكى كۆلنىڭ ئەڭ ئىپىل جاۋاھىرلار بىلەن تولدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ :

— بىر مەنسەپكە دەسسىمەي تۇرۇپ بۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ ، — دېدىم .

نەزم

ئېچىمنىڭ زەخمىدىن ئالماق نە ھاسىل ،
بۇ كۆڭلۈم دەردكە بولمىسۇن ۋاسىل .

ئەندىشىلىك كۆڭلۈمدە : « بۇ خەزىنىلەرنى تاغامغا بېرىپ خۇشنۇد ئەتسەك ، بەلكىم شۇ تۆپەيلى مېنى ئازاد قىلسا ئەجەب ئەمەس » دەپ ئويلايتتىم .

نەزم

ئىشكىنى پۇختىراق قىلغىن ، كېيىن ئەمىن - ئامان بولسۇن ،
كۈلۈپ يارەنلىرىڭ خۇشنۇد ، رەقىب رەڭگى سامان بولسۇن .

مۇبارەك ئېيتتى :

— ئى شاھزادە ، بۇ خەزىنە خۇسۇسىدا بىر ھېكايە بار . ئاڭلىساڭ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىسەن .

## تىلىسىمدىكى مايمۇن ھەيكىلى

— ئى شاھزادە ، بۇلارنى كۆرسىتىشتىكى مۇددىئايىمنى بۇ ھەقتىكى ھېكايىنى ئاڭلىساڭ ، ئاندىن بىلىسەن ، — دېدى مۇبارەك ، — مايمۇنلارنىڭ ھەيكىلىگە كەلسەك ، ئاتاڭ ياش ۋاقتىدا مالىك سادىق ئىسىملىك پەرىلەر پادىشاھى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەت



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئورناتقان ئىدى ، سەۋەبىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم . ئاتاڭ يىلدا بىر قېتىم ئەتىر ، ئەنبەر قاتارلىق خۇش پۇراق نەرسىلەردىن ئالاھىدە سوۋغات تەي- يارلاپ مالىك سادىققا تەقدىم قىلاتتى . نەچچە كۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولۇپ قايتىدىغان چاغدا ئۇ سوۋغا قىلغان زەبەرجەد ① مايمۇن ھەيكىلنى ئېلىپ كېلىپ ، مۇشۇ يەردە قويۇپ قوياتتى . ئۇ يەرگە بارغاندا مېنىمۇ ھەمراھ قىلىۋالاتتى .

بىر نۆۋەت كاتتىۋاللىق قىلىپ سورىدىم :

— ئى پادىشاھىئالەم ، بارغىنىڭدا بىرمۇنچە سوۋغىلارنى ئېلىپ با- رىسەن ، كېلىشىڭدە جېنى يوق تاش مايمۇننى ئېلىپ كېلىسەن ، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار ؟

ئاتاڭ كۈلۈپ كېتىپ ئېيتتى :

— ھېچكىمگە دەپ قويمىغىنكى ، ھەربىر زەبەرجەد مايمۇنغا جىنلاردىن مىڭى پەرمانبەرداردۇر . مالىك سادىقنىڭ ئېيتىشىچە ، مايمۇن 40 قا يەتمىگۈچە جىنلارنى ئىتائەت قىلدۇرغىلى بولمايدىكەن .

مايمۇن ھەيكىلى 39 غا يەتكەندە ئاتاڭ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى . مېنىڭچە ، سېنى مالىك سادىقنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ ، ئەرز - ھالىڭنى مەلۇم قىلسام ، ئاتاڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ ھۆرمىتىدىن ساڭا مايمۇن ھەيكىلدىن يەنە بىرنى بېرىپ قالسا ، شۇ سەۋەب بىلەن مۈلكى مىراسىڭنى تېپىپ مەملىكەتكە ئىگە بولغايسەن . ئەگەر بۇ ئىش مۇيەسسەر بولمىغاندىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قا- لىسەن .

— ئىختىيار ئۆزۈڭدە ، — دېدىممەن ، — ئويلىغانلىرىڭغا تېزلىك بىلەن تۇتۇش قىلىپ ، ھەقىقەتكە كۆز يۇمماي ، مەندىن ياردىمىڭنى ئايى- مىغايسەن .

ئاندىن كېيىن مۇبارەك مېنى ھەرەمخانىغا كىرگۈزۈۋەتتى . ئۆزى مەخپىي سارايىنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بولۇپ تاغامنىڭ قېشىغا بې-

---

① زەبەرجەد — يېشىل رەڭلىك بىر خىل ئېسىل تاش .

رىپتۇ ۋە خىلۋەتتە مەسلىھەت سېلىپ : « ئەگەر پادىشاھلىقىڭنى داۋاملاش-تۇراي دېسەڭ ، بۇ ئوغۇلنى مەن بىلەن شىكارغا ئەۋەتكىن . ئۇنى جاڭگالغا يەتكەندە ئۆلتۈرۈۋەتسەم ھېچكىم بىلمەيدۇ » دەپتۇ . تاغام بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن مۇبارەك ئاتامغا ئوخشاش سوۋغا - سالاملارنى تەييارلىدى . بىز شەھەردىن چىقىپ شامالدىن تېز چاپىدىغان ئاتتىن ئىككىگە مىنىپ يولغا راۋان بولدۇق . شۇ يۈرگەنچە شەرق تەرەپكە قاراپ بىر ئاي ماڭدۇق . بۇ جەرياندا دۈشمەنلەردىن خەۋپسىرەپ ئارامىمۇ ئالالمىدۇق . ئاخىر بىر كېچىسى ئېگىز تۆپىلىككە يەتتۇق . ئۈستىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ ، يىراقتىكى بىر بوستانلىقنى كۆردۈمكى ، خۇددى بېھىشتەك گۈزەل ئىدى ، شامال ئۇ تە-رەپتىن ئىپار - ئەنبەر ھىدلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دىماغلارغا ئۇراتتى . پانۇس - چىراغلار كۈندۈزدىن روشەن يورۇتۇپ تۇراتتى .

— ئى مۇبارەك ، بۇ قانداق جاي ؟ — سورىدىممەن ، — نامى نېمە ، بۇ ھەشەمەت - غۇلغۇلىلەرنىڭ سەۋەبىچۇ ؟

مۇبارەك ئاتتىن چۈشۈپ سەجدىگە باش قويۇپ ، شۈكرى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى :

— خۇداغا شۈكرىكى ، بەختىڭ يار ئىكەن ، مەقسەت مەنزىلىگە يەتتۇق . بۇ ، مالىك سادىقنىڭ بارگاھىدۇر . مۇشۇ تۆپىلىكمۇ ئۇنىڭ تەۋەسى بولۇپ ، ئاۋۇ خەلق لەشكەرلىرىدۇر !

مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە :

— ئايدىڭچىلىقتىن باشقا نەرسىنى كۆرمىدىمغۇ ؟ — دېگەن ئى-دىم ، ئۇ سۇرمە سۇلايمانىنى چىقىرىپ كۆزۈمگە سۈرتۈۋىدى ، نۇرغۇن خەلقلەر ئايان بولدى .

ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇش چىراي ، قاپقارا چاچ - ساقاللىق بو-لۇپ ، پۇتلىرىمۇ يۇگىلۇق ھەم تۇۋاقلىق ئىكەن ، قېشىغا بارغان ئىدۇق ، مويسىپىتلىرى مۇبارەكنى تونۇپ ھەزىل - چاقچاقلارنى قىلىپ ، مالىك سادىقنىڭ بارگاھىغا باشلاپ باردى . بارگاھ ئىچى شۇنچىلىك ئېسىل



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بىرىلگەن ئىدىكى، ھەربىر بۇرجىكىگە سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان تەخت قويۇلۇپ، ئەمىر - پازىل، ھەكىم - ھۆكۈما پىر كامىللار ئولتۇرۇپتۇ. بارگاھنىڭ تۆرىدە ئالتۇن - جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالىي تەخت بولۇپ، مالىك سادىق تۆت قۇببىلىق شاھلىق تاجنى كىيىپ مەغرۇرانە ئولتۇراتتى. ئالدىغا بىرىپ ئىخلاسمەنلىك بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ قول باغلاپ تۇردۇق. ئۇ بىزنى ئىززەتلەپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئاندىن داستىخان راسلىتىپ شەربەت ۋە تائاملار ئەكەلدۇردى. يەپ - ئىچىپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مىنى ئالدىغا قىچقىرىپ ئەھۋال سورىدى. مۇبارەك ئەرزىمنى يەتكۈزۈپ سەرگۈزەشتىمنى بايان قىلدى.

مالىك سادىق مەن تەرەپكە يۈزلىنىپ ھەزىل كۈلكىسى بىلەن:

— شۇنچىۋالا چوڭ بولۇپسەن، نېمە ئۈچۈن شۇ كەمگىچە مىنى يوقلاپ كەلمىدىڭ؟ — دېدى.

— دۆلىتىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغايكى، — دېدى مۇبارەك، — بۇ چاغقىچە كىچىك ۋە نادان ئىدى، خىزمىتىڭگە لايىق كەلمەيتتى. ئەمدى بالىغ بولۇپ، ئاتىسى ئورنىدا ئالدىڭغا تەزىمگە كەلدى. شەپقەت - مەرھەمەتلىرىڭنى ئۇنىڭدىن ئايىمىغايسەن. ئاتىسىنىڭ روھىنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن قۇلۇڭ قاتارىدا سانىغايسەن، ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسىغا ئىنئاملار بىرىپ تۇرغان ئىدىڭ. بۇ بىچارىگە زەبەرجەد مايمۇن ھەيكىلىنىڭ 40 - سىنى بەرگەيسەن. زالىم تاغىسى ۋەسىيەت ئەھدىگە پۇت قويۇپ، خۇدانى ئۇنتۇپ شۇنداق زۇلۇملار قىلدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ تىرىك يۈرگىنىگىمۇ رازىلىقى يوق، ھايات تۇرۇشى پادىشاھلىقىم ئۈچۈن خەۋپ يەتكۈزىدۇ، ئىگىلىۋالغان تەختىم قولدىن كېتىدۇ دەپ ئەنسىرەيدۇ.

مالىك سادىق بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى:

— ئى مۇبارەك، بۇ توغرىدا ھەرگىز ئىچى تارلىق قىلمايمەن. خالىس مەدەت - ياردەملەر ئارقىلىق مۇناسىپ ئورۇنغا ئېرىشتۈرىمەن.

مىسرا

جەبىر تارتماي خەزىنە قولغا كىرمىگەي .

ئاتىسىنىڭ ھەققى گەدىنىمدە بار . ئۇنىڭ ئوغلى بېشىغا كۈن چۈشۈپ ئالدىمغا كەلگەن ئىكەن ، تارتقان زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرىنى دەفئى قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار . خالىغان نەرسىسگە ئېرىشىشتىن ئاۋۋال ئازغىنە ئىمتىھان ـ سىنىقىمدىن ئۆتۈشى كېرەك . شەرت شۇكى ، بۇيرۇغان خىزمەتنى خىيانەتتىن نېرى بولۇپ ، راستلىق ـ توغرىلىق بىلەن ئورۇندىغاي .

مەن نادانلىقىمدىن ئالدىراپ خۇشال بولۇپ بېشىمغا كېلىدىغان بالانى بىلمەيتىمەن . مەجلىستىن كېيىن مالىك سادىق بىزگە زىياپەت بەردى . ئەتىسى مۇبارەك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئورۇندايدىغان خىزمەتنى تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى ، مۇجمەل ھالدا :

— ئى مۇبارەك ، مەن ئۇنىڭ دېگىنىنى بېرەي ، لېكىن ھېچبىر خىيانەت قىلمىغاي ! — دېدى .

مۇبارەك ئېيتتى :

— خاتىرجەم بولغىنكى ، تاپشۇرغان خىزمەتنى جان ـ دىل بىلەن ئورۇنداپ تامامىغا يەتكۈزىدۇ .

— قېنى ، ئۆزى جاۋاب بېرىپ باقسۇن ، — دېدى مالىك سادىق ، ئاندىن ماڭا يۈزلىنىپ ئېيتتى ، — ئى ئوغۇل ، سەن تېخى نادان ، بىلىپ قويغىنكى ، مۇبادا بىرەر بالاغا قالىدىغان بولساڭ ھېچقانداق قىلىپ قۇتۇلالمايسەن ، دەردىڭگە داۋا چىقمايدۇ .

— ئەگەر شەپقىتىڭنى ئايىمايدىغانلا بولساڭ ، — دېدىمەن ، — ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن پەرمانىڭنى جان ـ دىلىم بىلەن تەخىرسىز بەجا كەلتۈرىمەن .

— ئۇنداقتا ياخشى ، ئۇچىنچى كېچىسى ئېيتىمەن .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۇچىنچى كېچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان ئىدىم ، خەزىنىچىنى چا-
قىرىپ بىر ساندۇقنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى . خەزىنىچى ساندۇقنى
ئېلىپ كەلدى .

ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىن تۆت قاتلانغان بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ
قولۇمغا بېرىپ ئېيتتى :

— ئادەم جىنسىدىن قەيەردە مۇشۇ قەغەزدىكىگە ئوخشايدىغان
ئادەم بولسا تېپىپ ئېلىپ كەلگىن . شەرت شۇكى ، كۆزۈڭنى ، قولۇڭنى
ۋە كۆڭلۇڭنى خىيانەت تەرىقىسىدىن ساقلاپ ، ھېچكىمگە ھەم ئېيتماي
خىزمىتىمنى بەجا كەلتۈرگەيسەن . ئاندىن ئۆز مۇددىئايىڭدىن ئۈمىد
كۈتكىن . ئىشلىرىڭنى كۆڭلۈڭدىكىدەك قىلىپ بېرىشكە مەن كېپىل .
ئەمما بۇ يولدا بېشىڭغا چۈشكەن مۈشكۈلاتنى ئۆزۈڭدىن كۆرگىن .

قەغەزنى شۇنداق ئاچقان ئىدىم ، بىر سۈرەتنى كۆردۈمكى ، ئى-
سىت ! كۆرمىگەن بولسام بولماسمىدى !

مەسنەۋى

سۈرەتنى سىزىپتۇ بىر سىياھ قەلەم ،
ھىيلىلەر سەنئىتى چېكىپتۇ رەقەم .

پەرىدىن گۈزەلدۇر سىزغان رەنايى ،
ھۆسنىدۇر مىسلىسىز ، ئاپتاپ چىرايى .

ياراشقان خاللىرى ، سۇمبۇل چاچلىرى ،
لەۋلىرى گۈل بولسا ، ئاغزى ياپرىقى .

مەستانە قىلادۇر شەھلا كۆزلىرى ،
قۇياشقا مىسالدۇر ئۇنىڭ يۈزلىرى .

قاشلىرى ئۇرىدۇ كۆڭۈللەرگە تىغ ،
كىرپىكى ئوق بولۇپ يېقىتار مىڭ - مىڭ .

يۈرىكى قەلب ئىچرە تۇرار بىر گۈلدەك ،
زىننىقى گۆھەر جام ، قەددى بۇلبۇلدەك .

كۆكسىدە بار ئىدى ئىككى ئانار تەخت ،
ئۈستىدە ئولتۇرۇش نېمىدېگەن بەخت .

ئول تەختنىڭ ئۈستىدە قۇببىسى ھەم بار ،
كۆزۈڭنى چاقنىتۇر ئول بىر جۈپ ئانار .

تەختنىڭ ئەجەب ئاق ، قۇببە باشقىچە ،
مەن تېخى كۆرمىگەن شۇنچە ياشقىچە .

نازۇكلۇق شەرھىگە قىسلار بۇ تىل ،
سۆزلىسەم تۈگىمەس نەچچە ئون مىڭ يىل .

بەرداشلىق بېرەلمەس گەر بولسا دىل تاش ،
قەغەزنى كۆرۈپلا تۆكتۈم مەن قان - ياش .

پەرىشان قىلدى ئۇ ھەربىر تەرەپتىن ،
تەنلىرى گۆھەردۇر ، بېشى سەدەپتىن .

ئىدى ئۇ نازىنىن چىشلىرى ھېقىق ،
بولدى ، بەس ، سۆزلىسەم شەرھىسى بەك جىق .

ئى شەھرىيار ، ئەمدى نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن .
ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى ھۆرلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ھەسەت قوزغايتتى .



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نەزم

ئەمەس مۇمكىن بايان قىلماق سۈپەتلەپ ئۇز جامالىدىن ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن رەشك ئەيلەشكە بولماس يات خىيالىدىن .

مەن سۈرەتكە يېنىشلاپ قارىغاندىن كېيىن ، بۇ نەزمنى ئوقۇدۇم :

نەزم

بىرلا كۆردۇم باش ـ ئاخىر ھەيران بولدۇم ،
تاپماق ئۈچۈن دىۋانە ـ سەرسان بولدۇم .

شۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنى ئىشق گىرىپتارلىقىدىن ئاران ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتىم . مۇبادا ئەپتىمدىن مالىك سادىق ۋە باشقىلار غەيرىي ھالنى سېزىپ قالسا قانداق قىلارمەن دەپ ئەنسىرىمەكتە ئىدىم .

كۆڭلۈم تىرىگىنىنى كۈچەپ چىڭ تۇتقىنىمچە مالىك سادىقتىن رۇخسەت ئېلىپ قايتىپ چىقتىم . ئاندىن مۇبارەك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، غەم ـ ئەندىشەمنى ئېيتتىم :

— بۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسىنى قانداق تاپارمەن ؟ جىن ـ پەرىلەر خالىغان يەرگە بارالايدۇ . مالىك سادىق قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان تۇرۇقلۇق ، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ماڭا تاپقۇزىدۇ . بۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسى تېپىلىدىغان بولسا جىن ـ پەرىلەر ئۆزلىرىمۇ تاپالايتتىغۇ !

مۇبارەك جاۋابەن دېدى :

— بۇ خىيالىڭ دۇرۇس ئەمەس . مالىك سادىق ئادەم ئالدىمايدۇ . مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى بۇيرۇپ سېنى سىنىمايدۇ . سەن بۇ ئىشتا ئۇنىڭدىن گۇمانلانماي ، مەيلى تاپالىغىن ، مەيلى تاپالمىغىن ، تەقدىر دېگىنىغا چۆكۈپ ئىزدەپ باققىن . ئىشەنگىنكى ، خۇدايىتائالا ئاسانلىق بېرىپ مۇشۇ باھانە ـ سەۋەب بىلەن ، كەتكەن دۆلىتىڭ قولۇڭغا قايتىپ كېلىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس .

مۇبارەكنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىككى ئىشەك تاپتۇق . قەلەندەرلەر

سىياقىدا كىيىندۇق . ئىشەكنى مىنىپ جاھان كەزمەكنى ئىختىيار قىلدۇق . ئۈمىدۋار بولۇپ ، شەھەرمۇشەھەر ، سەھرامۇسەھرا ، يۇرتمۇيۇرت كېزىپ يۈردۇق . نەگىلا بارساق ئۇل بىباھا ئۈنچىنى تېپىشنىڭ كويىدا ئىدۇق .

بۇ مېنىڭ پەرىشانلىقىمنىڭ سەۋەبىدۇر . ئولتۇرسام - قوپسام :

بېيىت

جاھان ئاۋارىسىدۇرمەن يۈرەرمەن ،
ئاخىر ئاپتاپ جامالىڭنى كۆرەرمەن .

دەپ ، ئۇلۇغ پادىشاھ — ئاللاتائالاغا نالىلەر قىلاتتىم .

مۇناجات

ئىلاھا ، ئارامىلىق تاپالمىدىم مەن ،
كۆزۈمنى بىردەممۇ ياپالمىدىم مەن .

ئۆيمۇئۆي يۈرەرمەن سەنەم كويىدا ،
ئۈمىدىم چىچەكلەپ لۇتپۇڭ بويىدا .

خىزىرنى يولۇقتۇر زۇلمەت كېچىدىن ،
كۆرسەتكەي ماڭا يول ھەرەم ئىچىدىن .

## سۇچى بوۋاي

يەتتە يىلغىچە ھەيران - سەرگەردان ، ئاشىق - پەرىشان بولۇپ دەشت - باياۋانلاردا ، شەھەر - ۋەيرانىلاردا يۈردۇق . ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ : « بۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ . مالىك سادىقمۇ بۇ كەمگىچە ئۆتۈپ كەتكەندۇ » دېگەن ئىدىم ، مۇبارەكمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ : « بىرەر شەھەرگە يېتىپ بېرىپ شۇ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

يەردە تۇرايلى، بىھۇدە يول يۈرۈشنى توختىتىپ، قالغان ئۆمرىمىزنى پاراغەتتە ئۆتكۈزەيلى، ھاياتلىق غەنىيمەتتۇر » دېدى. بىرنەچچە مۇددەت سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى قۇرئان تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تامنىڭ، بەزىلىرى شەھەر قەلئەسىنىڭ ئۈستىدە ۋە بەزىلىرى دۇكان - مەسچىتلەردە شۇ ئىش بىلەن ئىدى، تىلاۋەتتىن مۇستەسنا ئادەم ئالاھازەل كەم ئىدى. ھەممە ئۆيدىن مۇڭلۇق تىلاۋەتنىڭ ئاۋازى كېلەتتى. شەھەرنىڭ كۈچلۈك دىيانەت پۇرىقىدىن كۆڭلىمىز ۋاللىدە ئېچىلىپ، كارۋان سارايلارنىڭ بىرىگە چۈشتۇق. ئۇ كۈنى ھاردۇقىمىزنى ئېلىپ، ئەتىسى ھامامغا بېرىپ يۇيۇنۇپ سەپەرنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن پاكلىنىپ، كوچا - كوي ئارىلىدۇق. بازارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە بىر بوۋاينى كۆردۇقكى، كۆزى ئاجىز بۇ ئادەم بىر قولىدا ھاسا تايانغان، بىر قولىدا سۇ تولدۇرۇلغان كوزا كۆتۈرگەن ھالدا قەدەمدە بىر ئاللاتائالاغا شۈكۈر - سانا ئېيتىپ كېلەتتى. مەلۇم بولدىكى، ئۇ ھېچنېمىسى يوقلۇقىدىن تەشنالارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە رىزقىنى تېپىپ يەپ جان باقىدىكەن.

ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇسسۇزلۇقىمنى قاندۇرۇپ، يانچۇقىمدىن بىر دىنار ئېلىپ بەردىم. ئۇ پۇلنى بىلىپ:

— ئى يىگىت، ماڭا بىر پۇل ئاتىدىڭ، خۇدايىتائالا سېنى غېنى قىلغاي! — دېدى.

— ئى ئاتا، بۇ دىنارلىق ئالتۇن پۇلدۇر، — دېگەن ئىدىم، بۇنى ئاڭلاپ ئۇ چىن قەلبىدىن ھاياجانلىنىپ:

— ئى يىگىت، مۇرادىڭنى خۇدايىتائالا ھاسىل قىلغاي، ئۈمىدىڭنى ئىگەم ئۆز كەرىمى بىلەن ۋاسىل قىلغاي! — دەپ كېتىپ قالدى.

مۇبارەك ئىككىمىز كوچا - مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ، بىر مەھەللىگە بارغان ئىدۇق، كاتتا بىر كونا ئىمارەتكە كۆزىمىز چۈشتى. ئۇ ئەسلىدە شاھانە قەسىر بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئەتراپلىرى ئۆڭۈپ ۋەيرانە تۇس ئاپتۇ.

ئۇنىڭ ئىچىنى تاماشا قىلىش ھەۋىسى تۇغۇلۇپ كىرىپ، بۇ ئالەمنىڭ بىۋاپالىقىدىن ئىبرەت ئالدۇق. لېكىن ۋەيرانە ئىمارەتتىن كەلگەن راھەت ـ پاراغەت پۇرىقى ۋۇجۇدىمىزدا ئىستىراھەت تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «بۇ يەردە بىر غايىب خەزىنە بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ كەمگىچە ۋەيرانىلەردە بۇنىڭدەك تەبىئەتنىڭ نىشاتى ①، كۆڭۈلنىڭ بىساتى ھەرگىز كۆرۈلگەن ئەمەس» دېدىم.

ئى شەھرىيار، بوۋاينىڭ دۇئاسى ياخشى سائەتتە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، بىردەم ھاردۇق ئېلىپ تۇرۇشىمىزغا ئۇ خارابىلىقا كىرىپ كەلدى. شۇئان ئۇنىڭغا بىرسى شۇنداق خىتاب قىلدى:

— ئى ئاتا، بۈگۈن بالدۇر قايتىپ كەپسەن!

— ئى بالام، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — خۇدايىتائالا بۈگۈن ماڭا بىر يىگىتنى ئۇچراشتۇردى. ئۇ رەھىمدىللىك قىلىپ بىر تىللا بەردى. شۇ پۇلغا بۇ تائامنى ئالدىم. ئۇزاقتىن بۇيان بۇنچىلىك لەززەتلىك تائامنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. يەنە بىر ماتامۇ ئالدىم، كۆڭلەك تىكىپ كىيەرسەن.

بىلدىمكى، ئۇنىڭ پەرزەنتىمۇ ھاجەتمەن ئىكەن. «بەرھەق، ھېچ بەندە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تەلەپسىز ئەمەس» دەپ، مۇرادىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلدىم.

— مەنمۇ دۇئا قىلاي، سەنمۇ دۇئا قىلغىن، — دېدى بوۋاي، — چۈنكى ئاجىزلارنىڭ دۇئاسى قادىر ئاللانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇلدۇر!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماڭا يىغا ئولاشتى ـ دە: «بۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى چېكىگە يېتىپتۇ. ئۇنىڭغا يەنە بىرئاز تىللا ۋە تەڭگە بېرەي» دەپ، يېقىنراق بېرىپ دۇئا تەلەپ قىلماقچى بولغان ئىدىم، كۆزۈم ئۆينىڭ ئىچىگە چۈشۈپ بىر قىزنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ سۈرىتى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا ھەمراھ ئىدى. ئۇ قىز گويا رەسىمدىكىدەك ئولتۇراتتى. خۇش

① نىشات — شادلىق



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ھىدىنى ھەر تامان چېچىپ تۇرغان گۈزەلنىڭ تولۇن ئايدىن نۇرلۇق چېھرىنى سۇمبۇل چاچلىرى بۇلۇتتەك توسۇۋالغان ئىدى. يەتتە يىلدىن بۇيان شۇنچە جەبىر - جاپالارنى چەككىنىم شۇئان بىراقلا ئۇنتۇلۇپ «ئاھ!» تارتقىنىمچە يىقىلدىم. مۇبارەك مېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ جىددىيلەشتى ۋە دورا ئىبلىپ كېلىپ ئىچۈردى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — سورىدى ئۇ ئوڭلانغىنىمدىن كېيىن.

ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، نەزىرىمنى يەنە ئول ھۆرلىقاغا سالغان ئىدىم، ئويلىمىغاندا ۋارقىرىۋەتتى:

— ئى يىگىت، خۇدادىن ئۇياتقىن! نامەھرەمگە نەزەر سالمىغىن! ھەركىم ئۆز نومۇسىنى ساقلاي دېسە، كىشىنىڭ سىرتىغا نەزەر سالماس.

بېيىت

تەرەتسىز كىرسە كەئبە ئوخشاپ قالۇر بۇتخانىغا،
نومۇسنى ساقلىمىسا ئوخشار دىلى دۇتخانىغا.

ئۇنىڭ پاساھەتلىك تىل بىلەن بايان قىلىنغان پىكىر بالاغىتىدىن سۆيۈنۈپ، تەكرار - تەكرار ئاشىق - شەيدا بولدۇم. مۇبارەك پەرىشان ھالىمنى كۆرۈپ ھەم ئۇ گۈزەلگە نەزەر تاشلاپ، كۆڭلىدە بىلدىكى، يەتتە يىلدىن بېرى جاھان كېزىپ، سەرسان - سەرگەردان بولۇپ ئاختۇرغان گۆھەر شۇ ئىكەن!

نەزم

زاھىت ئۆزى زاھىرپەرەس بۇ ھالدىن ئۇ ئاگاھ ئەمەس،
ھەر نە ئېيتۇر ئول مېنىڭ ھەققىمدە ئەگەر ئاھ ئەمەس.

مەن ئۇ نارىنىن پەرىۋەشنىڭ سۆزىگە جاۋابەن ئېيتتىم:

— ئى بۇ ماكانىنىڭ ئىگىسى، مەن غېرىب كىشىدۇرمەنكى، پەلەكنىڭ بىدادىدىن سەرگەردان بولۇپ، ئەل - يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ بۇ

يەرگە كېلىپ قالدىم. ئىلتىماس قىلىمەنكى، ماڭا بىر سائەت ئاتاڭنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا يول بەرگىن.

بوۋاي ئاۋازىمدىن تونۇپ ھاسىسىغا تايىنىپ ئۆيدىن چىقتى ۋە يەنە ئىشەنمىگەندەك:

— كىم؟ — دېدى.

مەن يۈگۈرۈپ ئالدىغا بېرىپ قوللىرىغا سۆيدۈم. ئۇمۇ ئاتىلارچە ھاياجان بىلەن قۇچاقلاپ، مېھرىنى ئىپادىلىدى. ئاندىن ئەھۋالىمنى سورىغان ئىدى، جاۋابەن بۇ رۇبائىينى ئوقۇدۇم:

يامان پەلەك قىلدى زېدە، خانىمانىم بولدى خاراب،
سەھرا كېزىپ، دەشتتە يۈرۈپ، مەجنۇن كەبى تارتتىم ئازاب.
يار ۋە دىيار راھىتىدىن ئايرىلىپ مەن بەكمۇ يىراق،
مۇھەببەتكە تەشنا بولۇپ قان ـ يېشىمدىن ئىچتىم شاراب.

بوۋاي مېنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. نازىنىن بىر بۇلۇڭغا بېرىپ پىنھاندا ئولتۇردى. ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، چىرايىمنى كۆرۈپ تۇرالايتتى. بوۋاي ئەھۋالىمنى بىلمەكچى بولۇپ سورىغان ئىدى، راستلىق بىلەن بايان قىلدىم. لېكىن مالىك سادىق ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدىم.

نەزم

سۈرىتىنى كۆرۈپ بولدۇم ئۆزۈمدىن بىزار،
دىدارلىشىپ كەتتى ئىشىم قولۇمدىن بىكار.

ئول سەۋەبتىن ۋەتىنىمدىن بولدۇم ئاۋارە،
ئۆيمۇئۆيگە دوقۇرۇپ تارتىمدىم ئىزا.

شۇنچە مەزگىل سەرسانلىقتا جاھان كەزدىمەن،
دەيتتىم دائىم: «يار ۋىسالى قانداق تېپىلار؟»



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

تەمەيىمنى ھەممە يەردىن ئۈزدۈم ئاخىرى ،
ئېرىشەلمەي مەقسىتىمگە قىلىپ ئاھۇزار .

بىرىپ ـ بىرىپ خۇدايىمغا قىلدىم ئىلتىجا ،
چۈنكى ئاللا رەھىملىكتۇر ھەمدە ۋاپادار .

بەندە يىغلاپ نالە قىلسا زايە كەتمەستۇر ،
ۋىسال ئىزدەپ يۈرگەنلەرنى بىر يولغا سالار .

يىغلاپ ـ قاقشاپ ، يېشىم تۆكۈپ دېدىم ئۆزۈمگە :
« بۇ دىياردىن كەتمەي ، بولسۇن ۋەتىنىم بازار ؛

تۇراي ئەمدى سەرسان بولماي بۇ ۋەتەندە مەن ،
بولمىغاندۇر ھېچ كىشىگە پۇل ـ مال ، دۆلەت يار » .

تەقدىر بىلەن چۈشكىنىمدە بۇ دىيارغا مەن ،
ئويغا پاتقان كەلگۈسىمىز دەپ قانداق بولار .

گۆھىرىمنى تېپىۋالدىم بىر ۋەيرانىدىن ،
ئەپسۇس ، بىراق بولغان ئىدىم باشقىغا قەرزدار .

ئى ئاتا ، مەن چىن ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسىدۇرمەن ، سىنىڭ سەـ دىپىڭنىڭ دۇردانىسى ئۈچۈن ۋەيرانىمەن . ئۇنىڭ تەسۋىرىي سۈرىتىنى ئىلگىرى كۆرگەن ئىدىم . ئىشقىنىڭ قولىدىن ئۇنىڭ جامالىنى جانغا سېـ تىۋالدىم . ئاتامنى ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، تاجۇتەخت ، مۈلۈك ـ دۇنيالىرىمنى تاشلاپ ، ھەممىدىن قول ئۈزۈپ ، ئاخىر خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئارزۇ ـ مەقسىتىمگە يەتتىم . ھازىر ئەركىنلىك تىزگىنى ئۆز قولۇمدىدۇر .

# جىن چاپلاشقان شەھەر

بوۋاي دەرد ـ ئەلەملىك ئاھ ئۇرغىنىچە ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، قىزىم بىر بالاغا ئۇچرىدىكى ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ ماجالى يەتمەيدۇ ھەم ۋىسال قولىنى ئۇنىڭ بويىنىغا سالالمايدۇ . بېغىم بار ، لېكىن مېۋىسىنىڭ ئاپتى بىلىندۇر . شۇڭا ھېچكىم مەقسەت ـ مۇراد مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ ، خەزىنەم بار ، لېكىن خەتىرى شۇنداق يامانكى ، ھېچكىم قول سوزۇشقا پېتىنالمايدۇ .

— ئۇ كىمدۇر ؟ — سورىدىم .

— ئى يىگىت ، — دېدى بوۋاي قان ـ ياشلىرىنى تۆكۈپ ، — مەن بۇ شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى ئىدىم . ئۇزاق يىللار ئاتا ـ بوۋامنىڭ چىرىغى بىلەن باشقىلارنىڭ يۈزى يورۇغان ئىدى . ئاتام مۆتىۋەر ئۇلۇغلاردىن بولۇپ ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاللاتائالا كارامەت ئەيلەپ بۇ پەرزەنتنى بەردى . ئىنىكئانىلار ئۇنى جان ئەمچىكى بىلەن پەرۋىش قىلدى . بويىغا يەتكەنسېرى ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى كامالىغا يېتىپ ، گۈزەللىكتە جاھان يېگانىسى دەپ شۆھرەت تېپىپ ، داڭقى ئالەمگە تارقالدى ، ئۇنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا يىگىتلەر دىۋانە بولۇپ يۈرىكى داپ چالدى .

شەھەرنىڭ پادىشاھى ماڭا كۆپ شەپقەت ـ ياخشىلىقلار قىلىپ تۇراتتى ، كۈندە دېگۈدەك كېلىپ ھال ـ ئەھۋال سوراپتتى . ئۇنىڭ گۆھەرگە بەرگۈسىز بىر ئوغلى بولۇپ ، ئۇمۇ بالاغەتكە يەتكەن ئىدى . ئالەمدە ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدەك ئوغۇلنى كۆرۈش تۇگۇل ، مەۋجۇتلۇقى خۇسۇسىدا ئاڭلاپمۇ باقمىغان دېسە لاپ بولمايتتى ، بەلكى قىسمەت ئانىسىمۇ تەۋەللۇت قىلمىغان ئىدى .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

رۇبائىي

گۈلشەندە بىر ، يەنە يوق ئۇنداق سەرۋ خوپ ،
باغ ئىچىنى يورۇتار ئول گۈزەل مەھبۇب .
ئاغزى خۇشبۇي ـ يېقىملىق ، چىرايى گۈلدەك ،
بۇرۇتلىرى خەت تارتقان قاپقارا بولۇپ .

ئۇ غايىۋانە هالدا قىزىمنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپتۇ . ئاتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۆيۈمگە يۈگۈرۈپ كېلىپ ، مەقسەت ـ مۇددىئانى ئېيتتى . چىرايلىق ئالدىغا چىقىپ شۈكرانە بەجا كەلتۈردۈم . ئاندىن جىددىي تۇتۇش قىلىپ تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ ، ئۆلىما ـ پازىللار مەجلىسىدە ئەقدە نىكاھىنى باغلىدۇق . يىگىت كېچىسى ھەممە خىزمەت ـ كارلار چىقىپ كېتىپ ھۇجرا خالىي قالغاندا ، مۇھەببەت قولىنى قىزىمغا سۇنغان ئىكەن ، تۇيۇقسىزلا دەھشەتلىك بىر ئاۋاز پەيدا بولۇپ ، بارغان ـ سېرى غۇلغۇلا ، ئەنسىزلىك ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ . قانچە قىلغان بىلەنمۇ ھۇجرىغا كىرىپ ئەھۋالنى بىلىشنىڭ ئامالى بولماپتۇ . غوۋغا بېسىققاندىن كېيىن ئىشىكنى چېقىپ كىرگەنلەر ئوغۇلنىڭ ئۆلۈك تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ . قىز بولسا ئاغزى ـ بۇرنىدىن كۆپۈك ئۆرلىگەن ھالدا قان ـ تۇپراققا مىلىنىپ ھوشسىز يېتىپتۇ .

پادىشاھ بۇ دەھشەتنى قىزىمدىن كۆرۈپ ، گۇمان بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ . پەرمان چۈشۈشى ھامان يەنە قورقۇنچلۇق غوۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ . پادىشاھ ئۆز جېنىدىن ئەنسىرەپ ، قىزنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئەمر قىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن خىزمەتكارلار قىزىمنى ئۆيۈمگە ئەكېلىپ قويدى .

بېيىت

ئىشلىتىپ نەيرەڭ تەقدىر بالاسى ،
يەتتى بىمەھەل كۆيۈ قازاسى .

ئول گۆھەر يېگانىنىڭ ئۆلۈمى قىزىمنىڭ ۋەسلى تۈپەيلى يۈز

بەرگەنلىكتىن ، پادىشاھ ۋە خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماتەم ھەم قىزىمغا دۈشمەن بولدى . پادىشاھ ئوغلىنىڭ دەپنە ـ تەزىيە ، نەزىر ـ چىراغلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە ئامۇخاس ئىنتىقام ئېلىش قەستىگە چۈشۈپ ، قىزىم ئىككىمىزنى ئۆلتۈرۈپ تەئەللۇقاتىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىش ھەققىدە پادىشاھقا ئەرز سۇنۇپتۇ ، پادىشاھ ئەرزنى مەقبۇل كۆرۈپ ئۇلارنى ئۆيىمىز تەرەپكە ئەۋەتىپتۇ . ئۇلار چۇقان ـ سۈرەن بىلەن ھويلىمىزغا يېقىنلىششىغا ئاسماندىن تاش يېغىپ كېتىپتۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىمۇ تاش بوراندىن ئامان قالماپتۇ . بۇنىڭ شەرھىنى دەپ تۈگىتىش مۈشكۈل ئىدى . ئۇلار ئۆز بېشىغا ئۆزى بالا تاپقانلىقىنى بىلىشتى . كېچىسى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن ئاۋاز يېتىپ : «ئاتا ـ بالىنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولمىغايسەن ، مۇبادا بۇ نىيەتتىن يانمايدىكەنسەن ، ئوغلۇڭنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاقىۋەتنى سەنمۇ كۆرىسەن ، دۈشمەنلىكىڭ ئۆزۈڭگە ياندۇ ! » دەپتۇ .

تەھدىتنىڭ ۋەھىمىدىن پادىشاھ جىددىي ئاغرىققا مۇپتىلا بولدى ، ئاخىر بىزنى ئۆلتۈرمەسلىككە قەسەمىيات قىلدى . ئەمما : « ئاتا ـ بالا ئۆيىدىن چىقمىسۇن ! » دەپ پەرمان چۈشۈردى . مۇنەججىم ـ ھۆكۈمالار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ : « ئەمدى شەھىرىمىزگە جىن ـ شاياتۇنلار ئاپەت ياغدۇرىدىغان بولدى » دېيىشتى . بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ئەندىشىسى ئېشىپ ، قۇرئان ساۋاتى بارلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتىگەندىن كەچكىچە تىلاۋەتتە بولۇشقا بۇيرۇدى . شەھەرنىڭ دەرۋازا ـ قەلئەلىرى ئۈستىگە قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس جاي راسلاپ بېرىلدى . پادىشاھنىڭ مۇددىئاسى بۇ ئارقىلىق شەھەرنى جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئاپىتىدىن تىنچ ـ ئامان ساقلاپ قېلىش ئىدى .

مىسرا

جىن ـ شاياتۇنلار قاچارمىش ھاپىز قۇرئاننى كۆرۈپ .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شۇ تەرىقە بىلەن نەچچە يىل ئۆتتى. مەن بۇ پىتنىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلەلمەي، بىر كۈنى قىزىمدىن:
— شاھزادە ئۆلگەن كېچىسى نىمە ۋەقە يۈز بەردى؟ — دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ ئېيتتى:
— توي تاماملىنىپ، ئوغۇل جىنسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەمشەلگەندە ئۆينىڭ تاملىرى يېرىلىپ بىر جامائە پەيدا بولۇپ، جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن تەختنى يەرگە قويدى. تەختتە يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ، خەلقلىرى بولسا بەتبەشىرە سەت ئىدى. نىمە قىلارىمنى بىلمەي قورقۇپ تۇراتتىم، خەلقلىرى ئول يىگىتكە، نۇرانە يۈزلۈك كىشى ماڭا قول سالدى. قورققىنىمدىن ھوشۇمدىن كەتتىم. كېيىن نىمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن.
قىزىمنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ پۈتلىرى ئۆچكىنىڭ تۇۋۇقىغا ئوخشايدىكەن.
ئى يىگىت، شۇنداق قىلىپ قولۇمدىكى پۇل - بىساتىم تۈگىدى، دوستلىرىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مۇلازىم - ئىنتائەتچىلىرىم ھەر تامان تارقاپ كەتتى. ۋەيرانخانىمىزدا قىزىم ئىككىمىز ئۆز ھالىمىزغا يىغلاپ قالدۇق.
بوۋاي سەرگۈزەشتلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتىپ، كۆز بۇلاقلىرىدىن ئەلەملىك ياشلىرىنى راۋان قىلدى. ئاندىن مۇنداق دېدى:
— تۇرغان ماكانىمىنىڭ ئەھۋالىنى كۆردۈڭ. ئولتۇرۇۋەرسە قورساق ئاچىدىكەن. شۇڭا تەۋەككۇل ئېتىغا مىنىپ، مال - بىساتىمنى ئېلىشقا سېتىپ، بىر نان تاپسام قىزىم بىلەن تەڭ يەپ كۈن ئۆتكۈزدۈم.

بېيت

كىشىكىم ئۆلمەستىن تۇرسىلا تىنىپ،
ئۆتىدۇ نان - سۇنىڭ ئوتىدا يېنىپ.

ئاخىر ئىش شۇ يەرگە يەتتىكى، تېرەم ئۈستىخىنىمغا چاپلاشتى، بىرەر كەسىپ تېپىش ئارزۇسىدا بولغان بولسامۇ، خەلقلەر پادىشاھتىن قورقۇپ ھەم ئاداۋەت ساقلاپ، رەھىم - شەپقەت قىلمىدى، ئەكسىچە كۆڭۈل گۆھىرىمنى تىل - ھاقارەت توقماقلىرى بىلەن چاك ئەيلىدى، دۇرۇشت تىرنىقى بىلەن دىل جاراھىتىمنى تاتىلاپ، ھاياتلىق بوستانىمنى دەسسەپ چەيلىدى. تەنە - مالامەتلىك سۆزلەر بېشىمدا بوراندەك ئۇ- چاتتى. بەختىمگە گاھى مۇساپىر - غېرىبلەرگە ئۇچرىشىپ قالسام، نالە - پەريادىمغا رەھمى كېلىپ سەدىقە بېرىپ تۇراتتى. خۇدانىڭ بەرگەن رىزىق - نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلاتتىم. سەۋرلا ھاياتىمنىڭ ئۈمىد چىرىغى ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇنچىلىك تائامغا ئېرىشىشنى ئارزۇلايتتىم، قىزىممۇ يىرتىق كىيىملەر بىلەنلا قالغان ئىدى. مانا سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئىككىلىمىزنىڭ مۇرادى ھاسىل تاپتى. بۇنىڭ بەدىلىگە قىزىمنى ساڭا كېنىزەكلىككە بېرىش خىيالىم بار ئىدى، ئەمما ھاياتىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن. سەنمۇ بىلىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭگە بالا تېپىۋېلىشنى خالىمايسەن. ياخشىسى، بۇ ۋادىدىن ساق - سالامەت كېتىۋالغىن.

— ئى ياخشى نىيەتلىك كىشى، ئېيتقانلىرىڭ پۈتۈنلەي راستتۇر.

مەسنەۋى

ئابىھايات زەمزىمى ھەممىگە يېتەر،
سەۋر قىلماس ۋە لېكىن تەشنا ئىچەر.

مەن ئۈنىڭدىن يۈزۈمنى ئۆرىمەسمەن،
يانارمەن لاۋا ئۇرۇپ تۈتۈمەسمەن.

ماڭا ئەمدى ئول نىگار ئاشنا بولغاي،
ھەر بالا كەلسىمۇ دىل تەشنا بولغاي.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئى شەھرىيار ، مەن شۇنچە نالە ـ زار قىلساممۇ ، ئۇ ئەسلا رازى بولمىدى . ئارىمىزدا تالاش ـ تارتىش ، نەسىھەتلەر كۆپ بولۇپ كەچ كىردى . ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىپ كارۋان سارايغا قايتىپ كەلدىم .

مۇبارەك خۇشال ھالدا ئېيتتى :

— ئەلھەمدۇلىللا ، ئەمدى تەلىپىم ھاسىل تاپتى .

كۆڭلۈمدە : « بۇ كىشىنىڭ رازىلىق بەرمىگىنىگە قويماي ، بىر ھىيلە تېپىشىم كېرەككى ، ئۇ مېنى مالىك سادىقنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارمايدىغان بولسۇن » دەيتتىم . ئارقىدىن ئەندىشە قىلاتتىمكى : « مۇبادا جىنلاردىن بېشىمغا بىر بالا كېلىپ ، ئول سەنەمنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمەي شۇ يەردىلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ ؟ ئەگەر بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ يەنە بىر شەھەرگە كەتسەم جىنلارنىڭ ئاپەتىدىن خالاسلىق تاپارمەنمۇ ياكى بىرەرسى پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويسا ئۇنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولارمەنمۇ ؟ »

ئەنە شۇنداق خىياللار قاينىمىدىن قىرغاققا يېتەلمەي تاڭ ئاتقۇچە يىغلىدىم . تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بازارغا بېرىپ ، ئول سەنەم ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك ۋە لەززەتلىك تائاملارنى ئېلىپ ، مەقسەت مەنزىلىگە راۋان بولدۇم .

بوۋاي تولا ئىلتىپاتلار كۆرسەتكەندىن كېيىن ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، ساڭا رەھمىم كېلىدۇ ، ساڭا بىرەر پېشكەللىك يېتىشتىن قورقىمەنكى ، بىزگە كۆپ ياخشىلىقلار قىلدىڭ . ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ھېچبىر ئىقلىمدا دۇرۇس ئەمەس . ئەگەر قىزىمنى ساڭا بېرەي دېسەم بالا ـ قازاغا يولۇقۇشىڭدىن قورقىمەن .

مەن ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ دېدىم :

بېيىت

جانىنى دەپ گەر بېشىمنى ئالسا خاقان ،
قىلايمەن جېنىمنى مىڭ مەرتە قۇربان .

ئى ئاتا ، نەچچە ۋاقتتىن بۇيان مەن بۇ نىگارنىڭ ئىشقىدا جانىنى

ئالـىقانغا ئېلىپ يۈرتمۈيۈرت ، شەھەرمۇشەھەر كېزىپ ، جەبىر - جاپا ۋا-
دىلىرىدا يۈردۈم . ئاخىر ۋىسال بۇلىقىغا يەتتىم .

بېيىت

قولۇمغا يارىمنىڭ تەگسە ئېتىكى ،
بولاتتى ھاسىل كۆڭلۈم تىلىكى .

ئى شـەھرىـيـار ، تـا بىر ئايغىچە ئەما بوۋاينىڭ خىزمىتىدە بولدۇم .
ئانـدىـن سەپەرنى ئىختىيار ئەيلەپ ، ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلدىم . ئۇ مۇددىئا-
يـىـمـنـى پـەقـەت قـوبـۇل كـۆرمـىـدى . شـۇنداقتىمۇ مەقسەتتىن يالتايماي
چۈشەندۈرۈپ ئېيتتىم :
— ئادەمـنـىـڭ ئۆمرى بىۋاپادۇر ، سەن قېرىغان ، ئاجىز كىشىدۇر-
سـەن . بـۈگـۈن - ئەتـە يـوروۇق ئالـەم بـىلەن خوشلىشىشىڭ مۇمكىنكى ،
قـىـزىـڭ بـىرەر ناكەسنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ .
مـەسلـىـھـەت تەرىقىسىدە ماڭا كۆپ سۆزلەر قىلدىڭ ، تەنبىھلەر بەردىڭ .
مـەن ئول دىـلدارنىڭ ۋىسالى يولىدا ھەرقانداق بالاغا ئۇچرىساممۇ رىزادۇر-
مـەن . تـەلـىـپـىمنى ماقۇل كۆرۈپ مېنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلغايسەن .
ئەگەر سەنمۇ بىز بىلەن كەتسەڭ تېخىمۇ ياخشى .
— ئى يـىـگـىـت ، ئالدىرىماي تۇرساڭ ، بۈگۈن كېچە قىزىم بىلەن
مەسلىھەت قىلىپ ، ئەتە جاۋابىنى بەرسەك ، — دېدى ئۇ .
بۇ ئېپادىدىن خۇشال بولۇپ كارۋان سارايىغا قايتتىم .

نەزم

يارنىڭ ۋەسلى خۇسۇسىدا ئىشتىسە خەۋەر ،
خۇشاللىقتىن ئاشىق بېشى كۆككە يېتەر .

تـومـۇرۇمدا قانلار كۆۋەجەپ كېچىچە كۆز يۇممىدىم . ئەتىسى يەنە
بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ يالۋۇردۇم .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۇ ئېيتتى :

— تۇنۇگۇنكى سۆزلىرىڭ ھەقىقەتەن راستتۇر ، ئۆمرۈم ئاز قالدى . قىزىمنى ساڭا بەردىم . سىلەرنى خۇدايىتائالاغا تاپشۇردۇم . بىر شەرتىم باركى ، ئۇنى مەندىن يىراق قىلماسلىققا ۋەدە بەرگىن ، ئەھۋالىمدىن بىخەۋەر تۇرمىغايسىلەر . مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە بولسۇن .

ئى شەھرىيار ، مەن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ ، بىر مەزگىل ئۇنىڭ خىزمىتىنى جان ـ دىلىم بىلەن قىلدىم . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ كېسەل بولۇپ ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتتى . تېگىشلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ يەرلىكىدە قويدۇق . نەزىر ـ چىراغ ۋە قارىلىقى تۈگىگەندىن كېيىن ، قائىدە بويىچە مۇبارەك بىر رومال تەييارلاپ قىزنىڭ بېشىغا سېلىپ ھۇجرىغا ئېلىپ كەلدى . مەن يار ۋەسلىنى قۇچۇشقا ئالدىراپ ئۇل سەنەمگە تاشلىنىپ سۆيمەكچى بولغان ئىدىم ، مۇبارەك بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇ بىلمەيدىغان تىل بىلەن :

— ئى شاھزادە ، ھوشۇڭنى تېپىۋال . مالىك سادىققا بەرگەن ۋەدەڭ ۋە شەرتلەر ئېسىڭدە بولسۇنكى ، سەن خىيانەتكارلىق قىلىپ سۆيمەكچى بولۇۋاتىسەن ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش يىگىتنىڭ ئىشىدۇر ، — دېدى ئىستىھزا بىلەن ، — نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ، پۈتۈن تارتقان جەبىر ـ مۇشەققەتلىرىڭ يوققا چىقىدۇ .

بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ياش گۆھىرىنى كىرپىك ئۇشكىسى بىلەن تېشىپ ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتەنگەن ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدۇم :

مەن ئۇزاقلاردىن بۇيان تۇزانغا ئوخشاش يۈرىمەن ،
ئۆيمۇئۆيگە دوقۇرۇپ تارتقان جاپالار بەك تولا .
ئەي پەلەك ، قىلغىن تامام جەبىر ـ زۇلۇمنى ، ئەمدى بەس ،
قىلمىساڭمۇ ياخشىلىق ، قىلماي يامانلىق ھال سورا .

نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ۋىسال ماڭا نېسىپ بولۇر ،
ئاڭغىچە ھىجران ئوتىغا چىدىغاي قانداق يۈرەك ؟
بۇ قاباھەت دەملىرىگە بىر پاناھ تاپماق ئۈچۈن ،
جاننى تىكتىم مۇددىئاغا بولغۇسى ئاللا يۆلەك .

ئى شەھرىيار ، نەچچە كۈننى يىغا ـ زار ۋە ئەلەمدە پۇچىلىنىش بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ ، ئاخىر ئىلتىجالىق نەزەردە كۆڭۈل سىرىمنى ئۇ-نىڭغا ئېيتتىم . ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ « ئاھ » تارتقىنىچە دېدى :
ـــ ئى ئوغۇل ، ھوشۇڭنى تاپ ، ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ قارا كۈلاسىنى بېشىڭغا كىيمىگىن ، جان ـ دىلىمىز بىلەن بۇ قىزنى مالىك سادىقنىڭ ئالدىغا پاك پېتى ئاپىرىپ بەرگىنىمىز تۈزۈكتۇر !
بۇ سۆزلەر تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم . ئەمما كۆڭلۈم ۋىسال ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتاتتى . ئىشقىم ئەۋجىگە چىق-قانسېرى تاش يۈرەك زەڭگىنىڭ مېھرىسىزلىكى شىددەت بىلەن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى سەزدىم . ئاخىر ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ئۇ مېنى ئۇل نازىنىننىڭ دىدارىنى كۆرۈشتىنمۇ مەھرۇم قىلدى .

بېيىت
ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم جاھىل رەقىب مۇنداق ،
جاپا چەكتىم ۋىسال قۇچماي ئەجەب مۇنداق .

ھەرقانچە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئىلتىماس قىلساممۇ قارشىلىقتىن ئۆزگە ئىپادە كۆرمىدىم . ئۇ شۇنداق قاتتىقلىق قىلدىكى ، بۇ ھالدىن ئۇل ئاي يۈزلۈكمۇ ھەيران قالدى .
بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىغاندا ، مۇبارەك ئۈنىڭغا تەسەللى بېرىپ:
ـــ ئىنشائاللا ، چىن شەھىرىگە بارغاندا شەھەرنى ئالاھىدە تۈزەشتۈرۈپ زىننەتلەپ ، داغدۇغا بىلەن قائىدە ـ يوسۇنغا مۇۋاپىق توي قىلىپ بېرىمىز ، ـــ دېگەن گەپلەر ئارقىلىق بەزلەيتتى .


ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مۇبارەك تېزراق يولغا چىقىشقا ئالدىرىتاتتى . مەن بىر كۈنمۇ بولسا ئارقىغا سۈرەشكە تىرىشاتتىم . ئاخىر ئىلتىماس قىلىۋېرىشنىڭ يولى قال- مىدى ، مۇبارەككە گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتىم :

— بولدى ، پادىشاھلىقتىنمۇ ، تاغامنىڭ قىزىدىنمۇ كەچتىم . مەن مۇشۇ شەھەردە قېلىپ ، بۇ نازىنىن بىلەن ئۆتۈشكە رازى !

— بۇ مەردلىك ئەمەس ، — دېدى مۇبارەك ، — مالىك سادىق بۇ قىزدىن ھەرگىز كەچمەيدۇ . ئاخىر بىر ھىيلە بىلەن شەھىرىڭنى ئېلىپ ، ئەرەختەم - پەرەختەم قىلىۋېتىدۇ . بىزنى ھەم ئېغىر بالاغا گىرىپتار قىلى- دۇكى ، ئۇ چاغدا خۇدادىن ئۆزىمىزگە توختىماي ئۆلۈم تىلەشتىن بۆلەك چارىمىز قالمايدۇ . ياخشىسى ، ئىشقىۋازلىق نىيىتىڭدىن قول ئۈزگىن . يەنە بىر ئېھتىماللىقمۇ باركى ، مالىك سادىق سېنىڭ مەردلىكىڭدىن تەسىرلىنىپ ، بۇ قىزنى ساڭا بېرىۋەتىشىمۇ ئەجەب ئەمەس .

— ئى زالىم ! — دېدىم ئاچچىقىم چېكىگە يېتىپ ، — مالىك سا- دىق بۇ مەشۇقەدىن قاچان ۋاز كېچىدۇ ؟

— بىر نەرسىنى بىلىمەنكى ، مالىك سادىق ئۇنى كۆرسە قىزدىن نەپرەتلىنىدۇ .

— ئۇ قەيەردە ؟

— بىر نۆۋەت ئاتاڭ مېنى جىنلارنىڭ قېشىغا بىللە ئېلىپ بارغان ئىدى ، ئۇلار مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئازار بېرىپ ، ھەزىل - چاقچاق باھانىسى بىلەن كۆپ جاپا سالدى . ئاتاڭغا ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئېيتقان ئىدىم ، يەنە بىر نۆۋەت بارغىنىمىزدا ئۇ بىرنەچچە خىل نەرسىدىن ياسالغان ئالاھىدە ياغنى شېشىگە قاچىلاپ ماڭا بېرىپ : « بۇ ياغنى بەدى- نىڭگە سۈركىۋالغىن » دېدى . ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلغان ئىدىم ، جىنلار ياغنىڭ پۇرىقىدىن قورقۇپ يېقىن كېلەلمىدى . مەندە ئاشۇ ياغدىن ئازراق بار ، قىزغا سۈرتۈپ مالىك سادىقنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارساق ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ . ئاندىن ئىلتىماس قىلىپ ساڭا ئېلىپ بېرىمىز ، — دېدى مۇبارەك ۋە بۇ ھىيلە بىلەن مېنى رايىمدىن ياندۇردى .

شۇنداق قىلىپ، سەپەر جابدۇقنى جىددىي يۇتكۇزۇپ، ئۇ تەگداشسىز گۈزەللىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كېنىزەكتىن بىرنى سېتىۋالدۇق. مۇبارەك نەرسە - كېرەكلەرنى يۇكلەش ۋە مىنىش ئۈچۈن بىر ئات بىلەن ئىككى قېچىرنى تېپىپ كەلدى. يۇك - تاقنى ئارتىپ شەھەردىن چىقتۇق. ئۇ سەنەمنى قاتتىق قوغداپ كېچە - كۈندۈز توختىماي مېڭىپ، ئۈچ ئاي بولغاندا بىر لەنگەرگە يەتتۇق. كۇتۇلمىگەندە جىنلارنىڭ غوۋ-غاسى ئاڭلاندى. بۇ جىنلارنى مالىك سادىق بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەۋەتكەن ئىكەن.

جىنلار بىزنى چاقىرىپ:

— مالىك سادىق ئىنتىزارلىق تارتىۋاتىدۇ. رازى بولساڭلار، سىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا پاتراق ئېلىپ بارساق! — دېگەن ئىدى، مۇبارەك ئېيتتى:

— قىز سىلەرنى كۆرسە قورقۇپ كېتىدۇ!

ئاندىن جىنلار پەسكويغا چۈشۈپ: «ياخشىلىق قىلغان ئىكەن، ياخشىلققا ياخشىلىق!» دېيىشتى.

## جىن قولىدىكى قىز

شۇنداق قىلىپ، جىنلاردىن ئىككى - ئۈچى مالىك سادىققا خەۋەر يەتكۈزگىلى ماڭدى. قالغانلىرى دەشتۇچۆل قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما بۇ ئىشلاردىن قىز بىخەۋەر ئىدى.

بېيت

بولمىغايكى ھېچكىم مەندەك ھالى خاراب،
مۇپتىلا مەن قارا كۈنگە تارتىپ ئازاب.

قىزنىڭ بەدىنىگە ياغنى سۈرتۈشتىن ئاۋۋال مالىك سادىقنىڭ ۋە-



ئەۋلاد گۈزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قەسىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى لازىم تېپىپ ، ئەھۋالنى ئېيتقان ئىدۇق ، قىز ئاڭلاپلا كۆز يېشى قىلدى :

— ئى دوستلار ، ئۆز ۋەتىنىمدىن ئايرىپ جىنلارغا ئەسىر قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتامسىلەر ، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم ؟ پادىشاھنىڭ ئوغلى ئۆلگەن ھېلىقى كېچىسى ئۇلارغا قاراشقىمۇ تاقىتىم قالمىغان ئىدى . سىلەرنىڭ ئادەمگە رەھىمىڭلار كەلمەمدۇ ؟ شۇ تاپتا بىر خەنجەر بولغىنىدا ئۆزۈمنى ھالاك قىلىپ ، بۇ بالادىن بىراقلا خالاس بولاتتىم .

نەزم

ئالدامچىلىقتا پىر ئۇستاز سىلەر ،
ھىيلە ـ مىكىردە نەيرەڭۋاز سىلەر .

ئول كۈن ھەممىنى كۆرگەنمەن روشەن ،
ئىشەنسە بولماس پېتنىق ساز سىلەر .

چىقاردىڭلارمۇ خۇدانى ئەستىن ،
خەلقئالەمدىن ئۇياتمامسىلەر ؟

ئىنسانىنى جىنغا تۇتۇپ بەرسەڭلار ،
ۋىجدان ئالدىدا يۈز ساتمامسىلەر ؟!

نازىنىن سەنەم قانچە قىلسىمۇ بۇ تەقدىردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ، بەدىنىگە ياغنى سۈركىدى . بىر كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتتى . ئىككىنچى كۈنى كېچىسى مۇبارەك ئۇخلاپ قالغاندا ، شەپە چىقارماستىن ئاستا سەنەمنىڭ قېشىغا سۈرۈلدۈم ـ دە ، بېشىمنى ئايىغىغا قويۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم :

— ئى سەنەم ، قەسەم قىلىمەنكى ، مېنىڭ ئېتىقادىم بىلەن سۆزۈمدە يالغانچىلىق يوق . چۈنكى سېنىڭ سۈرىتىڭنى كۆرگىنىمدىلا

مېھرىنىڭ يۈرىكىمگە ئورناپ ، كۆڭلۈم ھاياتلىقتىن كېچىش دەرىجىسىگە يەتكەن ، دىدارلىششىش نېسىپ بولغاندىن بېرى سېنى جېنىمدىن ئەزىز بىلىپ كەلدىم !

مەسنەۋى

كىم بېرىدۇ ئۆز جېنىنى دۈشمەنگە ،
ئۆلتۈرمەكنى قەست ئەيلىگەن ئۆچمەنگە ؟

دۈشمىنىم تارتىپ سېنى ئالماقچىمىش ،
خوتۇن قىلىپ مەھكەم گىرە سالماقچىمىش .

كېچىلەر كۆز يۇممىدىم ئۇيقۇسىراپ ،
ھىجرىدىن زەھەر قۇيۇپ ئىچتىم شاراب .

نەچچە يىل سەرسان بولۇپ تاغلاردا مەن ،
ئاختۇرۇپ بۇلبۇل كەبى باغلاردا مەن ؛

ئى خۇدا ، تاپتىم ئاخىر مەن بىر نىگار ،
رەھىمىڭ بىلە ئۆلۈمنى سەن قىلغىن بىكار .

ساقلا توپاننىڭ بالاسى زەخمىدىن ،
جىن - شاياتۇن ھىيلىگەرنىڭ مىكرىدىن .

نالە - پىغانلىق ئۆتۈنۈشلىرىم ئول سەنەمنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتتى بولغاي ، ئۇ ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، مۇشۇنداق بالالار پېيىمىزگە چۈشكەن تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدەپ بۇ شەھەرگە كېلىمىز ؟

— بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار، — دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ،— بىرى : پېشانىمىز شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ؛ يەنە بىرى : مالىك سادىق



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

ھېيلە ئىشلەتكەن. ئۇ خەۋەر تېپىپ قالسا ھەممىمىزنى ھالاك قىلى-
ىشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا، ئامان - ئېسەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇدادىن ئۈمىد
كۈتۈپ تۇرايلى، — دېدى قىز، — ئەمما مەن كۆڭلۈمنى ساڭا باغلىدىم،
ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلمىغايسەن. بۇ سۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالمىغايسەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىتاقەتلىكىم ئېشىپ، زار - زار يىغلاپ
بۇ بېيىتنى ئوقۇدۇم:

بېيىت

جىسمىم قاچانكى لەھەتكە كىرگەي،
شۇندىلا سەندىن مېھرىم ئۈزۈلگەي.

ئىككىمىز چىڭگىللىكتەك بىر - بىرىمىزگە چىرمىشىپ بىھوش
بولدۇق. ھوشىمىزغا كەلگەندە جىنلارنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمىزغا كىردى.
چېدىردىن تاشقىرىغا چىقىپ كۆردۇقكى، جىنلار جامائەسىدىن نەچچىسى
ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار مەرۋايىتتىن ياسالغان بىر مەپىنى ئالاھىدە
زىننەتلەپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. مەپىگە سەنەمنى، يەنە بىر تەختكە
مۇبارەك ئىككىمىزنى ئولتۇرغۇزۇپ مالىك سادىقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.
ئۇ بىزگە ھۆرمەت - ئېھتىرام بەجا كەلتۈرۈپ ھەم كۆپ تەھسىنلەر
ئېيتىپ. ئاندىن سەنەمنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەرەم تەرەپكە ماڭدى.

ئۇ، سەنەمگە يېقىنلاپ سېسىق پۇراقنى سېزىپ، غەزەپتىن پېشا-
نىسىدىن تەر ئۆرلىدى، رەڭگىرويى ئۆچۈپ، كۆزلىرى ۋال - ۋۇل يېنىپ
بىزنى چاقىردى.

— ئى قېرى رەڭگى! — دېدى ئۇ جاقىلداپ تىترەپ مۇبارەككە، —
باھانە كۆرسەتمەسلىككە ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە خىيانەت
قىلدىڭمۇ؟ بۇ سېسىق پۇراق نەدىن كەلدى؟ بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟

مۇبارەك دەرھال ئىشتىنىنىڭ بېغىنى يېشىپ ئىللىتىنى كۆرسىتىپ:

— مەندىن خىيانەت ئۆتۈلگىنى يوق . ئول كۈنى سەن خىزمەتكە بۇيرۇغاندىلا ئەرلىك ئىللىتىمنى خەزىنىچىگە ھاۋالە قىلىپ ، جاراھىتىمگە «مەلھەمى سۇلايمان »دىن ئازراق سۈر-كەنگەن ئىدىم ، — دېدى ، ئاندىن ماڭا چالۋاقىدى ، — ئى بىلمىسىز يارىماس ، بىلدىمكى ، بۇ سېنىڭ ئىشىڭدۇر !

مەن قىزنى چەكسىز ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن شۇنداق جا-سارەت - غەيرەتكە كەلدىمكى ، ئۆزۈمنى تۇتالماستىن مۇبارەكنىڭ بېلىدىكى خەنجەرنى تارتىپ ئېلىپلا يۈگۈرۈپ بارغىنىمچە مالىك سادىققا سالدىم . ئارقىدىنلا ئىككى پەشۋا ئۇرغان ئىدىم ، ئۇ يىقىلدى ، تىنىقلىرىنىڭ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ ، « ئۆلگەن ئوخشايدۇ ، ئەجەبا تۇ-زۇك جان تالاشمايلا ئۆلۈپ قالارمۇ ؟ » دېگەننى خىيال قىلىپ تۇرسام ، ئۇ ئاستا - ئاستا كىچىكلەپ ياڭاقتەك ھالغا كېلىپ ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى . ئارقىدىنلا ئېگىزدىن بوراندەك ئۇچۇپ كېلىپ كۆكرىكىمگە بىرنى تەپكەن ئىدى ، چەيلەنگەن مايسىدەك يەرگە چاپلىشىپ كەتتىم . ئۆلۈك - تىرىكلىكىمنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا ھو-شۇمغا كەلسەم بىر باياۋاندا يېتىپتىمەن . بۇ يەردە بىپايان چۆللۈكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . تەقدىرىمگە ئاھ ئۇرۇپ ، ھەسرەت - نادامەتلەر چەكتىم ، قىلغان ئىشىمغا قاتتىق پۇشايمانلار يېدىم ، لېكىن ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى ، سېھىرلەنگەن « ئىشىك »مۇ ئېچىلمىدى . مەجنۇندەك چۆل - دەشتلەردە تېنەپ - تەمتىرەپ ، يېمەك - ئىچمەك ، ئۇيقۇ - ئارام دېگەننى كۆرمەي ، بېشىم قايغان ، پۇتۇم تايغان تەرەپكە كېتىۋەردىم . ئۇچرىغانلا ئادەمزاتتىن مالىك سادىقنىڭ تۇرار جا-يىنى سورايتتىم . ئۇلار بىردەك بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى . ئاخىر ھىجران دەشتىدە ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ، تىرىكلىكتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ : « ئالدىمدىكى تاغقا چىقىپ ئۆزۈمنى تاشلاپ ، دەرد - ئەلەمدىن بىر يولى خالاس تاپاي » دېگەن نىيەت بىلەن مەنزىلگە يەتسەم ، ئۇ سى-لەرمۇ بېرىپ بىر زاھىتنىڭ ئىشارىسى بىلەن بۇ تەرەپكە ماڭغان تاغنىڭ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۆزى ئىكەن . خۇلاسە كالام شۇكى ، بابا يارەنلىرىم سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك مېنىمۇ ھېلىقى زاھىت مۇشۇ ياققا ئەۋەتىپ : «سېنىڭ مەقسىتىڭمۇ شۇ يەردە ھاسىل تاپىدۇ » دېگەن ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، ھەممىمىز كۆڭلىمىزنى قادىر ئاللانىڭ شەپقىتىگە باغلاپ مۇرادد-مىزنى تىلەپ تۇرۇپتىمىز .

نەزم

خۇدا ، سېنىڭ دەرگاھىڭغا يۈز تۇتتۇق ،
ئۈمىد بىلەن كېلىپ سۆھبەت قۇرۇشتۇق .
يەتكۈز بىزنى ئىزدەپ يۈرگەن ۋىسالغا ،
شەپقىتىڭگە تەلمۈرگەنچە تۇرۇشتۇق .

دەرۋىشلەر دۇئا قىلىپ ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈشنى ئاللادىن تىلەشتى . سۇلتان ئازادە بەختمۇ دەرۋىشلەردىن دۇئا تىلىگەن ئىدى ، دەرۋىشلەر ئۇنىڭ ئارزۇ ـ بەختىگە دۇئا قىلدى .



## يەتتىنچى باب

# مالىك شاھباز ھېكايىسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، دەرۋىشلەرنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، مەقسەت ئوقى ئۆز نىشانىغا تەگدى. پادىشاھنىڭ ھەرەمخانىسىدا خۇشاللىق تەنتەنىسى ئەۋجىگە چىقتى. مۇلازىملار ئوردىغا يۈگۈرۈپ پەرزەنت خەۋىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزدى.

رۇبائىي

پادىشاھ، دۆلىتىڭ زىيادىدۇر،
تا قىيامەت شۆھرىتىڭ قىيادىدۇر.
دوستلىرىڭ ياخشىلىقىڭدىن بەھرىمەن،
دۈشمىنىڭ مەغلۇپ، قىيا - چىيادىدۇر.

مەسنەۋى

خۇدايا، شاھ «گۆھەر» تاپتى،
خەۋەرچى ئوردىغا چاپتى.

تەختىن چاقىندى ئاپتاپ،
جاھاننى يورۇتۇپ شۇتاپ.

جامالىنى كۆرۈپ نۇرلۇق،
قەسرنى قاپلىدى خۇشلۇق.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ئازادە بەخت خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپ، ھوشىغا كەلگەندە سورىدى:

— خوتۇنلىرىمدىن ھېچبىرى ھامىلدار ئەمەس ئىدى، ماڭا ئۇ پەرزەنت قانداق ئاتا بولدى؟

ئۇلار ئېيتتى:

— خوتۇنلىرىدىن بىرسىگە ئۇزاقتىن بۇيان غەزەپ قىلىپ كەلگەن ئىدىلە. ئۇ بىچارە قورقۇپ بىر خىلۋەتتە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىدى. باشقىلارمۇ غەزەپلىرىگە ئۇچراشتىن خەۋپسىرەپ شاھ ئايالى قاتارىدا مۇئامىلە قىلالمىغان ئىدى. لېكىن خىزمەتكارلار ئانچە-مۇنچە ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى «ئوغۇل تۇغارمىكىن» دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئۇ دېگەندەك بىر ئوغۇل پەرزەنت تەۋەللۇت قىلدى.

پادىشاھ يالىڭاياغ-يالاڭۋاش پېتى ھەرەمخانىغا يۈگۈردى. بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى ۋە بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم

شۈكۈركى ئاللاغا، بەختىيار بولدۇم،
مەقسەتنىڭ يولىدا خىزمەتكار بولدۇم.
دەرۋىشكە سەدىقە ئەكەلگىن، غۇلام،
ئوغلۇمغا ئۇنىڭدىن نام سورار بولدۇم.

دەرۋىشلەر بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ، شاھزادىگە «بەختىيار» دەپ ئات قويىدى. ئاندىن دەرۋىشلەر ۋە خاس مۇلازىملار شادلىققا چۆمۈپ، غەمدىن خالاس بولدى. بوۋاقنى ھەممەيلەن بىر-بىرلەپ قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ، ئاخىرىدا پادىشاھقا بەردى. پادىشاھ بوۋاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ئۆز قولى بىلەن ئىنىكئانىلارغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئوردىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئوردا ئەھلىنى كېڭەشكە چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىپ، خەلقنىڭ ئۈچ يىللىق باج-سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلدى، زىندانىدىكى گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. تۇتقۇنلارنى

ئازاد قىلىپ ، ساۋابلىق خەزىنىسىنىڭ ئىشكىنى ئاچتى . دەرۋىشلەر ۋە نامرات - يوقسۇللارغا خەير - ئېھسان ئالقىنىنى يايدى . ياخشىلىق داستىخىنىنى تەييارلاپ شاھانە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ ، سورۇنىنى ئەمدىلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋاتقاندا ھەرەمخانا ھويلىسى تەرەپتىن يىغا - زار ئاڭلاندى . پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر ئېسەنكىرەپ نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي ، ھەرەم خادىملىرىنى چاقىرتقۇزۇپ كەلدى .

ئۇلار دېيىشتى :

— بالىنى تەربىيچىلەر يۇيۇپ يېپەك يۆگەككە يۆگەپ ، ئانىسى-نىڭ قوينىغا ئەمدىلا ياتقۇزۇپ تۇرغان ئىدى ، تۇيۇقسىز ھاۋادىن بىر پارچە قارا بۇلۇت چۈشۈپ ، بوۋاق بىلەن ئانىسىنى قورشىۋالدى . بۇلۇت غايىب بولۇپ قاراڭغۇلۇق تۈگىگەندە قارىساق ، ئانىسى ھوشىدىن كېتىپتۇ ، بالا يوق تۇرىدۇ .

پادىشاھ يارەنلىرى بىلەن بۇ ھادىسىگە ھەيران بولۇپ ، يىغلاپ ئولتۇرۇشتىن ئۆزگە ئامال قىلالمىدى ، خۇشاللىق ئىشىكلىرى تاقالدى . دەرۋىشلەرمۇ بېشىنى جەندىسىنىڭ ئىچىگە تىقىشىپ ، دەرد - ئەلەمدىن چاك كەتكەن يۈرەكلىرىدىن ئاھ ئۇرماقتا ئىدى . خەلق كۈتۈلمىگەن بۇ ۋەقەدىن ھەيرانلىق قاينىمىغا چۆمۈپ ، پادىشاھنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرۇپ نىجاتلىق تىلەپ ، ئاللاغا ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى . ھەممەيلەن بالىنىڭ خەۋپتىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ قېلىشىنى خۇدايىتائالادىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتۈشەتتى .

ئىككى كۈندىن كېيىن ، بوۋاق رەڭگارەڭ جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن بۆشۈككە بۆلەنگەن ھالدا پەيدا بولۇپ قالدى . بۇنىڭ بىلەن ئوردىنى ئىككىنچى قېتىم شادلىق قاپلاپ ، خەلق كۆڭلى ئەمىن تاپتى . لېكىن بۇ سىرنىڭ تېگىگە ھېچكىم يېتەلمىدى . پادىشاھ دەرۋىشلەر ئۈچۈن مەخسۇس ئىستىقامەتخانا بىنا قىلدى ۋە ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان ئورۇننى بېكىتىپ ، كۈندە سالامدىن كېيىن ئۇ يەرگە بېرىپ دەرۋىشلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇردى .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شاھزادە ھەر ئايدا بىر نۆۋەت ئىككى كۈن غايىب بولاتتى ، يەنە يىگى كىيىم ـ كېچەك ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغاتلار بىلەن ئەكىلىپ قويۇلاتتى . ئۇنى كۆرگەن ئادەملىك كۆزلىرى چاقناپ كېتەتتى . بۇ ئىش شاھزادە يەتتە ياشقا كىرگۈچە شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتى . پادىشاھ دەرۋىشلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شۇنداق مەزمۇندا بىر پارچە ئەرز يازدى :

« سالامدىن كېيىن ئۆمىدىمىز مەلۇم بولغايكى ، ھەرقايسىلىرىنىڭ تېگىشلىك خىزمەتلىرىنى قىلىپ ئېھسانلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغىنىمىزدىن كۆپ مەيۇسلىنىپ ، مەقسەت مەنزىلىنى تېپىش ئۆمىدىدە ئاستانەڭلەرگە بۇ ئەرزنى يازدۇق . بىزنى بۇ ھەيرانلىقتىن قۇتۇلدۇررۇپ ، ئوتتۇرىمىزدا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىڭلاردىن مەلۇمات بەرگەيسىلەر .

مىسرا

ئول قۇياش بۇلاق بېشىدىن جۇرئەت ئالۇر ئاررۇيىغا .

ئەگەر قوپاللىق قىلىپ قويغان بولساق ، ئەپۇ ئېتىشىڭلارنى تىلەيمىز » .

شاھزادە غايىب بولىدىغان كۈن يېتىپ كېلىشى بىلەن پادىشاھ بۇ خەتنى ئۇنىڭ قوينىغا سېلىپ قويدى ـ دە ، ئىنتىزارلىق ئىلكىدە جاۋاب كۈتتى .

شاھزادە غايىب بولغان كېچىسى ئازادە بەخت دەرۋىشلەر بىلەن ھەمسۆھبەتكە مەشغۇل بولۇپ ئولتۇراتتى ، تۇيۇقسىز بىر پارچە خەت ئېتەكىگە چۈشتى . ئۇنى ئېچىپ ئوقۇغان ئىدى ، ھېلىقى ئەرزنىڭ ئارقىسىغا :

« ئى ئازادە بەخت ، بىزنىڭ مۇلازىمىتىمىزنى قوبۇل تۇتۇپ ئەرز يازغان ئىكەنسىز . شاھزادە بىزگىمۇ ئوخشاش پەرزەنت بولغاچقا ، ئەرزىڭىزنى توغرا تاپتۇق . بىرنەچچەيلەننى ئالدىڭلارغا ئەۋەتتۇق . مەجلىسىمىز

بار ئىدى ، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتىمىز ، دەرۋىشلەرنى ئېلىپ تېز كەلگەيسىز » دەپ يېزىپتۇ .

پادىشاھ ۋە دەرۋىشلەر خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالدا تۇراتتى ، تۇيۇقسىز 4 — 5 مەخلۇق پەيدا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ياقىلىرىدىن تۇتۇپ يۇقىرىغا تارتقان ئىدى ، شۇئان ھەممىسى ھوشىدىن كەتتى . ئۇلار ھوشىغا كەلگەندە بىر جاينى كۆردىكى ، ئۆمرىدە چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىدى .

مەسنەۋى

ھېچكىم كۆرمىگەن بۇنداق ماكاننى ،
خۇش ھاۋالىقتا جەننەت ـ رىزۋاننى .

ئېچىلىپ تۇرغان ئەتىر ـ رەيھانى ،
يېقىملىق كۈيدە قۇشلار زۇۋانى .

باغقا تارقىتار خۇش ھىد قىزىلگۈل ،
شېخىغا قونۇپ سايرايدۇ بۇلبۇل .

ئايىنىغان كۆچەت مېۋە بىلەن پۇر ① ،
نە مېۋىدۇر ئۇ ، گۆھەر بىلەن دۇر .

ئېرىق بويىدا ئۆسكەندۇر سەرۋى ،
شەنىنى كۈيلەر خىزىر شېئىرى .

قىسمەتلىرىكى ھەمىشە گۇ ـ گۇ ،
شەيدالىق ئېچرە ئوقۇيتتى ياھۇ .

باغنىڭ ئەتراپى تامام گۈلىستان ،
غوۋغالەر سالۇر ھىزارى داستان ② .

---

① پۇر — تولغان

② ھىزار داستان — بۇلبۇل



ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

باغى ئېرەمدىن نىشانىدۇر بۇ ،
ئالەمدە قىزىق ئەپسانىدۇر بۇ .

ئازادە بەخت بىلەن دەرۋىشلەر بۇ گۈزەل ماكانىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى .

بۇ پەرىلەرنىڭ شەھىرى بولۇپ ، پادىشاھى مالىك شاھباز ئىدى . شاھزادىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكە ئەمىر قىلغانمۇ ، ئازادە بەختكە جاۋاب خەت ئەۋەتىپ كەلتۈرگەنمۇ شۇ ئىدى . ئازادەبەخت بىلەن دەرۋىشلەر ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان جايغا ئورۇنلىشىپ ئارام - زامانىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ، مالىك شاھباز ئازادەبەختنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ سوئال سورىدى . ئازادەبەخت ئۆز كەچۈرمىشى ۋە دەرۋىشلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ پەرزەنت ئوتىدا يېنىپ گۈمبەزگە بارغىنىدىن تارتىپ بالىنىڭ تۇغۇلۇش ۋە يوقاپ كېتىش جەريانلىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى يوشۇرمىدى .

مالىك شاھباز ئۇنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئېرىپ ، ياردەم بېرىش نىيىتىدە شۇنداق پەرمان چىقاردى : «دىۋە - ئەفرىتلەر ، جىن - پەرىزاتلار ، كائىناتنى ئەركىن كېزىپ يۈرگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى ھەرقانداق شەھەر ، دەشتۇسەھرا ، ئېقىن - دەريالارنى بېسىپ ياتقان بولسا دەرھال ھۇزۇرۇمغا ھازىر بولسۇن ! ئەگەر ئۇلار ئادەمزات تۇتقۇن قىلىۋالغان بولسا بىرگە ئېلىپ كەلسۇن . ھەزرىتى سۇلايماننىڭ نايىبى مالىك شاھبازنىڭ بۇ پەرمانىدىن باش تارتقانلار قاتتىق تەنبىھ ۋە سىياسەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ » .

دىۋە - ئەفرىتلەر ، جىن - پەرىلەر پەرماننى ئاڭلاپ دەرھال ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى - دە ، مالىك شاھباز ھۇزۇرىغا راۋان بولدى . مالىك شاھباز بۇ چاغدا ئازادەبەخت ھەم دەرۋىشلەر ۋە ئۆز دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت قىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئېيتتى :

— مەن جانابىي ئاللا سۇبھانەۋەتائالا ئىگەمدىن بىر پەرزەنت ئاتا

قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇد ئاپىرىدىسى مەلۇم بولغاندا خۇشاللىقىمدىن: «ئەگەر بۇ پەرزەنت خاھى ئوغۇل، خاھى قىز بولسۇن ئادەمزات نەسلىدىن بىر كۈندە تۇغۇلغۇچىغا جۇپ قىلىمەن» دېگەن ئىدىم. بالام قىز تۇغۇلۇۋىدى، قول ئاستىمدىكىلەرنى ئالەمنىڭ قەيىرىدە «شۇ سائەتتە تۇغۇلغان ئوغۇل بالا بولسا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئەۋەتسەم، تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ قىزىم بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا تۇغۇلغان شاھزادىسىنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. خۇدايىتائالا ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى كۆڭلۈمگە سالدىكى، ئۆز پۇش-تۇمدىن تۆرەلگەن قىزىم بىلەن ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياخشى كۆرۈپ، پەرىزات ۋە ئىنسكئانىلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇردۇم، شۇندىن بۇيان ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېلىپ كېلىپ ئېمىتىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋا-تىمەن. چەكسىز ئامراقلىقىمدىن سورىغانلارغا «ئوغلۇم» دەيمەن.

ئازادە بەخت بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ مالىك شاھبازغا ھەشقاللا ئېيتتى.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە مالىك پادىشاھنىڭ پەرمانىغا ئاسا-سەن خەۋەر يەتكەن جىن - پەرى، دىۋە - ئەفرىتلەرنىڭ ھەممىسى (پادىشاھ - ئۇلۇغلىرىمۇ قالماي) گۈلىستان ئېرەم ۋە شەھىرى بىللۇرغا ھازىر بولدى. مالىك شاھباز ئۇلارغا ئاتاپ زىياپەت راسلاتقۇزدى. زىياپەت ئۈستىدە مالىك سادىقتىن ھېلىقى تەگدىشى يوق نازىنىننى سۈرۈشتۈردى. مالىك سادىق ناھايىتى تەسلىكتە قىزنى تاپشۇردى. قىسمىزنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە دېيىلگەندەك جىنلار پادى-شاھى مالىك ئومماننىڭ قىزىغا نەمرۇز ۋىلايىتى پادىشاھىنىڭ ئوغلى —— كالا مىنگەن يىگىت ئاشىق گىرىپتار ئىدى، ئۇ قىزنى ئەفرىتلەر سېھىر بى-لەن ئۇخلىتىپ، يىگىتنى ساراڭ سىياقىدا قىلىپ قويغان ئىدى، مالىك شاھبازنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ قىلغان سېھىرلىرىنى ياندۇ-رۇشتى. بۇ بىر جۇپ ئاشىق - مەشۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، مالىك شاھباز يەنە فەرەڭ پادىشاھىنىڭ قىزى بىلەن بەھزادخاننىڭ ئىشىنى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سۇرۇشتۇرگەن ئىدى ، قۇلزەم جىنلىرىنىڭ پادىشاھى يەرگە قاراپ تۇ-رۇۋالدى . مالىك شاھباز ئۇنى تازا قىستاۋەرگەچكە ئامالسىز ئېيتتى :

— ئول كۈنى ئەجەم پادىشاھى ئوغلىنى قارشى ئالغىلى دەريا بويىغا كەلگەندە مەنمۇ تاماشا قىلىش ئۈچۈن بارغان ئىدىم . قىزنى كۆرۈپلا ئاشىق بىقارار بولدۇم - دە ، ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ سۇغا ئەكىرىپ كەتتىم . بەھزادخان مەشۇقىنى قۇتقۇلدۇرماقچى ئېتىنى سۇغا سالدى ، ئۇنىڭ مەرد - مەردانىلىكىنى كۆرۈپ غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالدىم . ئۇلار ھازىر ھۇزۇرۇمدىدۇر .

مالىك شاھباز پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇلارنىمۇ ئەكەلدۈردى . ئاندىن شام پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ دېرىكىنى قىلغان ئىدى،دىۋە - پەرى،جىن - ئەفرىتلەرنىڭ ھەممىسى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى .

مالىك شاھباز ئۇلاردىن سورىدى :

— دىۋە - پەرى ، جىن - ئەفرىت پادىشاھلىرىدىن بۇ يەرگە كەل-مىگەنلەر بارمۇ ؟

— مەسەلسەل جادۇ ئىسىملىك بىرسى كەلمىدى . ئۇ جادۇگەرلىك ئىلمىدا يېگانىدۇر ، تاغنىڭ ئۈستىگە سېھىر بىلەن بىر قەلئە بىنا قىلىپ ماكانلىشىۋالغان بولۇپ ، ھېچكىم بىلەن دوستلۇق ، ئالغۇ - بەرگۈ مۇناسىۋىتى يوقتۇر .

مالىك شاھباز دىۋىلەر پادىشاھىغا ئەمىر قىلىپ ، مەسەلسەل جادۇنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . دىۋىلەر شاھى مەسەلسەل جادۇنى نەچچە كېچە - كۈندۈزگە سوزۇلغان جەڭ ئارقىلىق ئاخىر ئەسىر ئېلىپ ، بارلىق خەزىنىلىرى ، شۇنداقلا شام پادىشاھىنىڭ قىزىنى قوشۇپ قايتۇرۇپ كەلدى . ئارقىدىن مالىك شاھباز يەنە چىن ماچىن پادىشاھىنىڭ قىزى بى-لەن تاغسىنى ئەكەلدۈردى . ئاخىرىدا بەسرەدىكى ساخاۋەتلىك مەلىكىنى ۋە نەمرۇز شەھىرىنىڭ شاھزادىسى — كالا مىنگەن يىگىتنىڭ سىڭلىسىنى بەھزادخان بىلەن ئېلىپ كېلىشتى .

ئاندىن مالىك شاھباز ئەمىر قىلىپ ئېيتتى :

— بۇ مەجلىسكە پادىشاھ ئازادە بەخت بىلەن دەرۋىشلەرنى چاقىرىپ كىرىڭلار !

ئۇلار شۇئان ھازىر بولدى .

مەجلىس ئەھلى ئىچىدە ئادەمزات نەسلىدىن بولغانلار بىر - بىرىنى كۆرسىمۇ ، جىن - پەرى ، دىۋە - ئەفرىتلەرنى كۆرەلمەيتتى . مالىك شاھ- باز خەزىنىدىن « سۇرمەئى سۇلايمان »نى ئەكەلدۈرۈپ ئۇلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق سۈركىگەن ئىدى ، شۇئان كۆزلىرى روشەنلىشىپ ھەيۋەتلىك جىن - پەرى پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى . ئاندىن مالىك شاھباز ئۇلارنى ئۆز بوۋىسى شاھروھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلدى . پادىشاھ ئازادەبەخت بىلەن دەرۋىشلەر ۋە جىن - پەرى ، دىۋە - ئەفرىتلەر پادىشاھلىرى باغ ئارىلاپ مېڭىپ ، ھەشەمەتلىك بىر ئوردىغا داخىل بولدىكى ، ئالەمدە تەڭدىشى تېپىلمايتتى .

نەزم

خىشلىرى كۇمۇشتىن ، سۇۋىقى ئالتۇن ،
تام - تورۇس جۇلاسى چاچاتتى يالقۇن .

مىخلىرى لەئلىدىن ، تۈۋرۈكى مەرمەر ،
قىش — ئاياز ئىسسىق ، ياز كۈنى سالقىن .

سايە چۈشۈرگەن سەرۋىلەر ھاي - ھاي ،
بەكمۇ پىنھاندۇر بۇ خۇش ھاۋا جاي !

ئوردا ئوتتۇرىسىغا ئالتۇندىن ياسالغان بەھەيۋەت بىر تەخت قويۇلغان بولۇپ ، ئۇستىدە مالىك شاھباز ئولتۇراتتى ، ئەتراپىدا 6 — 7 پەرىزات شاھزادە بەختىيارنىڭ شادلىقىنى كۆزلەپ نەغمە - ناۋا قىلىشماقتا ئىدى . ئازادە بەخت ۋە دەرۋىشلەر مالىك شاھبازنىڭ بۇ ياخشىلىقىدىن خۇرسەن بولدى . مالىك شاھباز ئۇلارغا ئىززەت كۆرسىتىپ ، ئالتۇن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تەختلەردىن ئورۇن بەردى .

ئەتىسى كاتتا توي ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئەرلەر ئەرلەر بىلەن ، ئاياللار ئاياللار بىلەن ئولتۇرۇپ بەزمىگە ئىشتراك قىلدى . ئاندىن مالىك شاھباز قىزنى شاھزادە بەختىيارغا نىكاھلاپ قويدى . شام پادىشاھىنىڭ قىزى بىرىنچى دەرۋىش — يەمەنلىك سودىگەرنىڭ ئوغلىغا ، پەرەڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىككىنچى دەرۋىش — ئەجەم شاھزادىسىگە ، بەسرەلىك ساخاۋەتچى مەلىكە ئۈچىنچى دەرۋىش — پارس پادىشاھىغا ، مالىك سادىق ئىگىلىۋالغان تەڭدىشى يوق نازىنىن تۆتىنچى دەرۋىش — چىن پادىشاھىنىڭ شاھزادىسىگە نىكاھلاندى . چىن پادىشاھىنىڭ قىزىنى مالىك سادىق ، مالىك ئوممانىنىڭ قىزىنى كاللامىنگەن يىگىت ، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى بولسا بەھزادخان نىكاھىغا ئېلىپ ، توي بەزمىسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى .

ئاخىرىدا مالىك شاھباز ھەممەيلەنگە تېگىشلىك ئىنئاملار بېرىپ ، دەرۋازىۋەن جىنلارغا ئۇلارنى ئۆز ۋىلايەتلىرىگە يولغا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى . شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ، سەلتەنەت تەختلىرىگە قايتىدىن ئولتۇرۇشتى . تۆتىنچى « دەرۋىش »مۇ چىن ماچىنغا سالامەت قايتىپ ، مەملىكىتىنى ئۆز قولىغا ئالدى ، مۇبارەك ۋەزىر بولدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتتى . بەھزادخان مالىك شاھبازنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئازادەبەخت ۋە بەختىيارشاھنىڭ خىزمىتىدە سىپاھ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ دۆلەت سايىسىدا ئۆمرىنى دوستلۇق - ئۈلپەتچىلىك ، راھەت - پاراغەت ، ئاسايىشلىق بىلەن ئۆتكۈزدى .

— [illegible]



这是一部很有趣的传奇故事，经过多种形象揭示人生道路上善与恶之间的较量。

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

جاۋابكار مۇھەررىرى : تۇردى يامغۇر
جاۋابكار كوررېكتورى : ئايشەم ئابدۇۋەلى
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى : غولام ئەبەيدۇللا

# تەنبىھات دەرۋىشىيە

ئاپتورى : ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋىي
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ،پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مم 32 / 1
باسما تاۋىقى : 9.625 قىستۇرما ۋارىقى : 1
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5110 —— 1

ISBN7 — 5373 — 0790 — 3/I. 220
باھاسى : 13.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن
خەتنى يازغۇچى : قۇربانجان روزى شەيدائىي

ISBN 7-5373-0790-3
9 787537 307901 >

ISBN7 — 5373 — 0790 — 3
I·220 (民文) باھاسى : 13.50 يۈەن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى